شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىجتىمائىي پەن بويىچە
مۇنەۋۋەر بولۇپ باھالانغان ژۇرنال

# تەڭرىتاغ

21 ـ ئەسىر ۋە ئۇيغۇر سودىگەرلىرى

393000 يۈەن ئالداپچىلىق، ئۇزۇنغا سوزۇلغان دەۋا

بارلىقىمنى يادىڭغا ئوقۇيا

يىلان يىللىق قىز

لۈكچەك

1

1999

TANGRITAG


ISSN 1004-1745

9 771004 174004 01

# ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا- سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى **يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك بۆلۈمى**



▲ بۆلۈم باشلىقى ياشار ھاجىياقۇپ خىزمەت ئۈستىدە





ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك بۆلۈمى دۆلەت، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرىنىڭ باشلامچىلىقى، ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ياردەم قوللىشى ئاستىدا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «بىرىنچىدىن چۈشەندۈرۈش، ئىككىنچىدىن ھىمايە قىلىش، ئۈچىنچىدىن باشقۇرۇش، تۆتىنچىدىن يېتەكلەش ياردەملىشىش، بەشىنچىدىن ئىلگىرى سۈرۈش» دەك خىزمەت يولى ۋە نىشانىدا ئەزمەنلىي چىڭ تۇرۇپ، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، ئىلمىي ئازاد قىلىپ، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ، بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېرىش ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەھىرى يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرەققىي [illegible] يۈرۈشلىك [illegible]

[illegible] قېتىم دۆلەت سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن «ئىلغار ئورۇن»، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن «يەككە سودا - سانائەتچىلەر، خۇسۇسىي كارخانىلار رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن»، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مال باھا ئىدارىسى تەرىپىدىن «ھەق ئېلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالاندى.

# تەڭرىتاغ

1

1999

# TANGRITAG

باش مۇھەررىر: ھەبىبۇللا مۇھەممەت

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا

## تەھرىر ھەيئەتلەر

تۇرسۇن توختى، ئىمىن ئەھمىدى، ئازات سۇلتان، بوغدا ئابدۇللا، ماخمۇتجان ئىسلام، مۇختار مەخسۇت، تۇردى ھاشىم، غوپۇر نۇر، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ھەبىبۇللا ئىلياس، زوردۇللا سوپىيۇپ، ھەبىبۇللا مۇھەممەت، پولات ھېۋزۇللا، ئەركىن نۇر، ھەبىبۇللا سادىر، ئەكبەر ئىلى

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىن نۇر
مۇھەررىرلەر: ئەكبەر سالىھ
سەنەۋەر ئۆمەر
گالىم خالىدىن
مەسئۇل كوررېكتور
ماشىنىست: خەلچەم ئابلىمىت
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئەكبەر سالىھ

(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

## ماقالىلەر

ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا مۇناسىپ هەسسە قوشايلى............................ رىشات ئىنايىتۇللا 4
ئەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى ئىنسان قارىشى توغرىسىدا .............. هۆرمەتجان ئابدۇراخمان 80

## ئەدەبىي ئاخباراتلار

21 ـ ئەسىر ۋە ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ...................................
........................ پولات هېۋزۇللا، ۋەلى كېرىم، ئەركىن نۇر، ئىمىر هەسەن 11
393000 يۈەن، ئالدامچىلىق، ئۆزىنىغا سوزۇلغان دەۋا ....................................
........................ ئەكبەر سالىھ، مۇھەممەدسالىھ مەترۇزى 25
ئاشىق ۋە قاتىل.............................. ئەخمەت بارات 97

## پوۋېست

يىلان يىللىق قىز............................... هۇسەيىن تاش 47

**دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت**

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تەرىپىدىن چىقىرىلىدۇ
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلىدۇ
ئادرېسى: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16-نومۇر
تېلېفون: 2818897، 2819490 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى
چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782-خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
CN65 —1012 /1
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 _ 52
پارچە سېتىلىشى: 4.40 يۈەن

1999/1
ئومۇمىي 72 - سان

# مۇندەرىجە

## شېئىرلار

چۈشەپ باق دۇنيانى بىر ئۆزۈڭ ئۈچۈن ........ ئالىمجان ئازات 45
لۈكچەك ........ جېلىل خېلىل 76

## ھېكايىلەر

ھەر كىمگە بالا مۇھىم ........ قادىر ئارسلان 33
سۈكۈنات ........ دىلمۇرات مەھمۇد 108

## ئەدەبىي خاتىرىلەر

بار ئىكەنمەن يادىڭدا دۇنيا ........ ھاجى قۇتلۇق قادىرى 91

## ئەسەر ۋە بەس مۇنازىرە

شاخنىڭ پايانى (مىكرو ماقالە) ........ ئابدۇقادىر جالالىدىن 90

ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

# ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى نادىر ئەسەرلەرنى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا مۇناسىپ



رىشات ئىنايىتۇللا
(ج ك پ ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)


پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئېلىمىز دەۋر بۆلگۈچ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە يېڭى بىر تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. پارتىيىمىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يۆنىلىشىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە باشچىلىق قىلىپ، زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش نىشانىغا قاراپ مەزمۇت قەدەملەر بىلەن يۈرۈش قىلدى ھەمدە خىلمۇخىل يوسالغۇ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، پۈتۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدىغان تېز سۈرئەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ھەرقايسى ساھەلەردە شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىش - جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئەدەبىيات - سەنئەت بولسا سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم مەزمۇنى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنىڭ تېزلىنىشىگە ئەگىشىپ، ئېلىمىز ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىش ۋە نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ كۈچلۈك باھار شامىلى خېلى بىر مەزگىلدىن بېرى «سول»چىل خاھىش تۈپەيلى بۇرۇقتۇرمىلىق، غەپلەت، تېڭىرقاش ھالىتىدە تۇرغان ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىگە جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ ۋە جۈرئەت، شىجائەت بەخش ئەتتى. كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى قەددىنى رۇسلاپ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆزلىرىنى جۇشەپ تۇرغان «سول»چىل خاھىشنىڭ ئىسكەنجىسىنى، شەكىلۋازلىق رامكىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، تارىخىي بۇرچىنى تونۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار كۈرەش قاينىمىغا ئۆزلىرىنى ئاتتى. ئۇلار يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھارماي ئىزدىنىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، بەدىئىيلىك جەھەتتە يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن، مىللەت روھى، دەۋر روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىگە ماسلاشقان خىلمۇخىل شەكىل، ئۇسلۇب، ژانىر، تېمىدىكى نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، چۆلدەرەپ قالغان ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارىنى رەڭگارەڭ گۈل - چېچەككە پۈركىدى. يولداش جياڭ زېمىن جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەملىكەتلىك 6 - قۇرۇلتىيى ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك 5 - قۇرۇلتىيىدا قىلغان سۆزىدە بۇ ھەقتە توختىلىپ: «مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى» دەپ كۆرسەتتى.

پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت فاڭجېنى ۋە مىللىي سىياسىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ۋە شەھىرىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قوشۇنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى، ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى ۋە زورايدى. بۇنىڭدىن 45 يىل ئىلگىرى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئازان 50 نەپەر ئەزاسى بار ئىدى، ھازىر كۆپىيىپ 1489 نەپەرگە يەتتى، ھازىرغىچە ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى - سەنئەتكارلىرى ئىجاد قىلغان 157 رومان، 400 دىن ئارتۇق سەھنە ئەسىرى، سىنارىيە نەشر قىلىندى، باشقا ژانىردىكى ئەسەرلەرنى قوشقاندا نەچچە مىڭدىن ئاشىدۇ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يېقىنقى 20 يىل مابەينىدە ئىجاد قىلىنغان.

4

# كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ ... ھەسسە قوشايلى



شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ پائال قوللاپ، مەدەت بېرىشى، ھەرقايسى ساھە، كەسپلەرنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا شەھىرىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىمۇ ئۈزلۈكسىز زورايدى. ئىدىيىۋى ساپاسى ۋە كەسپىي ساپاسى ئۆستى. ئاخبارات، نەشرىيات، گېزىت، ژۇرنال قاتارلىق ئىجادىيەت ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت سورۇنلىرىنىڭ كۆپىيىشى، جۈملىدىن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىزچىل تۈردە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نوپۇزلۇق ئەدەبىيات - سەنئەت سورۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كېلىشى كەڭ يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتىگە ياخشى زېمىن ھازىرلاپ بەردى. شەھىرىمىزدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئىجاد قىلغان ئەسەرلەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر ئىچىدە خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك رول ئويناپ كەلدى.

بۈگۈن بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز دۇنيا ئەسىر ئالمىشىش ھارپىسىدا تۇرغان، ئەدەبىيات - سەنئەت دەۋرگە ئەگىشىپ يېڭىلىنىۋاتقان، نادىر ئەسەر ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلۇۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە تۇرماقتا. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزدا نۇرغۇن يېڭىلىقلار، نەتىجىلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، دەۋرنىڭ تەلىپىدىن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىدىن قارىغاندا، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ۋەزىپىسى يەنىلا مۈشكۈل. بىز نەتىجىلىرىمىزدىن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز. بىراق ئۇ بەربىر ئۆتمۈشكە مەنسۇپ، دەۋر، خەلق بىزدىن داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىشنى، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىشنى كۈتىدۇ.

يولداش جىياڭ زېمىن پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا ئېلىمىزنىڭ كېيىنكى ئەسىر تەرەققىيات مەنزىلىنى ۋە ۋەزىپىلەرنى كۆرسىتىپ بەردى ھەمدە پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت ۋە ھەر مىللەت خەلقى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتكە كېلىپ، ئىگىلمەي، پۈكۈلمەي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى 21 - ئەسىرگە ئومۇميۈزلۈك يۈزلەندۈرۈشكە چاقىردى. بۇ قېتىم شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىدە بولسا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 21 - ئەسىردىكى ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم ئورنىنى ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق شەرھىلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى، ئۇنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە بىزنى ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ تىنچ، ئىتتىپاق بولغان، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان شىنجاڭنى 21 - ئەسىرگە ئېلىپ كىرىشنى چاقىرىق قىلدى. بۇ مەركەزنىڭ بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قىلغان چوڭقۇر غەمخورلۇقى، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئارزۇسى، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىشنىڭ ئېھتىياجى.

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتا گۈللەنگەن ئىقتىساد بارلىققا كېلىپلا قالماي، يەنە گۈللەنگەن مەدەنىيەتمۇ بارلىققا كېلىشى، جۈملىدىن گۈللەنگەن ئەدەبىيات - سەنئەتمۇ بارلىققا كېلىشى كېرەك. شەھىرىمىز مەركىزىي شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىدا باشلامچىلىق رول ئوينىيالىغانلىقى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ باشلامچىلىق رول ئوينىشى كېرەك. خۇددى يولداش جياڭ زېمىن ئېيتقاندەك، 21 ـ ئەسىر كېلىدۇ دەپ قالدى. شۇڭلىغا كۆز يەتكۈزەلەيمىزكى، بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدا يېڭى شانلىق غەلىبىلەر قولغا كەلتۈرۈلىدىغان ئەسىر بولىدۇ. شۇنداقلا جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتى تېخىمۇ جۇلالىنىپ، ھەممە گۈللەر يورەكلەپ بەس ـ بەستە ئېچىلىدىغان ئەسىر بولىدۇ. بۈگۈنكى نەتىجىلىرىمىز ئاساسىدا يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىش ئارقىلىق شەھىرىمىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى يېڭى ئەسىرگە يۈزلەندۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ھەسسە قوشۇش بىزنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىمىز. شەھىرىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى، پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتاي روھىنى ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى كۈچەيتىش يولىدا جاپالىق كۈرەش قىلىۋاتقان پەيتتە، بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى بىرقانچە پىكرىمىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

**1. نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىش سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ جىددىي ئېھتىياجى.**

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا دۆلىتىمىز تېخى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى تەرەققىي قىلمىغان ھالەتتىن تەدرىجىي قۇتۇلۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان تارىخىي باسقۇچ؛ ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا تىرىشىپ مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىدىغان باسقۇچ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادى ۋە سىياسىتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ھەم ئىقتىساد ۋە سىياسەتنىڭ تەرەققىياتىدا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ دەپ كۆرسەتتى. جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەملىكەتلىك 6 ـ قۇرۇلتىيى ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك 5 ـ قۇرۇلتىيىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە يەنە «سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مۇھىم سەپ بولۇپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەش، خەلقنى ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈشتەك زور بۇرچنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان» دەپ كۆرسەتتى.

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان خېلى ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋر، بۇ ئىجادچانلىق ئەمەلىيىتى بىلەن تولغان، يېڭى شەيئىلەر ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىدىغان دەۋر، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ئۈچۈن زور ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان دەۋر. 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان بىز غايەت زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى يولداش جياڭ زېمىن باشچىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە شىجائەت بىلەن پارلاق نىشانغا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. لېكىن تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تەرەققىيات يولى تەكشى بولمايدۇ، بىز ئالغا بېسىش سەپىرىمىزدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان مۇرەككەپ ئەھۋال ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىمىز. بۇنداق ئەھۋالدا، خەلقنىڭ روھى ئۇرغۇتۇلمىسا، كۈرەش ئىرادىسى رىغبەتلەندۈرۈلمىسە، مىللەتنىڭ كۈچى زىچ ئۇيۇشتۇرۇلمىسا، جەمئىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچى قوزغىتىلمىسا، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى قاندۇرۇلمىسا بولمايدۇ. دېمەك، دەۋرىمىز نادىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى كۈتمەكتە، خەلقىمىز تېخىمۇ ئېسىل مەنىۋى ئوزۇققا تەشنا بولماقتا. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ نادىر ئەسەرلەرنىڭ خەلقنى تەسىرلەندۈرۈش، قوزغىتىش ۋە تەربىيىلەش رولىنى باشقا ھېچقانداق خىزمەت ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ. بۇ جەھەتتە يولداش جياڭ زېمىن ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇھىم بايانلىرى بار. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئېنىق تونۇشى، مۇشكۈل ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىشى، دەۋرنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نادىر ئەسەرلەر ئارقىلىق خەلقىمىزنى توختىماي ئالغا بېسىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى،

مىللىتىمىزنىڭ پارلاق كېلەچىكىنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان ئۈچمەس ماياك بولۇشى كېرەك.

**2. نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىشتا پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت فاڭجېن - سىياسەتلىرىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك.**

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىپ، كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىك بىرلەشتۈرۈلگەن تېخىمۇ كۆپ نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش لازىم» دەپ كۆرسەتتى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر فاڭجېن - سىياسەتلىرى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى، تېخىمۇ كۆپ نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەندە شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت فاڭجېن - سىياسەتلىرى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشكەن چاغدا ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى راۋاجلانغان، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى گۈللەنگەن. ئەكسىچە ھەقىقىي ئەمەلىيلەشمىگەندە ياكى «سول»چىللىق ۋە «ئوڭ»چىللىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا بولسا ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىز ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى نىشاندىن چەتنەپ كەتكەن.

«خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» — پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يېڭى دەۋردە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىكى تۈپ فاڭجېنى. «ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» بولسا پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك فاڭجېنى. بۇنىڭغا ماس ھالدا پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز «قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، كونىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، يېڭىلىق يارىتىش» فاڭجېنىنىمۇ بەلگىلىدى. بۇ يەردە

ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، «ئىككى ھەممە» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشنى، «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. بۇلارنى ھەم ئۆزئارا قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇشقا ھەم ئۆزئارا ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مەقسىتى ۋە يېتەكچى پرىنسىپى، مەملىكىتىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا تەۋرىنىشكە بولمايدىغان يۆنىلىش، «ئىككى ھەممە» فاڭجېنى «ئىككى ئۈچۈن» پرىنسىپىنىڭ يېتەكچىلىكىدىلا ئاندىن ساغلام راۋاجلىنالايدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ۋە تارىخىي قىممىتى بولىدۇ. «ئىككى ھەممە» فاڭجېنىنىڭ ئۆزى مەقسەت ئەمەس، بەلكى بىر خىل ئۇسۇل ۋە يول بولۇپ، «ئىككى ئۈچۈن» يۆنىلىشىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ يۆنىلىشتىن ئايرىلىپ قالغاندا «ئىككى ھەممە» فاڭجېنىنىڭ توپۇق يولغا كىرىپ قېلىشىدىن ساقلانماق تەس.

ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە شۇكى، «ئىككى ئۈچۈن»، «ئىككى ھەممە» قاتارلىق بىر يۈرۈش فاڭجېن - سىياسەتلەرنى ئىزچىللاشتۇرغان ۋاقتىمىزدا، «ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىش، خىلمۇخىل بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش» فاڭجېنىنى توغرا چۈشىنىشكە ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. بۇ بىر مەسىلىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل فاڭجېن. بۇلار ھەم ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى ھەم خەلق ئاممىسىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىگە بولغان مۇقەررەر تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسلانغاندا، ھەربىر جەمئىيەتنىڭ فورماتسىيىسىدە ھامان يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان بىر ئاڭ فورماتسىيە بولىدۇ. ئېلىمىز جەمئىيىتىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغىنى ماركسىزمنى يادرو قىلغان ئاڭ فورماتسىيىسى. شۇنداق ئىكەن، ئېلىمىز ئەدەبىيات - سەنئىتى يېڭى دەۋرىمىزنى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتا قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنى، قەھرىمان شەخسلەرنى مەدھىيىلىشى، خەلقنى ئىلھاملاندۇرۇشى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىيالىستىك روھنى جارى قىلدۇرۇشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى كۈيلىشى، خەلقىمىزنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىملا ئەمەس، بەلكى چوقۇم شۇنداق

قىلىشى كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ ھەقتە توختىلىپ: «بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز جانلىق ۋە تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق مەزمۇنغا باي ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ماھىيىتىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشى، دەۋرنىڭ ئىلگىرىلەش تەلىپىنى ۋە تارىخىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئىپادىلەپ بېرىشى، شۇنىڭدەك خەلقنى ئىرىشىپ سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەپ ئۇلارنى پائال ئالغا ئىنتىلىش، جاسارەت بىلەن ئىشلەش روھىغا ئىگە قىلىش لازىم» دېگەنىدى. يولداش جياڭ زېمىنمۇ «جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ يېڭى تۇرمۇشنى يارىتىش جەريانى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بوشاشماي ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش - جۇڭگو سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالىشىنىڭ ئاساسى» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ بايانلاردىن بىز نېمە ئۈچۈن ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىش زۆرۈرلۈكىنى ئېنىق ھېس قىلالايمىز.

ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ رەڭدارلىقى، كىشىلەر ئىدىيىسىنىڭ جانلىقلىقى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى بىزدىن ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ، تېما، ژانىر، ئۇسلۇب، شەكىل قاتارلىقلارنىڭ بىر قېلىپقا چۈشۈپ قالماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «ئىككى ئۈچۈن» يۆنىلىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە «ئىككى ھەممە» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يازغۇچى - سەنئەتكارلارنى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا بويسۇنۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئىلىم ئەركىنلىكى، ئىجادىيەت ئەركىنلىكى، ئىزدىنىش ئەركىنلىكى، تەنقىد ۋە تەنقىدكە قارشى تۇرۇش ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولىدىغان كەڭ زېمىنغا ئىگە قىلىش كېرەك. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئوخشاش بولمىغان شەكىل، ئۇسلۇب، ئېقىملارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئوخشاش بولمىغان سىيۇژىت بىلەن تېمىنى ئەركىن تاللاشقا ئىلھاملاندۇرۇشىمىز كېرەك.

**4. ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ توغرا ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى تىكلىشى نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشتىكى ھالقىلىق مەسىلە.**

باش شۇجى جياڭ زېمىن 1996 - يىلى 1 - ئايدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك تەشۋىقات بۇجاڭلىرى يىغىنىدا: «توغرا ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى تىكلەش، نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشتىكى ھالقىلىق مەسىلە» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسلانغاندا، مۇئەييەن دەۋردىكى ئەدەبىيات - سەنئەت مۇئەييەن دەۋر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى، بۇ خىل ئىنكاس مېخانىكىلىق ئەمەس، بەلكى ھەرىكەتچان، جانلىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىش - چىقماسلىقى، سۈپىتىنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشى كۆپ ھاللاردا يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ توغرا دۇنيا قاراشنى تىكلىگەن - تىكلىمىگەنلىكىگە باغلىق بولىدۇ. ھازىرقى دەۋرىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مۇھىم ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان ئەدىب، يازغۇچىلىرىمىز ۋە كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى قانداق ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى تىكلىشى كېرەك؟

مېنىڭچە، بىرىنچىدىن، «بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز خەلق ئۈچۈن» دېگەن ئىدىيىنى تىكلىشى كېرەك. يولداش ماۋ زېدۇڭ 1942 - يىلى «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» دېگەن ئەسىرىدە: «كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسىلىسى تۈپ مەسىلە، پرىنسىپال مەسىلە» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن ھەمدە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىشچى - دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ بەرگەنىدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن يولداش دېڭ شياۋپىڭ «بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز خەلققە مەنسۇپ» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يەنە «خەلق ئالدىدا مەسئۇل بولىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى باشتىن - ئاخىر تەۋرەنمەي خەلققە يۈزلىنىشى، بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە ئۆزىنى تىنىمسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشى، قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەپ، بولۇشىغا ئىجاد قىلىشتىن كۆڭلىنىڭ بىرىچە ساقلىنىشى، ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە ئۇستىدە جىددىي، ئەستايىدىل ئويلىنىشى، خەلققە ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇق تەقدىم قىلىش ئۈچۈن

تىرىششى لازىم» دەپ كۆرسەتكەن. يولداش جياڭ زېمىنمۇ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر «ئالدى بىلەن كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى كېرەك» دەپ ۋە «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش - سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇشىمىزغا تېگىشلىك پرىنسىپ» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى تايانچ كۈچ، ئۇلارنىڭ ئەمگەك ئەمەلىيىتى، خىزمەت ئەمەلىيىتى ئىلىمىز ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى... بىزنىڭ مەنىۋى مەھسۇلاتلىرىمىز بۇلارنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى تەسىرلىك ئەمەلىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، ئۇلارنىڭ گۈزەل تۇرمۇش بەرپا قىلىش يولىدىكى ئەقىل - پاراستىنى ۋە روھىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىن ئېتىشى لازىم، دېدى. پارتىيىمىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر، پارتىيە رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقان ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى چوقۇم «ئەدەبىيات - سەنئەت خەلق ئۈچۈن» دېگەن توغرا ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشى كېرەك؛

ئىككىنچىدىن، «خەلق - ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئانىسى»، «خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتكە موھتاج، سەنئەت خەلققە تېخىمۇ موھتاج» دېگەن ئىدىيىنى تىكلىشى كېرەك. يولداش دېڭشياۋپىڭ «جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن تەبرىك سۆزى»دە: «بىز ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئىچىدە بارغانسېرى كۆپىرەك يولداشلارنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق ئىنسانلار روھىي ئىنژېنېرى بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. خەلقنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئالدى بىلەن ئۆزلىرى تەربىيە ئېلىشى كېرەك. خەلقنى ئوزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ئوزۇق ئېلىشى كېرەك. ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنى كىم تەربىيىلەيدۇ، ئۇلارغا كىم ئوزۇق بېرىدۇ؟ ماركسىزم ئۇنىڭغا خەلق دەپلا جاۋاب بېرىدۇ. خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئانىسى. بارلىق تەرەققىيپەرۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ بەدىئىي ھاياتى ئۇلارنىڭ خەلق بىلەن چەمبەرچاس مۇناسىۋەت ئورنىتىشىدا. ئۇلار بۇ مۇناسىۋەتنى ئۇنتۇپ قالسا، ئۇنىڭغا سەل قارىسا ياكى ئۈزۈپ قويسا بۇلارنىڭ بەدىئىي ھاياتى پۈچەكلىشىدۇ. خەلق سەنئەتكە موھتاج، سەنئەت خەلققە تېخىمۇ موھتاج. خەلق تۇرمۇشىدىن ئاڭلىق ھالدا سىيۇژېت، تېما، ۋەقەلىك، تىل، شېئىرىي ھېسسىيات ۋە زوق ئېلىش، ئۆزىنى خەلقنىڭ تارىخىي يارىتىشىنى كۆتۈرەڭگۈ روھىي ئارقىلىق تەربىيىلەش بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللىنىش تۈپ يولى» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. يولداش جياڭ زېمىنمۇ: «ئەدىبلەر - سەنئەتكارلار تۇرمۇشقا، ئامما ئارىسىغا تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈشى، تۇرمۇشتىن، ئاممىدىن ئۆگىنىشى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ مۇساپىسىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىي ئىجادكارلىقىنى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى تونۇشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. يولداش دېڭشياۋپىڭ ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرى ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ راۋاجلاندۇرۇلىشى بولۇپ، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىق ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مەنبە مەسىلىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شەرھىيلەپ بەردى.

پارتىيە، ھۆكۈمەت ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، دەۋر، خەلق نادىر ئەسەرلەرگە تەشنا بولۇۋاتقان چاغدا بىز ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى يولداش دېڭ شياپىڭ ۋە جياڭ زېمىننىڭ تەلىپى بويىچە ئىش قىلىپ، ئۆيدىن، ئىشخانىدىن چىقىپ، قاينام تاشقىنلىق تۇرمۇش قاينىمىغا چۆكۈپ، خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، ئۇلاردىن ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ شادلىقى، ھەسرىتىنى بىۋاستە ھېس قىلىپ، ئەمەلىيەتتىن ئوزۇق ئېلىپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن چېغىمىزدىلا ئاندىن نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلالايمىز.


**4 ماركسىزملىق نەزەرىيە ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىدىيىۋى تونۇشىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.**


بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز پارتىيە

رەھبەرلىكىدىكى، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى يېتەكچىلىكىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت. بۇ پرىنسىپنى چەتنەپ تۇرۇپ، نادىر ئەسەر يارىتىشنى ھەرگىز سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇ پرىنسىپتا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن ھەر بىر ئەدىب، سەنئەتكار ماركسىزملىق نەزەرىيە ئۆگىنىشنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ نەزەرىيە ساپاسىنى، سىياسىي سەۋىيىسىنى، ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى لازىم.


بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئۇنى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزغا يېتەكچى قىلىشىمىز كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى داۋامى ۋە راۋاجى. ھازىرقى جۇڭگودا راۋاجلانغان ماركسىزم، پارتىيىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى خىزمەتلىرىنىڭ تۈپ قىبلىنامىسى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىدىكى قۇدرەتلىك روھىي تۈۋرۈك. ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى ماركسىزمنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. ماركسىزمنى ئۆگىنىش ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشمۇ، ماركسىزمنىڭ راۋاجى بولغان دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئارىسىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى، جۈملىدىن دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى پۇختا ئىگىلەشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش ۋە قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئەدىب، سەنئەتكارلار دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەندىلا پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىگە توغرا تەدبىقلىيالايدۇ ھەمدە ئۇنى يېتەكچى قىلىپ تېخىمۇ كۆپ نادىر ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلالايدۇ.

ماركسىزملىق نەزەرىيە ئۆگىنىش يەنە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشنى، پارتىيە 15 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىشنى، يولداش جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم نۇتۇقلىرىنى ئۆگىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ماركس، ئېنگېلس، لېنىنلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر ئەسەرلىرىنى، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق»نى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ مەملىكەتلىك 4 - قۇرۇلتىيىدا قىلغان تەبرىك سۆزى»نى ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەملىكەتلىك 6 - قۇرۇلتىيى ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك 5 - قۇرۇلتىيىدا قىلغان سۆزىنى ۋە پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن مۇھىم دوكلاتىنى، شۇنداقلا شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، شۇ ئارقىلىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى، ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىۋىلىكى بىلەن بەدىئىيلىكى يۇكسەك دەرىجىدە بىرلىككە كەلگەن، دەۋر روھى ۋە مىللەت روھى روشەن ئەكس ئەتكەن، ئۇسلۇب جەھەتتە ئۆزگىچىلىكى بولغان، خەلق ئاممىسى قارشى ئالىدىغان نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، دەۋرنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىشى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا ئېسىل سوۋغا تەقدىم قىلىشى لازىم.





# 21-ئەسىر ۋە ئۇيغۇر سودىگەرلىرى



(ئەدەبىي ئاخبارات)


**ئۇيۇشتۇرغۇچى: پولات ھېۋزۇللا**

**ئاپتورلار: پولات ھېۋزۇللا، ۋەلى كېرىم، ئەركىن نۇر، ئىمىر ھەسەن**

## مۇقەددىمە

21 ـ ئەسىرنىڭ قوڭغۇرىقى چېلىنىشقا ئاز قالدى. بىز ھەممىمىز كونا ئەسىر بىلەن خوشلىشىۋاتىمىز. 20 ـ ئەسىردىن ئىبارەت بۇ يۈز يىل ئىنسانىيەت نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدا ياراتقان پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى جۇغلانمىسىدىنمۇ چوڭ يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلگەن ئەسىر بولدى؛ ئىرسىيەت قۇرۇلۇشى، سۈنئىي جانلىق، ئالەم بوشلۇقى، ئالەم كېڭەيمىچىلىكى، ئېلېكترون ئىنقىلابى، تېز سۈرئەتلىك ئۇچۇر يولىنىڭ ئارىلىق ئۇقۇمىدىن ھالقىشى... بۇ ئەسىر بىلىمنىڭ يېڭىلىنىشىغا ۋەكىللىك قىلدى؛ تەرەققىيات بىلەن قالاقلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تېخىمۇ زورايدى. بىز شاپائەتلىك زامانىنىڭ خاسىيىتىدە ئورنىمىزدىن تۇرۇۋاتقان چېغىمىزدا تېخىمۇ رەھىمسىز، تەلەپچان يېڭى ئەسىر بوسۇغىمىزغا كېلىپ قالدى.

كونا ئەسىرگە سالاۋات، يېڭى ئەسىردە شەرقلىقلەر، جۇڭگولۇقلار، جۈملىدىن بىز ئۇيغۇرلارمۇ مەدەنىيەت،



11

ئىقتىسادىي كۈچىنە ئۆرنىمىزدىن دەس تۇرۇشىمىز كېرەك. يېڭى ئەسىرگە يېقىنلاشقانسېرى تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشى رىقابەت دۇنياسىنىڭ ھېچكىمگە ئېتىبار قىلمايدىغان ۋە يېقىنمايدىغانلىقىدەك ئاچچىق ھەقىقىتىنى ھېس قىلدۇرماي قالمايدۇ. 21 ـ ئەسىر تۈرلۈك ساھە، كەسىپلەر رىقابەت، سىناق، تاللاش ۋە كۈرەشكە دۇچ كېلىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئاڭ ۋە تەپەككۇرى ئۈزلۈكسىز يېڭىلانمىسا بولمايدىغان ئەسىر.

«يىپەك يولى»نىڭ جەنۇبىي، شىمالىي ۋە ئوتتۇرا لىنىيىسى ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان زېمىندىن كېسىپ ئۆتكەچكە، تارىخىي شارائىت ۋە تەبىئىي شارائىت ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتلىق تومۇرىنىڭ سودا ـ تىجارەت ئۇچۇن سوقۇشىنى، خاراكتېرىنىڭ سودىغا ماھىر، چېچەن، قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىشقا ماھىر بولۇشىنى بەلگىلىگەن.

تارىختا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ باللىرىغا سودا تەربىيىسى بېرىشىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»دە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى شەكىللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان قەدىمىي مىللەت سوغدىلارنىڭ ئۆز باللىرىنىڭ ئاغزىغا ھەم ئالقىنىغا ھەسەل سۈركەپ، سودىدا شېرىن ـ سۆخەن بولسۇن، ئالدى ـ ساتتىدا قولىغا پۇل چاپلىشىپ قالسۇن (پايدا ئالسۇن)دەيدىغان ئىرىمى بارلىقى، بالا 20 ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى كارۋانغا قوشۇپ يىراق سەپەرلىك سودىنى ئۆگىتىدىغان ئادىتى بارلىقى يېزىلغان. ئوقۇشىمىزچە، بۇ خىل قەدىمىي ئادەت ھازىرمۇ ئاتۇش، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا سودا سەھنىسىدە ئوينىغان رولى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى بىزنى ئىپتىخار تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۈرمەي قالمايدۇ. يىپەكچىلىك، گىلەمچىلىك ۋە قاشتاشچىلىقتا ئوخشاش ھەر خىل سودا تۈرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەخسۇس سودا ئەنئەنىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدا ناھايىتى زور رول ئوينىغان.

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئاساسىي قاتناش بوغۇزىغا جايلاشقانلىقىدىن ئىبارەت جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن ھەرقايسى قوشنا ئەللەر بىلەن داۋاملىق دېگۈدەك سودا مۇئامىلىسىدە بولۇپ كەلگەن. جۈملىدىن پىرسىيە، جەنۇبىي ياۋروپا ۋە ئاناتولىيە بازارلىرىدا كۈچلۈك رىقابەتلىك سودا ئاساسلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. سودا تەرەققىياتىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ بۇ يوللار خەلقئارالىق سودا لىنىيىلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان زور تۈگۈنگە ئايلانغان. بۇ خىل خەلقئارالىق ئالماشتۇرۇشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يول باشچىلىرى بولغان ئۇيغۇرلار «يىپەك يولى»نىڭ «يەھۇدىيلىرى» دېگەن نام بىلەن دۇنياغا تونۇلغان.

ئېلىمىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغىنىغا ئەمدىلا 20 يىل بولدى. بۇ قىسقىغىنا 20 يىل خېلى بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان ئۇيغۇر سودىسىنىڭ قايتا شەكىللىنىشى ۋە مىسلىسىز گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى جاندىن كېچىپ رىقابەتلىشىدىغان، ھامان يېڭى يول ئىزدەيدىغان روھى، ئەقىل ـ پاراسەتلىكلىكى، ئىرادىلىك، سۆزىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقى، يېڭىلىقپەرۋەر، ھوشيار ـ تاكتىكىچانلىقى، ئۆز ئىشىغا پۇختىلىقى، ئوچۇق ـ يورۇق، جەڭگىۋار روھى ئارقىلىق ۋۇجۇدىدىكى پىسخىك چۆكمە ـ سودا ئىرسىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇ شانلىق مەنزىرىنى شەكىللەندۈردى.

ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ تەڭداشسىز سۈر ـ ھەيۋىسى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بازارلارنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئېچىلىشىغا تۈرتكە بولدى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاساسلىق شەھەرلەردە سودا تورىنى قۇرۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە سودا مونوپولىيىسى يۈرگۈزدى. گۇاڭجۇ، شېنجېن، شاڭخەي، چېڭدۇ، بېيجىڭ قاتارلىق شەھەرلەر ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت بازىسى بولدى.

ھالبۇكى، نەچچە مىڭ يىللىق سودا ئەنئەنىسىگە، سودا ئەخلاقى ۋە سودا دەستۇرىغا ئىگە ئۇيغۇرلارنىڭ قىلىۋاتقان سودىسى پەقەت يۆتكەپ سېتىش سودىسى، ئاددىي قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى سودىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. كارخانىلاشقان، سانائەتلەشكەن، ئۇچۇرلاشقان زىل سودىدىن سۆز ئېچىش تولىمۇ قىيىنغا توختايدۇ. ئۇيغۇرلار ھازىر شۇغۇللىنىۋاتقان سودا شەكلى ماھىيەتتىن قارىغاندا خۇددى يىلتىزسىز دەرەختەك «يىلتىزسىز سودىدۇر». ئەمدىلىكتە تېز سۈرئەتلىك ئۇچۇر يولى دۇنيانىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغا تۇتاشقىنىدا، ئارىلىق ئۇقۇمى يوقاپ، ئۇچۇر ۋە تېخنىكىنىڭ تاۋارلىشىشى تېخىمۇ تېزلىشىپ، مەھەللىۋى رىقابەتنىڭ ئورنىنى رىقابەتنىڭ دۇنياۋىلىشىشى ئىگىلەپ، سەپتىن چۈشۈپ قېلىشنىڭ رەھىمسىزلىكى كەلگۈندەك بېسىپ كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇ ھال ئۇيغۇر

12

سودىگەرلىرىدىن ئىپتىدائىي سودا ھالىتىنى تاشلاپ يېڭى ئۇچۇر كۆزقارىشىغا، كەڭ ۋە ئەترابلىق ئىلمىي تەربىيىلىنىشكە، پۇختا مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ھال بىزنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ. بىزنى ئامال قىلىپ چىقىش يولى ئىزدەشكە ئۈندەيدۇ. مىسلىسىز بىر كرىزىس، ھالاكەت تۈيغۇسى ھازىر نۇرغۇن تىجارەتچىلىرىمىزنىڭ كۆز ئالدىدىكىلا ئىش بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ سودىغا ماھىرلىقى، سودا ئېڭىنىڭ يۇقىرىلىقى مۆلچەرلىگۈسىز قىممەتلىك بايلىق. چۈنكى سودا قىلىش ئارقىلىق ئىقتىسادنى گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ. ئىقتىساد گۈللەنگەنىكەن شۇ مىللەتنىڭ، شۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيىتى، تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. دېمەك، بىر مىللەت، بىر دەۋر سودىسىنىڭ گۈللىنىشى - گۈللەنمەسلىكى شۇ مىللەت، شۇ دەۋرنىڭ گۈللىنىشى ياكى زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ بىرى. ئەلۋەتتە، نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر سودىسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. شۇڭا، زۇرنىلىمىز كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ تەخىرسىز تېما ۋە تەپەككۇر بوشلۇقىغا يېقىندىن نەزەر تاشلاپ، مۇشۇ ساندىن باشلاپ «21 - ئەسىر ۋە ئۇيغۇر سودىگەرلىرى» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتنى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنماقچى.

## ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە سودا تارىخى

ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىغا بېغىشلاپ، جاھان تۈركولوگىيە ساھەسىدە ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان گېرمانىيىلىك ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناس ئالىم گاباﺋىن خانىم: «ئۇيغۇرلار سودا ئىشلىرى بىلەنمۇ ئۇزۇن شۇغۇللانغان (بۇ ھال شۇ چاغدىكى خەنزۇلارنى ناھايىتى ھەيران قالدۇرغان)، سودا ئىشلىرى ئۇلارغا زور پايدا كەلتۈرەتتى، ئۇلارنىڭ يىراقتىكى مىللەتلەرنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىگە ۋە تاۋارغا بولغان تەلىپىگە نىسبەتەن سەزگۈرلۈكى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى» دەپ يازغانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغان گاباﺋىن خانىمغا ئوخشاش ھەرقانداق بىر ئالىم ئۇيغۇر سودىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ سودىغا ماھىرلىقى ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتمەي قالمايدۇ.

كۆز يۇمۇشقا بولمايدىغان بىر ھەقىقەت شۇكى، ئۇيغۇرلار قەدىمدە يىپەك يولى سودىسىنىڭ ھەقىقىي رولچىلىرى ۋە ھامىيلىرى بولغان؛ يىپەك يولى سودىسىنىڭ دۇنياۋى شۆھرىتى ۋە بۇ ئارقىلىق يارىتىلغان غايەت زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم بۇ يولنىڭ ھامىيسى بولمىش ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت، ئىلىم - پەننى مىسلىسىز يۈكسەلدۈرگەن، ھەرقايسى جەھەتتىن ئالاھىدە ئىمتىيازلارنى ئاتا قىلغان؛ ئۇيغۇرلار سودا ئارقىلىقلا تارىختىن بۇيان ئۆزلىرىنى ھەر تەرەپتىن مۇكەممەللەشتۈرگەن ۋە ئەترابىدىكى خەلقلەرگە مەدەنىيەت تارقاتقان؛ دېمەك، سودا — ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى، ماددىي كاپالەتلەندۈرگۈچىسى ۋە ياشاش قىبلىنامىسىدىكى ئەڭ ئالىي نىشانى.

قەدىمكى سودا كارۋان يولى ھېسابلانغان يىپەك يولى شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، غەربىي تۈرك خانلىقى دەۋرىدە، ھەرقايسى ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرىدە ھەقىقىي، ھەر تەرەپلىمە كېڭەيگەن ۋە گۈللەنگەنىدى. بۇ چاغدا كولدۇرما ئاۋازىنى ياڭراتقان ئۇيغۇر سودا كارۋانلىرى بايقال كۆلىنىڭ شىمالىدىن چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبى ۋە دالى پادىشاھلىقىغىچە، قىپچاق دالاسىدىن ھىندىستانغىچە، قاشقوۋۇق (يۈيمىن)دىن رىمغىچە بولغان ئۇزۇن مۇساپىلىك سودا چەمبىرىكىدە قاتناپ، يول - ئۆتەڭ، بازار - راباتلارنى ئاۋات قىلىپ، دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ ئىقتىساد، ئۈچ چوڭ مەدەنىيەتنىڭ قوشۇلۇپ يېڭىلىنىشىدا، ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىدە ئىجادىيەت خاراكتېرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ياقا يۇرتلاردا باشقا خەلقلەرنىڭ رېئال ياكى تارىخىي مەنپەئىتىگە چاڭ سالىدىغان، ئۇلارنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتىنى بۇلغايدىغان نامەردلىك، ئاچكۆزلۈك، بىزەڭلىك ۋە پەسكەشلىكلەرنى ئەمەس، مېھماندوستلۇق، ساخاۋەتكۈيلۈق، كېسەل داۋالاش، ئىنساپ، قانائەت، تۇرمۇش مەدەنىيىتى ۋە پاكىزلىقتا ئۈلگە بولغانلىقتىن، بارغانلا يېرىدە قارشى ئېلىنغان.

دەرۋەقە، كېيىنكى مەزگىللەردە يىپەك يولى ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى، تەبىئىي ئاپەت ۋە تۈيۈقسىز يۈز بەرگەن تارىخىي ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن بەزىدە گۈللىنىپ، بەزىدە چۆلدەرەپ قالدى. ئۇيغۇر كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرما ئاۋازلىرىمۇ بەزىدە كۈچىيىپ، بەزىدە بۇ چەكسىز ۋە

مۇرەككەپ بولىنىڭ ئوراقىدا سورۇلغان ئۇيغۇرىسغا سىڭىپ كەتتى. 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ياۋروپالىقلار ئوسمان تۈركلىرى ئىمپېرىيىسىنىڭ تەڭداشسىز ھەيۋىسى ئالدىدا بىر مەزگىل مەڭدەپ قالدى ۋە يېڭى يولىغا قايتا قەدەم باسالمىدى. نەتىجىدە، ۋەربىيەنىڭ تەقەززاسى بىلەن يېڭى دېڭىز يوللىرى ئېچىلىپ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەر گۈللىنىشكە باشلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقئارا قۇرۇقلۇق سودا كارۋان يولى ئىلگىرىكى سالتەنىتىدىن قالدى. بۇ يەردە ئەمدى تۆگە كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرما ئاۋازلىرى ئاڭلانمايدىغان، قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ سودىسى جانلانغان، گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ھەممە يەر چۆلدەرەپ قالدى، ئورخۇن ۋادىسى، جۇڭغار ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلار مىسلىسىز سۈكۈنات، بۇرۇقتۇرمىلىققا چۆمدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى زېرىكىشلىك ئۆتكەن نەچچە يۈز يىل مابەينىدە تۈگىمەس جەڭگى - جېدەل، ئورۇش پاراكەندىچىلىكى، دىنىي مەزھەپچىلىك، تەبىئىي ئاپەت ئاستىدا ئۇيغۇر سودىسى ئىلگىرىكى سەلتەنىتىنى زادىلا سۈرەلمىدى.

ئۇيغۇر سودىسى مەھەللىۋى شەكىلگە كۆچكەندى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇيغۇر سودىسى تۈنجۇقۇپ قالغىنى يوق. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر سودىسى مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. بۇ دەۋر ئۆتكەن ۋېلىباي ۋە ئاكا - ئۇكا مۇسا بايلار ئۆزلىرىنىڭ سودا قىلىشتىكى ماھىرلىقى، ئىجتىمائىي ۋە دىپلوماتىيە ئالاقىسىدىكى چېۋەرلىكى بىلەن ئۇزۇن مەزگىل سۈكۈتكە چۆمگەن ئۇيغۇر سودىسىنى جانلاندۇردى. شۇنىڭغا ئەگىشىپلا يېڭى بىر ئەۋلاد سودىگەرلەر قوشۇنى مەيدانغا كېلىپ، 1949 - يىلغىچە روسىيە ( سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى) ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە سودا قىلدى. ئۇلار ئەينى دەۋردە شىنجاڭ سودىسىنىڭ جانلىنىشىغا مەلۇم جەھەتتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

جاللات شىڭ شىسەي سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالغان قەرزىنى تۆلىيەلمەي شىنجاڭدىكى بارلىق بايلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، ئۇلارنى ئاساسەن قىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر سودىسى پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭدا سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئورنىتىلدى. شىنجاڭ سودىسى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك گەۋدىسىنى ئاساس قىلىپ تەرەققىي قىلدى. چوڭ تىپتىكى سودا - سانائەت كارخانىلىرى قۇرۇلۇپ شىنجاڭدا مىسلىسىز گۈللىنىش بارلىققا كەلدى. لېكىن 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە ئۇيغۇر سودىسى تۈنجۇقۇش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى.

شېئىرىپ خۇشتار ئەپەندى ئىسلاھاتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر سودىسى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

1978- يىلى ئېلىمىز ئىسلاھات سىياسىتىنى پەيدىنپەي يولغا قويۇشقا باشلىدى. 1983- يىلغا قەدەر، جۇڭگو تۇپرىقىدا تېخى سودا دولقۇنى كۆتۈرۈلمىگەن چاغدا، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ سودا - تىجارەتكە بولغان ئالاھىدە سەزگۈرلۈكىگە تايىنىپ، ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، بېيجىڭلارغا يۈرۈش قىلدى - دە، جۇڭگو بويىچە دېڭىز ياقىسى سودىسىنىڭ ئاۋانگارتلىرى بولۇپ قالدى. گۇاڭدۇڭنىڭ لوسا شەھىرىدىكى دېڭىز ياقىسى سودىسىنى مونوپول قىلىپ، گۇاڭجۇ، بېيجىڭ، شاڭخەيلىكلەر بىلەن سودا قىلدى. ئۇندىن باشقا جۇڭگونىڭ قايسى چوڭ شەھەرلىرىدە قايسى خىل مال بازار تاپسا شۇ يەرگە بېرىپ سودا قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار ھەرقايسى شەھەرلەردە پۇل تىجارىتىنى باشلىدى. ئۇلار قول ئىشارىتى ۋە تىجارەت جەريانىدا ئۆگىنىۋالغان بىرنەچچە ئېغىز قۇلاشمىغان ئىنگلىز تىلى بىلەن چەت ئەللىكلەردىن: «سىزدە ئامېرىكا دوللىرى بارمۇ؟» دېگەندەك سوراپ يۈرۈپ تىجارەت قىلىپ، ناھايىتى تېز ئارىدىلا گۇاڭجۇ چەت ئەل پۇلى بازىرىنىڭ ئاساسىي بىر قىسمىنى ئىگىلىدى. بېيجىڭلىقلار ئۇ چاغدا تېخى ئۇيقۇدا ئىدى. ئۇلار ئېسىنى بىلىپ ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، پۇل ئېلىپ - سېتىشنىڭ بۇ ئاۋانگارتلىرى ئاللىقاچان باشقا بازارلارغا يۈرۈش قىلىشنى باشلىۋەتتى. خۇاڭ يى ئەپەندى ئېيتقاندەك: «شۈبھىسىزكى، ئۇيغۇرلار پۇل ئېلىپ - سېتىشنىڭ ئىشىكىنى تۇنجى بولۇپ ئاچتى ھەم ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى ئويغاتتى».

ئۇيغۇر سودىسى ھەققىدە ئىزچىل ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىلھام ئابدۇكېرىم بۇ ھەقتە تەسىراتىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«مەن 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا بېيجىڭدا بىلىم ئاشۇردۇم. شۇ چاغدا ئۇيغۇر سودا - تىجارەتچىلىرى مەيلى سودا - تىجارەتتىكى كۆلىمى ۋە ماھىرلىقى جەھەتتىن بولسۇن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان ۋە ئۇيغۇرىسنى ئېچىپ قويغانىدى. بۇ ھال مېنىمۇ ھەيران قالدۇرغانىدى. مەن تونۇشقان

خەنزۇ پولداشلار مەندىن ئۇيغۇرلارنىڭ سودىغا ماھىرلىقى، تەۋەككۈلچىلىك روھىنىڭ سىرى ھەققىدە كۆپ سوئال سورايتتى. بۇ ئۇلار مېنى تەبىئىي ھالدا ئويلىنىشقا سېلىپ قويدى. بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭدىمۇ زىيالىيلار ئارىسىدا بۇ ھەقتە ئاز ـ تولا غۇلغۇلا بولۇۋاتاتتى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىگە بەرگەن جاۋابى كىشىنى تازا قايىل قىلالمايتتى. ئۇلار: «ئىسلاھات چوڭقۇرلىشىۋاتقان ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى شۇ جايدا تىجارەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ رىقابەت ئېڭى ۋە كرىزىس تۇيغۇسىنى كۈچەيتىۋەتكەن» دېگەن خۇلاسىگە كەلگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، 80 ـ يىللاردا مەملىكىتىمىزدە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. بۇنداق ئەھۋالدا كۈچلۈك رىقابەت ئېڭى ۋە كرىزىس تۇيغۇسى ھەققىدە تېخىمۇ گەپ ئاچقىلى بولمايتتى. مەسىلىگە ھازىرقى رېئال شارائىتتىن ئەتراپلىق جاۋاب تېپىلمىغانىكەن، باشقا جەھەتلەردىن جاۋاب ئىزدەشكە توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەسىلىگە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، پسىخىكىسى، ياشاش شارائىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى قاتارلىق جەھەتلەردىن جاۋاب ئىزدەشكە باشلىدىم. مۇشۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىمنى بىر پارچە ئىلمىي ماقالە قىلىپ يازدىم. بۇ ماقالەم شۇ چاغدا ئىچكىرىدىكى «جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. خىزمەت ئورنۇمغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇستازلار ۋە كەسىپداشلىرىمنىڭ تەۋسىيىسى، قوللىشى بىلەن بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەتقىقات فوندىغا ئىلتىماس قىلدىم، ئىلتىماسىم تەستىقلاندى. بۇ تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكى كەسىپداشلىرىم بۇ تەتقىقاتقا قىزغىن ئىشتىراك قىلدى. بىز بۇ جەرياندا بىرمۇنچە ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدۇق. مەن ھازىر «ئۇيغۇر سودىسى» دېگەن تېمىدا بىر كىتاب يېزىش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن زور كۈچ كېتىدىغانلىقىنى بىلىمەن. مېنىڭچە، مۇشۇ تېما ئۈچۈن قانچىلىك زور بەدەل تۆلىسەكمۇ ئەرزىيدۇ».

بۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، ئۇيغۇرلاردا مۇشۇ ئون نەچچە يىلدىلا پارتلاش خاراكتېرلىك سودا قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس. بۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيان يىپەك يولى سودىسىدا ئاساسلىق رول ئويناپ كەلگەنلىكى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ سودىغا ماھىرلىقى، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇن گېن بولۇپ ساقلانغانلىقى سەۋەب بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ سودىغا ماھىرلىقى بارا ـ بارا دۇنيا ئەھلى ئېتىراپ قىلىۋاتقان پاكىت؛ ئۇيغۇرلارنىڭ سودا قىلىش تارىخى تارىم دەرياسىدىن ئۇزۇن. بۈگۈنكى دۇنيا كىشىلىرى قايىل بولغان ھالدا: «ئۇيغۇرلارنىڭ سودىگەرچىلىك ئىقتىدارى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا يېتىلىدۇ» دېيىشىدۇ. دېمەك، كىشىلەرمۇ ئۇيغۇرلارنى «يىپەك يولىدىكى ھامماللار»، «ئاسىيا يەھۇدىيلىرى» دەپ ئاتاشقانلىرىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئىسلاھات يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەر بازارلىرى ئاۋاتلاشتى. تېخى يېزىدىن ناھىيە بازىرىغا بېرىپ باقمىغان ئۇيغۇرلار ئېلىمىزنىڭ ھەممە ئۆلكە ـ شەھەرلىرىدە سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. يەنە بىر قىسىم سەركەردە سودىگەرلەر ئاۋمېن، تەيۋەن، سىنگاپور، مالايسىيا، ياپونىيە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سودا قىلسا، يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە روسىيە بازارلىرىنى ئىگىلىدى ۋە ئېلىمىزنىڭ مۇشۇ دۆلەتلەر بازارلىرىنىڭ تايانچىلىرى بولۇپ قالدى. ئۇقۇشىمىزچە، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ سودا ـ تىجارەت قىلغانلارنىڭ قېتىم سانى 100 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشقان. چەت ئەللەردە سودا قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار 30 مىڭدىن كۆپرەك بولغان. بۇلارنىڭ بىر قىسمى تۇراقلىق سودا ۋە كارخانىچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا، كۆپ قىسمى يەنىلا دۆلەت بىلەن دۆلەت ئارىسىدا قاتناپ سودا قىلىدىكەن.

تارىخ پەنلىرى دوكتورى نەبىجان تۇرسۇن ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدىكى سودىسى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى تارىخنىڭ تەكرارلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ، قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ئوينىغان ئۇلۇغ رولىنىڭ بىۋاسىتە ۋارىسى سۈپىتىدە 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا بىزنىڭ ساۋاتسىز تىجارەتچىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ 〈ئىسرسىيەت خاراكتېرلىك تالانتى〉نى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى» ... «بىزنىڭ ئاشۇ ئات ـ جۇنىنىمۇ تۈزۈك يازالمايدىغان تىجارەتچىلىرىمىز ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچنى تاقىلدىتىپ تۇرۇپ، ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالغان چالا ـ بۇلا رۇسچە گەپلەر بىلەن ھەر

15

خەلق ئىما - ئىشارەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ رۇس تىللىق كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشنى ياكى يەرلىك سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ۋە ياكى ئۆزبېك باللىرىنى تەرجىمانلىققا ياللاپ ئىشلەتتى. موسكۋادا ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار، ئۆزبېكلەر، تۈركمەنلەر، ھەتتا قازاقلارمۇ موسكۋاغا كېلىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ سودا تورى تېخىمۇ كېڭىيىشكە يۈزلەندى. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدى. قىزىق يېرى شۇكى، ۋوگزالغا ياكى ئايروپورتقا بارسىڭىز، ئۇ يەردىكى خادىملار، ھەتتا ساقچىلارمۇ بىر قاراپلا ئۇلارنى تونۇۋېلىپ ئىللىق مۇئامىلە قىلىشىدىغان بولدى. بۇ تىجارەتچىلەر دىسلەپكى ماللىرىنى شەرققە ـ بېيجىڭغا ماڭدۇردى. بۇ يول ئېتىلسە غەربكە ـ ۋارشاۋا، سوفىيە، بۇداپېشت، پىراگالارغا ماڭدۇرۇشتى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى تەگمىگەن جاي يوق دېيەرلىك ئىدى. ياۋروپا شەھەرلىرى ۋە يول ئۈستىدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى شەھەرلىرىدە، رومىنىيىنىڭ چۆللىرىدە، ئوكرائىنانىڭ پاتقاقلىق سازلىقلىرىدا، بېلورۇسىيىنىڭ ئورمانلىرىدا، ۋارشاۋانىڭ ئەترگۈللۈك كوچىلىرىدا، سوفىيىنىڭ ۋوگزاللىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاياغ ئىزى قالدى»... «دېمىسىمۇ، شۇ كۈنلەردە بۇ ئادەملەر ئىستخىيىلىك ھالدا موسكۋانى مەركەز قىلىپ، ئۇنى شەرقتە سىبىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق جۇڭگو بىلەن، غەربتە شەرقىي ياۋروپا بىلەن ئايلاندۇرۇپ ئەكىلىپ كىچىك ئاسىيا ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلى، جەنۇبىي ئاسىيا، شۇنداقلا ئىستانبول ياكى سوفىيە ئارقىلىق سىنگاپورغا، سىنگاپور ئارقىلىق شياڭگاڭ، ياپونىيە، تايلاند، مالايسىيا قاتارلىق رايون ۋە دۆلەتلەرنى تۇتاشتۇرۇپ، ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ چوڭ بىر سودا چەمبىرىكىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۇيغۇرلار ھەر خىل سودىدىن تەركىب تاپقان بۇ ھازىرقى زامان «يىپەك يولى» بىلەن ياۋروپا - ئاسىيانىڭ ھاۋا بوشلۇقى، قۇرۇقلۇقىنى تۇتاشتۇرۇپلا قالماي، تىنچ ئوكيان، ھىندى ئوكيان، كاسپىي دېڭىزى ۋە قارا دېڭىزلاردا ئۈزدى».

شىنجاڭنىڭ چېگرا ئېغىزلىرى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر سودىگەرلىرى بۇ دۆلەتلەردىكى ئاساسلىق بازارلارنىڭ ھەممىسنى دېگۈدەك ئىگىلىدى. بۇ دۆلەتلەردىكى قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ۋە يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلار بىلەن تىل تۇسالغۇسى بولمىغانلىقتىن، سودىسى توسقۇنسىز كېڭىيۋەرگەن. ھەتتا روسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدىمۇ پۇل خەجلىسىلا ئۇلارغا تەرجىمانلىق قىلىپ سودىسىنى يۈرگۈزۈپ بېرىدىغانلار قەدەممدە بىر ئۇچراپ تۇرغان. روسىيە، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى تاموژنا خادىملىرىمۇ سودا ئىشى بىلەن ئەڭ كۆپ كىرىپ - چىقىدىغانلار ئۇيغۇر سودىگەرلىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئۇيغۇرچىدىن باشقا تىلنى بىلمىگەچكە، ئۇيغۇرچە ئادەتتىكى ئالاقە سۆزلىرىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولغان.

بىر سودىگەر ئاغىنەم بار ئىدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ دەسمايە سېلىپ بېرىشى بىلەن سودىغا كىرىشىپ، بىرنەچچە يىلدىلا قالتىس روناق تېپىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر چاغلاردا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ۋە تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەتلەردە چۆرگىلەپ يۈرۈپ ئالتە ئاي سودا قىلىپ يېنىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇ ماڭا مۇنداق بىر قىزىق ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ئۇ قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە سودا قىلىپ، كېيىن روسىيە ئارقىلىق بۇلغارىيىگە، ئاندىن تۈركىيىگە بارماقچى بولغان. روسىيە تاموژنىسىدا رەسمىيەت بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن بۇرۇتلۇق بىر رۇس تاموژنا خادىمى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئۇيغۇرچە: «ئەپەندىم، سىزگە ئاق يول تىلەيمەن» دېگەن. ئاغىنەم بۇ ھالدىن ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قېلىپ، ئۆزىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن تاموژنا خادىمىدىن: «سىز قانداق قىلىپ ئۇيغۇرچىنى ئۆگىنىۋالدىڭىز؟» دەپ سورىغاندا، تاموژنا خادىمى: «بۇ يەردىن ئۆتىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى، ئۇلار ئۆز تىلىدىن باشقا تىلنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئامال يوق ئۆگىنىۋالدۇق» دەپ جاۋاب بەرگەن.

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن قانداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن؟ ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر سودىگەرلىرى «يېڭى يىپەك يولى»دا، مەملىكىتىمىزنىڭ بىپايان بوستانلىقلىرىدا تىنىمسىز چېپىپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭ كارامىتىنى، سودىغا ماھىرلىقىنى، جاپادىن قورقماس كەسكىن ئىرادىسىنى ۋە سودا - تىجارەتتىكى تەۋەككۈلچىلىك ۋە قاراملىقىنى ئالاھىدىلىك قىلغان سودا روھىنى نامايان قىلدى. پىشقەدەم سودا مۇتەخەسسىسى شېرىپ خۇشتار ئەپەندى ئۇيغۇرلارنىڭ سودىغا ماھىرلىقىنى تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلەيدۇ:

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىختا ئىگە سودا ھاياتىدا «ھەممە

ئادەم خېرىدار بولالايدۇ، لېكىن خېرىدار سودىگەر بولالمايدۇ»، «بازار دولقۇن پەيدا قىلغان ئۇرۇندىغان قىيىق، ھەر كۈنى بازارغا كېلىپ سودا قىلىدىغان كىشى سودىگەر، بازاردىكى تورلۇك - تۈمەن سودا سودىگەرلەرنىڭ تاللاپ ئولتۇرىدىغان قىيىقى» دەپ قاراپ، ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش سىستېمىلىق سودا چۈشەنچىسىنى ھاسىل قىلغان. ئۇيغۇرلار تارىختا يۈز بەرگەن نۇرغۇن قىيىن سىناقلاردا چېنىقىپ، سودا ماھىرلىرى بولۇپ يېتىلگەن.

خۇلاسىلىگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ سودىدا ماھىرلىقى تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

1. تىجارەتنى ھالال كەسىپ دەپ بىلىدۇ. پايدا ئېلىشقا كۆزى يەتكەن ھەرقانداق تىجارەتنى كەمسىتمەيدۇ.

2. جاپا - مۇشەققەتكە چىدايدۇ. «جاپا چەكمىگۈچە ھالاۋەت يوق» دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدۇ.

3. دىتلاش (پايدا - زىياننى باھالاش)قا ماھىر.

4. ئىرادىلىك، زىيانغا ئۆكۈنمەيدۇ. ھەر ۋاقىت ئۈمىدۋار تۇرىدۇ.

5. ئوبوروت ئېڭى كۈچلۈك، كۆپ پايدىنى دەپ مال ساقلىمايدۇ. ئاز پايدا ئالسىمۇ ئوبوروتنى تېزلىتىدۇ. «پۇل پۇل تاپىدۇ» دېگەن قاراش بويىچە، بىر سەر كۈمۈشتىن بىر يۈەن پايدا ئالغاندىن كۆرە، يۈز تۇخۇمنىڭ ھەر بىرىدىن ئىككى پۇڭدىن ئىككى يۈەن پايدا ئېلىشنى ئەلا دەپ بىلىدۇ.

6. بازار ئىزدەشكە ماھىر. «يېڭى كۆلنىڭ سۈيى سۈزۈك» دېگەن قاراش بويىچە بىر بازار، بىر مالدا تۇرۇۋالمايدۇ. يۇرت ۋە جاھان كېزىپ سودا قىلىدۇ.

7. رىقابەت ئېڭى كۈچلۈك، رىقابەتكە دۇچ كەلگەن چوڭ - كىچىك سودىدا تەۋەككۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلىدۇ.

8. ئېلىم - بېرىمدا ئادىل، ۋەدىگە ۋاپا قىلىدۇ.

سودا ئەخلاقىنىڭ مۇھىم تۈرى باشقىلارغا قىلىشقا تېگىشلىك ياخشىلىقنىڭ ھەممىسىنى قىلىش دېمەكتۇر. ئالايلۇق، ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئادەتتە نەچچە مىڭ يۈەنلەپ پۇل تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار سودىنى ھالاللىق بىلەن قىلىدىغان كەسىپ دەپ بىلگەچكە، باشقىلارنىڭ پۇلى ھامان بىر كۈنى ئۆزىنىڭ نەچچە ھەسسىلەپ پۇلىنى سۈرەپ كېتىدۇ دەپ قاراپ، ئېلىشتىن ئاگاھلىق ھالدا باش تارتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئالغان پايدىسىنىڭ ئۈچ بىرسەتتىدىن بىرىنى پېقىر - مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلىش، مەكتەپ، مەسچىتكە ئوقۇغۇچىلارغا خالىس ياردەم قىلىش، قىسقىسى

پۇلنى خاسىيەتلىك ئىشلارغا ئىشلىتىش، تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا، تېجەشلىك بولۇش، كەيپ - ساپاغا، ئىچىملىك - چېكىملىككە ۋە رىياخورلۇققا بېرىلمەسلىك بىر خىل سودا مىزانى بولۇپ كەتكەن.

مەن يېقىندا ئۆزۈم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۇغقانلارنى يوقلىغىلى باردىم. بىر كۈنى مەھەللە بازىرىدا يوتكا ئاچىدىغان تاغامنىڭ يېنىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتىم. بىر يىگىت «ھاراق يوقمۇ» دەپ سوراپ قالدى ۋە تاغامنىڭ دۇكانغا ھاراق سالمىغانلىقىنى ئەيىبلىدى.

— شۇ چاغقىچە ھاراقنى تۇتمۇدۇم ئۇكام، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تۇتۇشتىن خۇدا ساقلىسۇن، ھاراق سېتىپ جىق پۇل تاپتىم دېگەن بىلەن بۇ يۇرتتا باش كۆتۈرۈپ يۈرگىلى بولاتتىمۇ؟!..— دېدى تاغام.

بۇ گەپلەر گەرچە ئاددىي، زاغرا تىلدا ئېيتىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئاستىدىكى چوڭقۇر ھېكمەت مېنى ئويغا سېلىپ قويدى. بۇ يۇرتتا ھەممىدىن تېز تۈگەيدىغىنى ھاراق ئىدى. ئەگەر تاغام دۇكىنىغا ھاراقنىمۇ سېلىپ قويسا سۆزسىز ئۇنىڭ تىجارىتى ھازىرقىدىن كۆپ ياخشى بولغان، تاغاممۇ بۇ چاغقىچە تاپىدىغان پۇلنى ھاراق بىلەن تېپىپ بولغانمۇ بولاتتى. بىراق ئۇ بۇنداق قىلىشنى نېمە ئۈچۈن راۋا كۆرمىدى؟ ھاراقنىڭ دىنىي قاراشتا ھارام ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ ئۇنىڭ ئادەمنىڭ تېنىگە، روھىغا قانچىلىك زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، جۈملىدىن ئادەمنى قانچىلىك دەرىجىدە زەئىپلەشتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ھەممە كىشى بىلسە كېرەك. دېمەك، پايدىسى ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ ئادەمگە زىيانلىق سودىدىن باش تارتىش تاغامنىڭلا ئەمەس، باشقا جايلاردىكى نۇرغۇنلىغان ھالال سودا قىلىپ ئادەتلەنگەن تىجارەتچىلىرىمىزگە ئورتاق بولغان بىر ئېسىل مىللىي پسىخىكا بولسا كېرەك.

مېنىڭ تاغام دۇكانغا سالىدىغان ماللارنى ئاساسەن ئۆزى ئۈرۈمچىدىن ئاپىرىدۇ. بەزىدە مېنى يالغۇزچىلىق تارتىپ قالماي، ئىشلىرىمغا ئانچە - مۇنچە ھە - پە دېيىشىپ يەر دەپ بىللە ئېلىۋالىدۇ. ئۇ گاھىدا ئېپىدىرەك ياخشى مال ئۇچراپ قالسا، ئەسلىدىكى پىلانىدىن ئاشۇرۇپ كۆپرەك سېتىۋالىدۇ، نەتىجىدە ئالغاچ كەلگەن پۇلى كەملەپ قالىدۇ. بىراق ئۇ بۇنىڭدىن ئارتۇقچە غەم قىلىپ كەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇ پويىز ئىستانسىسىغا جايلاشقان بۇ توپ مال سېتىش بازىرىدىكى بىر - ئىككى خەنزۇ تىجارەتچىدىن كېيىنكى قېتىم ئالغاچ كېلىمەن دەپ نېسى مال ياكى نەق پۇل ئارىيەت ئالالايدىغانلىقىغا

سۈزسىز ئىشىنىدۇ. مەن بۇنداق ھالەتنى كۆپ ئۇچراتقان، تاغام ئەسلىدە ئۇنىڭدىن داۋاملىق مال ئېلىپ تۇرىدىغان كونا خېرىدارى بولغاچقا، ئۇلار ھەتتا ئۇنىڭ ھېچقانداق سالاھىيىتىنى، كىملىك ياكى خىزمەت كىنىشكىسىنى كۆرۈپمۇ ئولتۇرماستىن، مەردلىك بىلەن قورقماي بىرنەچچە تۈمەنلەپ پۇل بېرىپ تۇرالايدۇ. مەن شۇنداق چاغلاردا ئويلىنىپ قالىمەن: ئەجەبا، ئۇلار يات ۋە تونۇشمايدىغان، تىلىنى، دىلىنى ئۆزئارا راۋرۇس بىلىشمەيدىغان تۇرۇقلۇق، ئۇلاردىكى بۇنداق سىرلىق ئىشەنچ، بۇنداق سىرلىق يېقىنچىلىق، بۇنداق سىرلىق مېھرىبانلىق نەدىن كەلدى؟ مېنىڭچە، بۇ يەنىلا سودىدىكى چۈپىقەتچىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ قۇدرىتى! يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ سودىگەرچىلىك ئەنئەنىسىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ھارامدىن قورقۇش پسىخىكىسىنىڭ نەتىجىسىدە، ئالدامچىلىقنىڭ ئازلىقى سەۋەبىدىن سودىنى ئىنتايىن ئېھتىياتچان قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەن ئاشۇ ئىچكىرىسىلىك تىجارەتچىلەرمۇ بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئۇيغۇرلار ئادەتتە نوپۇزغا، نامغا، ئىشەنچكە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. نامى چىققان تىجارەتچىنىڭ تىجارىتى راۋاج تاپىدۇ، دەپ بىلىدۇ.

ئۇيغۇر سودىگەرچىلىرى يەنە كىشىلەر نېمىنى ئويلايدۇ، قانداق تاۋارغا ئېھتىياجلىق دېگەن مەسىلىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەھلىل قىلىدۇ. خېرىدارلارغا مېھرىبانلىق يەتكۈزۈشنى ھەربىر سودا - تىجارەتچىنىڭ ئەقەللىي پەزىلىتى دەپ قارايدۇ. جاھىللىق، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى باشقىلارغا تېڭىشنى ياقتۇرمايدۇ.


ئۇيغۇرلار يەنە ئۆزى بىلگەن تىجارەتچى بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇ نوقۇل باھادىكى ئېتىبار زۆرۈرىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىشەنچ نۇقتىسىدىن شەكىللەنگەن پسىخىك ئادەت.

تىجارەتچى ئەڭ ئاۋۋال ئەڭ ياخشى سایاھەتچى، بىزدە «جاھان كۆرگەن ئىتتىن قورق» دېگەن تەمسىل بار. سەپەر قىلغۇچى ئەقىل ئىگىسى، سەپەر قىلغۇچى ئەڭ تەۋەككۇلچى، سەپەر قىلغۇچى ھاياتنى سۆيگۈچى، سەپەر قىلغۇچى دۇنيانىڭ كەڭلىكىنى بويسۇندۇرۇپ ئۇنى قىزىقارلىق كىتاب سۈپىتىدە ۋاراقلىغۇچى. سەپەرگە چىقىپ دۇنيانى كۆرمىگەن بولسا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يۇرتىمىزنىڭ قالاق ھالىتى بىلەن دۇنيانىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىپادىلەنگەن:

باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى ئۇزاق،
مەن ئۆزۈم يالاڭ ئاياغ، تىكەن دەسسەپ ماڭارمەن.

دېگەنگە ئوخشاش نادىر مىسرالارنى يازالمىغان بولاتتى.

ھەقىقىي تىجارەت پۇختىلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر يىراقنى ئويلايدۇ، نوقۇل پۇلغىلا ئۆزىنى ئۇرۇش خاھىشىدىن ساقلىنىدۇ، تەتقىقاتچىمىز شىرىپ خۇشتار بۇ پىكرىمىزنى شۇنداق خۇلاسىلايدۇ: مەشھۇر ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ بېشى يولى كۆپ خىل ئىگىلىك يارىتىش، تىجارەتنى چوڭ - كىچىك دەپ كەمسىتمەسلىك، ئېلىم - بېرىمدا، جىڭدا ئادىل بولۇش، مەرد بولۇش، بېخىل بولماسلىق، سېخىي بولۇش، ئىسراپچىلىق قىلماسلىق، سودا - تىجارەتتە پۇل تېپىشنى ئاساس قىلماي تەمىنلەشنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا



تونۇلغان ئاتاقلىق سودىگەر كارخانىچى مۇسا ھاجىمنىڭ ئىلى كۆرەدە 200 كىشى ئىشلەيدىغان كۆن - خۇرۇم كارخانىسى، روسىيىگە چىقىرىلىدىغان يۇڭ، تېرە، ئۈچەي، پاختا، ماتا چەكمەن ئېكسپورت قىلىدىغان شىركىتى، يەل - يېمىش (قۇرۇق مېۋە) قاتارلىق چوڭ سودىسى، دادىسى ئابدۇروسۇلبايدىن قالغان 100 مىڭدىن ئارتۇق مال چارۋىسى بولسىمۇ، غۇلجىغا كېلىپ سەرراپ (مۇنچا)، كىرخانا، ساتىراشخانا، ساماۋەرخانا ئاچقاندىن تاشقىرى دۇكانلىرىغا ئىشتانباغ، شۇمەك، ئاق دوپپا، پوزا (پوزا: جىلىت ئاچىدىغان)، نان ياپىدىغان گەزنە قاتارلىق نەرسىلەرنى سالغان، كىشىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلغاندا: «تاما - تاما كۆل تولىدۇ، خۇدا بىزگە تىجارەت كەسپىنى پۇل تېپىشقىلا بەرمىگەن، خەلقنى تەمىنلەش، مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە ئاتا قىلغان، كۆرۈڭلار، كىشىلىرىمىز مۇنچا يوق يۇيۇنالمىغان، كىرچى يوق كىيىملىرى كىر بولۇپ كەتكەن، ھەتتا ئىشتانباغ يوق قىينىلىپ كەتكەندى. مەن قىلغان بۇ كەسپلەر پايدا ۋە تەمىنلەشنى ئاساس قىلغان. بۇنىڭدىن ماڭا تېگىدىغان پايدا ناھايىتى ئاز. ئەمما ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش تىجارەتچىلەرگە ئاللا بۇيرۇغان ئىش» دېگەن.

دېمەك، شۇ چاغلاردا مۇسابايەدەك چوڭ بايلار ئۆزىگە يۈكلەنگەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت بۇرچنى چوڭقۇر ھېس قىلالىغان. جىق پۇل تاپقىلى بولمايدىغان، ئاۋارىچىلىقى جىق، لېكىن كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىنتايىن زۆرۈر كىچىك ماللار بىلەن تەمىنلەشنى ھەرگىز نەزەردىن ساقىت قىلمىغان. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەردە مۇسابايىنىڭ دۇكىنىدىن ھەممە نەرسە تېپىلىدىغاندەك ئۇقۇم شەكىللىنىپ، خېرىدارلار مۇسابايىنىڭ دۇكىنىغا قىزىقىدىغان ۋەزىيەتنى ياراتقان.

مۇسابايىنىڭ ئوغلى ھۈسەيىنباي 1909 - يىلى تېرە زاۋۇتىنى ئىشقا كىرىشتۈرگەندىن كېيىن ھەر كۈنى زاۋۇت ئارىلاپ يۈرۈپ چىچىلىپ كەتكەن، تېرىدىن قىرىلغان يۇڭلارنى، تېرىدىن قىرىۋېلىنغان ماينى، جۇۋىچىلىق كارخانىسىدىن چىققان تېرە پۇرۇچلىرى، موزدۇزلۇق كارخانىسىدىن چىققان چەم - خۇرۇملارنى، يوقىغا ئارىلىشىپ كەتكەن مۈڭگۈز، سۆڭەك، تېرە پارچىلىرىنى مەخسۇس يىغدۇرغان، ئېشىلغان تېرىدىن چىققان يۇڭدا كىگىزچىلىك كارخانىسى قۇرغان. يىغىۋېلىنغان مايدا سوپۇن - شامچىلىق كارخانىسى قۇرغان. سۆڭەكتە تۈگمىچىلىك كارخانىسى قۇرغان. تېرە، چەم پۇرۇچلىرىدا پارچىلىم كارخانىسى قۇرۇپ ياۋروپا بازىرىنى تەمىنلىگەن. بۇ زاۋۇتتا چوڭ - كىچىك 18 قول سانائەت كارخانىسى بولۇپ، بۇ كارخانىلارنىڭ كىرىمى زاۋۇت ۋە سودا كىرىمىنىڭ مەلۇم نىسبىتىنى ئىگىلىگەن. كۆپ خىل ئىگىلىك ئۇلارنىڭ تىجارىتىنىڭ مۇقىم ئالغا ئىلگىرىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان.

ئەرزان بولۇش بىلەن ئەپلىك بولۇش تىجارەتنىڭ مۇھىم ئىككى ئۇقۇم. ئۇيغۇرلار ئالدىنقىسىغا بەكرەك ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. تىجارەت ئەمەلىيەتتە باھا جېڭى، بۇ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان سودىدا ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار مۇۋاپىق باھادا مال سېتىۋالالماسلىقنى ئىنتايىن ئېغىر ئالىدۇ. باھا جەھەتتىكى مۇداپىئە ئېڭى بىرقەدەر يۇقىرى. بولۇپمۇ باھا تالىشىپ چۈشۈرۈلگەن ماللارنى سۆيۈنۈپ سېتىۋالىدۇ. شۇڭا ئەزەلدىن ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرى بازار ئارىلاشقا ئامراق. ئۇلار مەيلى يېنىدا پۇلى بولسۇن، بولمىسۇن، بىرنەرسە ئالماقچى بولسۇن - بولمىسۇن بوش ۋاقتى چىقسىلا بازار ئارىلايدۇ. بۇمۇ شەكلى ئۆزگەرگەن تىجارەت. چۈنكى ئۇلار بازار ئارىلاش ئارقىلىق يېڭى ماللار ئۇچۇرىدىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولىدۇ ۋە ئەرزان مال ئۇچرىسا سېتىۋالىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، سودا - كۆچلۈك ماھارەت، مول بىلىم ۋە ئۇچۇر تەلەپ قىلىدىغان كەسپ. ئۇيغۇرلار نەچچە مىڭ يىللىق سودا - تىجارەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا مول بىلىم ۋە ماھارەتلەرنى يېتىلدۈردى. بۇ بىلىم ۋە تەجرىبىلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پسىخىكىسىدا، ئۆرپ - ئادىتىدە ساقلىنىپ كەلدى. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسى، جۈملىدىن سودا پسىخىكىسى شۇ مىللەت ۋۇجۇدىدىكى بىر پسىخىك چۆكمە بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي جەريان ئىچىدە شەكىللىنىدۇ. تەجرىبە - ساۋاقلارنىڭ ئۈزلۈكسىز جۇغلىنىشى نەتىجىسىدە بېيىيدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ تاۋار مۇھىت مەدەنىيىتىنىڭ بىرقەدەر چوڭقۇر قاتلىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گەرچە ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى ۋە قول بىلەن تۇتقىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەممە يەردە مەۋجۇت بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ئادەت كۈچى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن كىشىلەرنىڭ پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە قىممەت يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ

سودىغا ماھىرلىقىدىن شەكىللەنگەن تىجارەت دىستۇرىمۇ مانا مۇشۇنداق مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇلار بىزنىڭ قىزىرىشىمىزنى، رەنجىشىمىزنى ۋە تەنقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈۋاتىدۇ.

## مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە بۇ ھەقتە ئويلىنىش

بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا سودىسىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان يەھۇدىيلارمۇ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا نەچچە مىڭ يىللىق سودا ئەنئەنىسىگە ئىگە، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا ئۆز بېشىدىن كۆپ ئىسسىق - سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن مىللەت. ئۇنداقتا بۇ ئىككى «سودىگەر مىللەت»نى سودا نۇقتىسىدىن سېلىشتۇرۇشقا بولامدۇ - يوق؟ «بىلىمگە مەبلەغ سالىدىغان» يەھۇدىيلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سودا ئارقىلىق قەد كۆتۈرۈۋاتىدۇ، روناق تېپىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەھۇدىيلارنىڭ سودا قىلىش شەكلى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭكىدەك ئاددىي ھالدىكى يۆتكەپ سېتىشلا ئەمەس، بەلكى كارخانىلىشىپ سانائەت مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىش ۋە بۇ ئارقىلىق سودىسىنى يۈرۈشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

تارىخ پەنلىرى دوكتورى نەبىجان تۇرسۇن «موسكۋا خىياللىرى» ناملىق ئوچېركىدا شۇنداق يازىدۇ: «بىزنىڭ ئاشۇ ئىسمىنى يازالمايدىغان تىجارەتچىلىرىمىز 21 - ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغان بۈگۈنكى شىددەتلىك رىقابەت دۇنياسىدا زامانىۋى تىجارەت بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەجدادلاردىن قالغان ئىرسىيەت خاراكتېرلىك تىجارەت ئىڭىغا تايىنىپ تۇرۇپ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە، ھەتتا ئەڭ زامانىۋى كومپيۇتېر ئۇچۇرى تىجارىتى بىلەن رىقابەتلەشكەن ھالدا تىجارەت ئېلىپ بېرىپ، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتتى. مېنىڭچە، ئىسمىنى يازالمايدىغان بۇ تىجارەتچىلىرىمىزنىڭ كاللىسى كومپيۇتېردىن قېلىشمايدۇ، دېپ ھۆكۈم قىلساق مۇبالىغە بولماس. بۇلاردىكى كۈچلۈك تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى، توختاۋسىز ئالدىن پەرەز قىلىش ئىقتىدارى، شۇنداقلا ھەرۋاقىت يۈز بېرىش مۇمكىن بولغان سۇيىقەستلەر، ئالدامچىلىقلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن ھەممىدىن گۇمانلىنىش پسىخىكىسى ھەممىدە كەمدىنكەم ئۇچرايدىغان تەۋەككۈلچىلىك روھىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈكلۈكى قىرىنداشلىرىمىزنىڭ تىجارەت دۇنياسىدا ئۆز نېسىۋىسىنى ئۆزى تېپىپ يېيىشكە ئاساس بولغانىدى».

ئۇيغۇرلار ھازىرقى دەۋردە ئۇچۇرغا ئېتىبار بېرىدىغانلىقى، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، تەپەككۇرىنىڭ چاقماقتەك ئىشلەيدىغانلىقى بىلەنلا ھازىرقى زامان سودىسىدىكى رىقابەتتە مەلۇم بوشلۇقلاردىن پايدىلىنىپ پۇت تىرەپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇندىن كېيىنكى تەرەققىياتتا، بولۇپمۇ كومپيۇتېر ئۇچۇرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان سودا رىقابىتىدە ئۇيغۇر سودىگەرلىرى يەنىلا مۇستەھكەم پۇت تىرەپ تۇرالامدۇ؟ بىزنىڭ سودىگەرلىرىمىز روھىي كۆتۈرەڭگۈ، پۇل تېپىشقا ماھىر بولسىمۇ، زامانىۋى ئۇچۇر تىجارىتىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، ئۇلارنى ھازىرقى زامان يەھۇدىي سودىگەرلىرىگە قەتئىي سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر سودىگەرلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان سودا ئاساسەن «ھامماللچە» يۆتكەپ سېتىپ، ئارىدىن پايدا تېپىش بىلەن، ئۇندىن باشقا ئاددىي قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى تىجارىتى ۋە يەرلىك مەھسۇلات تىجارىتى بىلەنلا چەكلىنىۋاتىدۇ. رەسمىي يۈرۈشلەشكەن زاۋۇت قۇرۇپ، خەلقئارا سودىغا چىقىرالىغۇدەك سۈپەتلىك سانائەت مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت ناھايىتى ئاز ياكى يوق.

بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، ئىككى ئۇيغۇر تىجارەتچى ئامېرىكىدا تىجارەت قىلماقچى بولۇپ ئۇ يەرگە بارغان. ئۇلار جۇڭگودا ياكى ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيادا قوللىنىلغان ئۇسۇل بويىچە بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە مال يۆتكەپ سېتىپ، ئىككى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باھا پەرقىدىن پايدىلىنىپ غايەت زور پايدا ئېلىشنى كۆزلىگەن. شۇنىڭ بىلەن مەلۇم بىر خىل مېۋىنى ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر شىتاتىدىن نەچچە يۈز تونىنا سېتىۋېلىپ پويىزغا بېسىپ، ئامېرىكىنىڭ شىمالىدىكى بۇ خىل مېۋە زادىلا ئىشلەپچىقىرىلمايدىغان بىر شىتاتقا ئاپىرىپ سېتىش ئۈچۈن مىڭبىر جاپادا

يۆتكىگەن. ئۇلار ئامېرىكىدا سودا ئىشلىرىنىڭ زامانىۋى كومپيۇتېر تورى ئارقىلىق ئۈن - تىنسىز، سادا چىقارماي قىلىنىدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان. ئۇلار ماللىرىنى كۆزلىگەن مەنزىلگە ئېلىپ بېرىپ چۈشۈرگەندىن كېيىن، بۇ يەردىكى شۇ خىل مەھسۇلات باھاسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭكىدىن خېلىلا تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، نېمە سەۋەبتىن شۇنداق بولغانلىقىنى زادىلا بىلەلمىگەن. ئۇلار ئاخىر ئامالسىز ماللىرىنى ناھايىتى ئەرزان باھادا تۆكمە قىلىپ سېتىپ، ۋەيران بولغىلى تاس قېلىپ، «ئامېرىكا، ئامېرىكا دەپ تەرىپلىۋىدى بېرىپتىمىز، بولمايدىغان شاۋقۇنلۇق دۆلەتكەن ئۇ!...» دېيىشىپ ئاران قايتىپ كېلىشۋالغان. زامانىۋى ئۇچۇر، زامانىۋى پەن - تېخنىكىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، بۇ ئىككى ئۇيغۇر سودىگەر خېلىلا ئېغىر زىيان تارتقان.

دېمەككى، ئادەم كاللىسىنىڭمۇ ئىشلىشى چەكلىك بولىدۇ. ئۇنى زامانىۋى قوراللار بىلەن بىرلەشتۈرۈش ھازىرقى سودا - تىجارەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەلەپلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. زامانىۋى پەن - تېخنىكا بىلەن قوراللانماي تۇرۇپ سودا - تىجارەتتە پارلاق ئىستىقبال تاپىمەن دېيىش ئاللىقاچان ئىستېمالدىن قالغان قۇرۇق خىيالغا ئايلىنىپ قالدى. سودا - تىجارەتچىلىرىمىزنىڭ بېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ ساۋاتسىز، مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ زامانىۋى پەن - تېخنىكىدىن خەۋەرسىزلىكى بىزنى ئويغا سالماي، كۆڭلىمىزنى پاراكەندە قىلماي قالمايدۇ. بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزمەي، ئەتراپلىق ئويلانماي تۇرۇش مۇمكىنمۇ؟

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى سودىسى قانچە تېز گۈللەنگەن بولسا شۇنچە تېز كاساتلاشتى. بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدىلا چامادانلاپ پۇل كۆتۈرۈۋالغان بايۋەچچە ئۇيغۇر سودىگەرلەر بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئەسلى ۋەسلىدىن يوقىتىپ ئايرىلىپ ۋەيران بولدى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدا بىر چاغلاردا مال يۆتكەپ سېتىپ راسا گۈللەنگەن سودىگەرلىرىمىزمۇ ھازىر سودىسى ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇلارغا ئىلگىرى مال ئىشلەپچىقىرىپ ئۇلگۇرتۇپ بولالمىغان زاۋۇتلار ھەرقايسى سودا نۇقتىلىرىدا ۋاكالىتەن توپ ۋە پارچە سېتىش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلغاندى. سودا بارغانچە زىلىلىشىپ، ئازۇكلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ساۋاتسىز، قارام، تەۋەككۇلچى ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ ھازىر ئۇنى بىراقلا ئېچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تۈگەشتى، ۋەيران بولدى. ئېنىقى نۇرغۇن تىجارەتچىلەر يەنە بۇنداق بولۇشنىڭ زادى نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى تېخىچە ئاڭقىرىپ بولالمىدى. بىلىمسىزلىكنىڭ، بىلىمگە مەبلەغ سالماسلىقنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتىنى تېخىچە تونۇپ يېتەلمىدى. بۇ نەقەدەر ئېچىنىشلىق ئەھۋال - ھە؟!...

ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىدا نۇرغۇن يۇقىرى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار ئەمەلىيەتتە يېزا - بازار كارخانىلىرى، شۇڭا قۇرغۇچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە بىر نېمە دېمەك تەس. ھەتتا ئۇلار ئەسلىدە ساۋاتسىز دېھقانلار ئىدى. دېھقانلارنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىچىلارغا ئايلىنالىشىدا نېمە سىر بار؟ ئۇزاق مۇددەت ئېتىۋېتىلگەن جۇڭگو مۆلچەرلىگۈسىز ئېچىلمىغان بازارنى بېسىپ ياتقانىدى. بۇ بازارنى تېز ئېچىشتا يولداش دېڭ شياۋپىڭ نوقۇل دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىچىلارغا تايانمىدى. ئەرزان ئەمگەك كۈچى، ئەرزان خام ماتېرىيالغا ئىگە يېزا - بازار كارخانىلىرى بۇ دولقۇنغا قوشۇلدى. دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ بىر ئەۋزەللىكى شۇكى، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن سىرتنىڭ مەبلىغى، تېخنىكىسى شىددەت بىلەن ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى. چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇشقا باشلىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ئاشۇ كارخانىلارنىڭ مەملىكىتىمىزگە ئەكىرىدىغان يېڭى تېخنىكىسى ئىدى. بۇ كارخانىلارغا تورلىشىپ دېھقانلار ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىندى. ئەجنەبىي خوجايىنلار ئويلىمىدىكى، ئاشۇ دېھقانلار ئاقىۋەتتە تېخنىكىدا ئۇلارغا رىقابەتچى بولۇپ يېتىشتى. ئىككى تەرەپ شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىدا ئىشلىگەن دېھقانلار ئەڭ ئاۋۋال يېڭى ئۈسكۈنىلەر ۋە ئۇنىڭ يېڭى مەشغۇلاتى بىلەن تونۇشتى، ئاندىن يېزىسىغا قايتىپ بېرىپ ئاشۇ ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىپ يېزا - بازار كارخانىلىرىنى قۇردى. چەت ساۋاتى تولۇق بولمىغان بۇ كارخانىچىلار چەت ئەل كارخانىلىرىدا بىۋاسىتە كۆرگىنى بويىچە ئاشۇ زامانىۋى كارخانىلارنىڭ زامانىۋى

باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى تەقلىدىي كۆچۈرۈپ كەلدى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئىچكى يولغا قويۇلۇشقا ئۈلگۈرمىگەن مەشغۇلات لىنىيىسى كۆتۈرە ئېرىش تۈزۈملىرىنى ئېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپ يولغا قويۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. دېمەك، بىلىم كۆنسېرى يېڭىلىنىۋاتقان دەۋرىمىزدە يېڭى بىلىم قانداقتۇ ئالىي مەكتەپلەردە مۇنتىزىم ئوقۇشتىن ئەمەس، بەلكى ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش، يېڭىلىققا بۇدۇشقاقتەك يېپىشىپ ئۆگىنىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۆگىنىشمۇ تەدبىر تەلەپ قىلىدىغان ئىش. «يىپەك يولى» پەردىچىلىك دۇكىنىنىڭ دىرېكتورى ئابلىكىم ئەپەندى 1990 - يىلى تۈركىيىگە بېرىپ بىر داڭلىق شىركەتنىڭ كۆن - خۇرۇم ۋە توقۇلما بۇيۇملارنى تىكىش زاۋۇتىدا ئىشلىگەن. ئۇ بۇ يەردە پۇل تېپىش ئۈچۈن ئەمەس، يېڭى تېخنىكا، باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىشلىگەن. زامانىۋى ئۇسكۇنىلەرنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ بۇ دۇكاننى ئاچقان. ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېسىللىقى، باھاسىنىڭ مۇۋاپىقلىقى بىلەن ئىزلا خېرىدارلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان.

ھازىرقى ئىلغار، زامانىۋى سودا ئىشلىرىدا يۈتكەپ سېتىشتىن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆتۈش تەخىرسىز ئىيما بولۇپ قالدى. ياپونىيىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ كۆمۈر ۋە گۈرۈچتىن ئۆزگە ھېچقانداق خام ئەشياسىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئۇلار پەن - تېخنىكىغا، سانائەتكە تايىنىپ پىششقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق خام ئەشياسى قولايسىز بولۇشتەك يېتەرسىزلىكنى تولۇقلاپ دۇنيادا باي ھېسابلانغان چوڭ دۆلەت - ئامېرىكا قاتارىدا ئورۇن ئالالىدى. بىزدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى بولغان شىنجاڭنىڭ بايلىقى مول بولۇشتىن سىرت، ھەر خىل خام ئەشيالار ھەددى - ھېسابسىز. بۇنداق ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتىمىز بىزدىن خام ئەشيالارنى پىششقلاپ ئىشلەيدىغان چوڭ - چوڭ مىللىي زاۋۇت - كارخانىلىرىمىزنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، تونۇلغان ئىقتىسادشۇناس ئابلىكىم ھەسەن ئەپەندى ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى سودا ئەھۋالى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېيدۇ:

سودا ئاڭ ۋە بۇ ئاڭ بىلەن يۇغۇرۇلغان غەيرەت، شىجائەت ۋە ئىزدىنىشكە باغلىق بولغان بىر ساھە. بىزنىڭ نۇرغۇن سودىگەرلىرىمىز راۋاج تېپىپ مەلۇم باسقۇچقا بارغاندا تۇيۇقسىز بازار رىقابىتىدە ۋەيران بولۇۋاتىدۇ. يەنە نۇرغۇن سودىگەرلىرىمىز قولىدىكى مەبلەغنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ كەڭ كەتكەن يېزا - قىشلاقلاردىكى ئېچىلمىغان بازارلارغا، قۇرۇلۇش، يۈكسىلىش ئىمكانىيىتى بولغان توپ سېتىش بازارلىرىغا نەزىرىنى ئاغدۇرالمايۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ مېنىڭچە، بۇ يەنىلا بىزنىڭ ئاڭ - تەپەككۇرىمىز ۋە بىلىم قۇرۇلمىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇ سەۋەبتىن، بۈگۈنكى دەۋردە بىزنىڭ سودىگەرلىرىمىز كەسىپلەشكەن، سىستېمىلاشقان سودا سىستېمىسى ۋە يۇقىرى ئۈنۈم يارىتالايدىغان سودا مۇھىتى يارىتىشتا قىينىلىۋاتىدۇ.

دۇنيا كۈنسايىن تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. كومپيۇتېر





سىستېمىسى ھەممە ساھەنى ئاپتوماتلاشتۇرۇۋەتتى، دېمەك، كومپيۇتېرنى بىلىش، بولۇپمۇ كومپيۇتېرنى قاراتمىلىق ئۆگىنىش سودا جەھەتتە يېڭى بىر ئەۋلات ئۇزۇپ كەتكۈچىلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. چەت ئەللەردە ئوششاق بالىلارمۇ كومپيۇتېرنى بۇ يەردىكى خېلى مانا مەن دەپ يۈرگەن تەتقىقاتچى خادىملىرىمىزدىن ياخشىراق بىلىدۇ. بۇنىسى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، مەدەنىيەت ئاساسى، ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجى كومپيۇتېرنى ھەر بىر ئائىلىگىچە ئومۇملاشتۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇلار ھەر خىل ئۇچۇرلاردىن، يېڭىلىقلاردىن كومپيۇتېر ئارقىلىق خەۋەردار بولىدۇ، جۈملىدىن سودا ئىشلىرىدا تېخىمۇ شۇنداق. جۇڭگودا بۈگۈنكى كۈندە ئۇچۇر تورى شەكىللىنىپ، ئومۇملىشىشقا يۈزلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدا پەقەت بىر تېلېفون، بىر كومپيۇتېرغا تايىنىپ پۈتۈن دۇنيادىكى ھەر قانداق سودا ئۇچۇرىدىن ۋە باشقا ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار بولغىلى بولىدۇ (بىزنىڭ سودىگەرلىرىمىزدە تېلېفون ئالاقىلىشىشى يۈكسەلگەن بولسىمۇ، زامانىۋى قورال كومپيۇتېر ئىشلىتىشنى ئۇققانلار ناھايىتى ئاز). كومپيۇتېر تورى بىلەن قاپلانغان دۇنيا ھازىر مىسلىسىز كىچىكلەپ بىر خاتىرە دەپتەرگە ئوخشاپ قالدى. نەتىجىدە، تىجارەتچىلەرنىڭ بازىرى پەسكويغا چۈشۈپ، ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ بازىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىغان ھالەت شەكىللەندى. بۇ ئامېرىكا قاتارلىق تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە ئاللىبۇرۇن رېئاللىققا ئايلىنىپ بولدى. مەسىلەن، ئاددىيسى بىر ئىستاكان كېرەك بولۇپ قالغان بولسا، ئىستاكاننىڭ رەسىمىنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈۋەتسە، بۇنى ساتىدىغان نەچچە مىڭ ئورۇن كومپيۇتېرغا ئۇچۇر ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرنى تاللاپ كومپيۇتېرغا كىرگۈزسە، ھېساب ئاچقان بانكىسىدىن ئۇچۇر لىنىيىسى ئارقىلىق پۇلنى ئېلىۋېلىپ مەھسۇلاتنى دەرھال ئەۋەتىپ بېرىدۇ. مانا بۇلارمۇ بىزنىڭ سودىگەرلىرىمىز بۈگۈنكى كۈندە چوقۇم بىلىشكە تېگىشلىك قىزىق نۇقتا، تەخىرسىز تېمىلارنىڭ بىرى، بۇ ئارقىلىق ئەنئەنىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان بوشلۇقلارنى تېپىپ، بۈگۈنكى دەۋر سودا ئىشلىرىمىزنى جانلاندۇرۇشىمىزغا بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە بىر يېڭى بىر ئەسىر بوسۇغىسىدا، دەۋر توختاۋسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان، تۈرلۈك ساھە، كەسىپلەر رىقابەت، سىناق، تاللاش ۋە كۈرەشكە دۇچ كېلىۋاتقان، كىشىلەرنىڭ ئاڭ تەپەككۇرى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىۋاتقان ئۇچۇر ۋە ئىنفورماتسىيە دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز.

كۆپلىگەن سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ باللىرىنىڭ ساۋاتسىز ھالەتتە تۇرۇشىمۇ بىزنىڭ كەلگۈسىمىز ئۈچۈن تولىمۇ پايدىسىز. چۈنكى ئۇلار مائارىپنى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، مائارىپنى گۈللەندۈرۈش ۋە باللارنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. نەتىجىدە بىزنىڭ مائارىپىمىز، ئېڭىمىز، تەپەككۇرىمىز دەۋر قەدىمىدىن كۈنسايىن يىراقلىشىدۇ. شۇڭا بىز ۋە دەۋرىمىز بىلىم قۇرۇلمىسىغا، ئىلغار ئىدىيىگە ئىگە سودىگەرلەرگە موھتاج.

بۈگۈنكى دەۋر رىقابەت، كۈرەش، سىناق بىلەن تولغان. كۈنسايىن ئالغا كېتىۋاتقان دەۋردە قانداق قىلىشىمىز، ئىقتىساد، سودىمىزنى قايسى يول بىلەن ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك؟ مېنىڭچە، بۇ رېئال شارائىتتا كىشىلەرنى دەۋر، بازار رىقابىتىگە باغلاپ تەربىيىلەپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى سودا يولىدىكى تېگىرقاش، ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنى يېڭى دەۋر سودىسىغا ماسلاشقان كەسىپلەشكەن، كۆلەملەشكەن سودا مۇھىتى بەرپا قىلىشقا يېتەكلەش ۋە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ھەرخىل ئىلغار سودا ئۇسۇللىرى ۋە شەكىللىرىنى كەڭ - كۆلەمدە تەشۋىق قىلىشىمىز ۋە تونۇتىشىمىز، غەيرىي ۋە يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە ئىقتىدار ئىگىلىرىنى بايقاپ ۋە يېتەكلەپ، ئۇيغۇر سودا مۇھىتىدا جانلانغان بىر كەيپىيات يارىتىش بىزنىڭ بۇ جەھەتتە ئىزدىنىشىمىزنىڭ نىشانى ۋە باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز.

ھەقىقەتەن، بىزنىڭ سودا يولىمىزدا نۇرغۇنلىغان بوشلۇقلار مەۋجۇت. ئەقەللىيسى زامانىۋى سودىنىڭ كۈچلۈك تەشۋىقات قورالى بولغان ئېلان سەنئەتىمۇ بىزدە تېخى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كېتەلىگىنى يوق. بەزى ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىمىز ھەتتا تېلېۋىزور، گېزىتلەرنىڭ ئۇچۇردىن پايدىلىنىشنىمۇ بىلمەيدۇ.

مەن بۇ قېتىمقى ياپونىيىدىكى ئوقۇش ھاياتىمدا، ئۇلارنىڭ سودا ساھەسىدە ھېس قىلغانلىرىمنى ئېيتىپ ئۆتەي: ياپونىيە ھازىر سودا جەھەتتە تەرەققىي قىلىپ %1 ئەتراپىدا تەرەققىي قىلىشنىڭ توپۇنۇش

ياسقۇچىغا يېتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ 50 ـ 60 ـ يىللاردا خەلق ئىگىلىكى ئەڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، تەرەققىياتى 13% كە يەتكەن. 125 مىليون نوپۇسقا ئىگە ياپونىيە ھازىر ھېچقانداق بايلىق مەنبەسى يوق دېگۈدەك ھالەتتە تۇرماقتا. بۇ ھال ياپونىيىلىكلەرنىڭ تۇرمۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزەلمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزىدىكى يۇقىرى ئەمگەك قارىشى بىلەن يەنىلا داۋاملىق ئىزدىنىپ، تىرىشىپ سودا ساھەسىدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىقلارنى ياراتماقتا. بۇ ئۇلارنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى. دېمەك، ياپونىيە سودا ۋە باشقا ساھەلەردە تويۇنغان، سانائەتنى ئاساس قىلىپ سودا ۋە پەن ـ تېخنىكا بىلەن دۆلەتنى گۈللىنىش يولىغا ئېلىپ كىرگەن دۆلەت.

بۈگۈن بىز مەيلى سودا، مەيلى سانائەت ۋە مەيلى



پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىن بولسۇن، ئۇلاردىن ئاللىقاچان ئارقىدا قالدۇق. بىزنىڭ ياپون ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ سودا ئەندىزىلىرى ئۈستىدە توختىلىشىمىز ھەرگىزمۇ ئۆزىمىزنى ئۇلار بىلەن تەڭ بولىمەن دەپ داۋراڭ سېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز رېئاللىقىمىز ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئۈچۈندۇر.

ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ھاياتىدىمۇ نۇرغۇنلىغان ئېچىنىشلىق، تەسىرلىك كەچۈرمىشلەر، سودا ـ تىجارەت ئۇسۇللىرى، دۈچ كەلگەن مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلغانلىقى قاتارلىق تەرەپلەردە نۇرغۇن سىرلار ساقلانماقتا. بىز بۇ بوشلۇقنى سەگەكلىك بىلەن بايقىيالىساق، كەڭ سودا ئەھلىگە مایاك ئورنىدا تەشۋىق قىلغىلى بولاتتى. بۇ ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە.

ھازىر مەن دائىم بەزى تىجارەتچىلەرنىڭ ئاغزىدىن ھازىر سودا قالمىدى دېگەن گەپنى ئاڭلايمەن، دەرۋەقە سودا قالمىدىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار پۈتكۈل جۇڭگونى ئارىلاپ شىنجاڭغا مال يۆتكەپ بېيىغان، بۇ ماللار ئۇلار بولمىسا شىنجاڭغا بەلكىم ئۇنچە بالدۇر كەلمىگەن بولاتتى، ئىككى ئارىلىقتىكى باھا پەرقى ئىنتايىن چوڭ ئىدى. باشقىلارغا ئاشۇنداق زاۋۇتلارنىڭ ئادرېسىنى يۇقىرى باھادا ساتقان ئەھۋالمۇ بولغان، ئۇلار مۇئامىلە قىلىۋاتقان زاۋۇت بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىۋالغان، بۇ زاۋۇتلار ئۇلار ئارقىلىق شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ چوڭ بازارغا قىزىقتى، بۇ تىجارەتچىلىرىمىز باھا پەرقى سودىسىنىڭ ئۆزىگە بارمايدىغانلىقىنى ئويلاشمىغان، ئۆزىگە بارماي ئىچكىرىسىدىكى ھەممە زاۋۇت شىنجاڭدا ھەتتا شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا ئىش باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنى قۇردى. چۈنكى جۇڭگودا ئىزدەپ سېتىۋېلىش ئاكتىپلىقىنىڭ ئورنىنى ئىزدەپ سېتىش ئاكتىپلىقى ئالغانىدى. ئۆز ۋاقتىدا مەڭگۈ مۇشۇنىڭدىن جان باقىمەن دەپ قارىغان سودىگەرلەر تىجارەت قىلغان مال تۈرلىرىنىڭ ئۇلار ئارىلاشمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ قولىدىكىدىن ئەرزان ھالدا ھەرقانداق ماگىزىندا، ئۆيمۇ ـ ئۆي كۆتۈرۈپ ساتقۇچىلارنىڭ قولىدا كۆرگىلى بولىدىغان ھالەتلەر شەكىللەندى.

تاۋارلارنى توشۇش لىنىيىلىرىنىڭ راۋانلىشىشى، مۇكەممەللىشىشى، تېزلىشىشى شۇنداقلا گۇرۇھلاشقان، مەخسۇسلاشقان قەرەللىك سودىنىڭ بۇرۇنقى پارتىزانچە قەرەلسىز سودىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىشى باھا پەرقى ئارقىلىق پارتىزانچە يۆتكەپ پۇل تاپقىلى بولىدىغان يوچۇقلارنى ئەتمەكتە. تىجارەتچىلەرنىڭ بىر نەرسىدىن زىيان تارتسا يەنە بىر نەرسىگە ئۆتۈشى مۇقەررەر، لېكىن كۆلەم، ئۇسۇل، تېخنىكا، بىلىم، يېڭى دەۋرگە ماسلىشىش جەھەتتە ئۆزىدىن ھالقىيالمىسا، جۇۋازچىنىڭ كالىسىدەك بىر ئورۇندا پىرقىراۋەرسە، ۋەيران بولۇش، بىر ئىزدا توختاپ قېلىش خەۋپىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

(داۋامى كېيىنكىساندا)

# 393 000 يۈەن ئالدامچىلىق

# ئۆزىنىڭ سوزۇلغان دەۋا

( ئەدەبىي ئاخبارات )

ئەكبەر سالىھ، مۇھەممەدسالىھ مەترۇزى

**مۇھەررىردىن:** بۇ ـ ئون يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن ئالدامچىلىق، ھازىرغىچە دەۋا ـ دەستۇر ئاخىرلاشقىنى يوق. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن نۇرغۇن ھالال ئەمگىكى بىلەن ئالدىن بېيىغۇچىلار مەيدانغا كېلىش بىلەن بىرگە يەنە ئاز بىر قىسىم ئالدامچىلارمۇ مەيدانغا چىقتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئالدىنىش، ئالداش ۋەقەلىرى كۆپلەپ سادىر بولدى. بۇ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشى ئەمدىلىكتىن مۇكەممەللىشىۋاتقان ۋەزىيەتتە سادىر بولۇۋاتقان سەلبىي ھادىسىلەر. ئاچچىق ساۋاق ئوقۇرمەنلەرنى چوڭقۇر ئويلاندۇرۇش بىلەن بىرگە دەۋاگەرلەرنىڭ قانۇننىڭ نوپۇزى ئۈچۈن كۆرسەتكەن قەيسىرانە، جاھىلانە روھى تەسىرلەندۈرسە ئەجەب ئەمەس...

**قەلەم تەۋرەتكۈچىلەرنىڭ ئىلاۋىسى:** بۇ ـ ئىككى ئورۇن ئوتتۇرىسىدىكى مارافونچە سوزۇلغان ھەق تەلەپ دەۋا ـ دەستۇرى. بۇ دەۋا باشلانغىلى ئون يىلدىن ئاشقان. ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ئىككى قېتىم كېسىم چىقارغان. ئاخىرقى كېسىم ئىجرا قىلىنغىلىمۇ تۆت يىلدىن ئاشقان. ئەمما ھۆكۈم تا بۈگۈنگىچە تولۇق ئىجرا قىلىنمىغان. بىر بۇ دېلو يۈز بېرىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلەۋاتقاندا ئۇنىڭ جەريانى مۇرەككەپلىشىپ، جىنايى دائىرىسىمۇ كېڭىيىپ كەتتى.

دېلوغا مۇناسىۋەتلىك ۋە ئۇنىڭدىن خەۋەردار ئورۇن، شەخسلەر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن 10 مىڭ كىلومېتىرغا يېقىن يول بېسىشقا، تەپسىلاتلار خاتىرىلەنگەن نەچچە يۈز بەتلىك ماتېرىيال، يىگىرمىگە يېقىن ئون ئالغۇ لېنتىسىنى رەتلەشكە، قانۇنلار توپلىمى، قانۇن مەسلىھەتچىلىرى ھەمدە ئادۋوكاتلارغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كەلدى.

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بوستانلىقتا ياشاۋاتقان 126 مىڭدىن ئارتۇق خەلقنىڭ

قانۇنلۇق مەنپەئەتى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىغان. دۆلەتنىڭ مەبلىغى ئالدامچىنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كەتكەن. ئامىمنىڭ ئىنكاسى كۈچىيىپ بارغان، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلارنىڭ نورمال خىزمىتى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان...

بىز بىر مەزگىللىك سۈكۈتتىن كېيىن مۇقەددەس قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ئۈچۈن ئەدەبىي ئاخباراتىمىزنى باشلىدۇق.

# جۇمھۇرىيەت، ساڭا ئۇيۇلتاشتىن تۈۋرۈك ياسايمىز

جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا ئەلنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلغان سۇلالە، پەيغەمبەر خانلارنىڭ قالتىس گۈللىنىپ كەتكەنلىكىنى، ئەكسىچە يول تۇتقانلارنىڭ ھاكىمىيەتكە زىيان سېلىپ، پۇقرالارنى گادايلاشتۇرۇپ، ئۆزگىمۇ، پۇقرالارغىمۇ بالا - قازا ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ يېتىمىز.

سانسىز ئىنقىلابىي كۈرەش، قان تۆكۈش ۋە قۇربان بېرىش بەدىلىگە قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەت 50 - يىشغا قەدەم قويۇاي دەپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جۇمھۇرىيەتنىڭ تۈۋرۈكى بولغان «ئاساسىي قانۇن»نىڭ ماقۇللانغىنىغىمۇ 45 يىل بولاي دەپ قالدى.

جۇمھۇرىيەت بۈگۈنگىچە بولغان تارىخىدا نۇرغۇن ئەگرى - توقاي مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتتى. ئالەمشۇمۇل شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، شۇنداقلا ئۆز قانۇنلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردى.

21 - ئەسىرگە قەدەم قويۇش ئالدىدىكى بۈگۈنكى كۈن جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەربىر پۇقراسى ئۈچۈن قانۇنغا بېكىنۋاشتىن نەزەر سالىدىغان، قانۇن ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىدىغان تەخىرسىز چاغ بولۇپ قالدى...

جۇڭگودا ئادەم كۆپ.

جۇڭگودا مىزان - تۈزۈم كۆپ.

جۇڭگودا مىزان - تۈزۈمنى بىلمەيدىغان، قانۇن - تۈزۈم كۆزقارىشى ئاجىز ئادەملەرمۇ كۆپ.

شۇڭا، جۇڭگودا قانۇن - تۈزۈملەرنى ئىجرا قىلىشتا توسالغۇ، قىيىنچىلىقلارمۇ كۆپ.

ئون يىل يامان چۈش كۆرگەن جۇڭگو 10 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئويغاندى. كىشىلەر ئەتراپقا نەزەر سېلىشۇدى، ئۆزلىرىنىڭ دۇنيانىڭ بەكلا ئارقىسىدا قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش كېرەك، خەلقنى روناق تاپقۇزۇش، پۇقرالارنى بېيىتىش كېرەك. بۇنىڭ چىقىش يولى قەيەردە؟

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش - تارىخنىڭ نەزەرى ئاخىر مۇشۇ ئىككى تۈگۈنگە يىغىلدى.

1978 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى. كېيىنكى يىلى - 1979 - يىلى جۇڭگونىڭ ئىسلاھات مۇقەددىمىسى باشلاندى. جۇمھۇرىيەتنىڭ ماتا مۇشۇ دەۋر بۆلگۈچ يىلىدىكى ئۇلۇغ مىنۇتلاردا ئون يىللىق مالىمانچىلىقتىكى قانۇنسىزلىق قىلىش ساۋاقلىرىنى چوڭقۇر يەكۈنلىگەن، قانۇنچىلىقنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ۋە خەلق تۇرمۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىملىقىنى قايتىدىن تونۇغان جۇڭگولۇقلار بىر دۆلەتتە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، قانۇن - تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە قانۇنىيلىك ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشتى.

1979 - يىلى 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى يې جيەنيىڭ بىر سۆھبەتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىقنى مۇمكىن قەدەر تېز مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەققىدە مۇھىم سۆز قىلدى. 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى يەنە پارتىيە مەركىزىي كومىتېت، گوۋۇيۈەن «دۆلەتنىڭ تىنچ - ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى چىقىرىپ دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە ئىنتىزامنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن دۆلىتىمىزدە چوڭ كۆلەملىك، شۇنداقلا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى باشلىنىپ كەتتى.


جۇڭگودا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغان 20 يىل ياش جۇمھۇرىيىتىمىز ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن

سوتسىيالىزم قۇرۇش داۋامىدىكى 50 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئالاھىدە چوڭ مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان 20 يىل بولدى. بۇ يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن 20 يىل، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا غايەت زور ئۆلگىرىلەش بولغان 20 يىل، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلانغان، دۆلەت ئۈزلۈكسىز قۇدرەت تاپقان 20 يىل. جۈملىدىن قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇلۇپ، مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ خەلقنى خۇشال قىلغان 20 يىل...

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان بۇ 20 يىلدا ئېلىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز چىڭ تۇتۇلۇپ دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، مىللەتلەرنىڭ روناق تېپىشى، ئىقتىسادنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولۇشىنىڭ تۈپ كاپالىتى بولغان قانۇن - تۈزۈملەر ئارقا - ئارقىدىن تۈزۈلۈپ ئېلان قىلىندى.

جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيان، دۆلىتىمىزدە ۋاقىتىنچە ئاساسىي قانۇن رولىنى ئۆتىگەن «ئورتاق پروگرامما»دىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي قانۇن خاراكتېرلىك ھۆججەتنى ئېلان قىلغاندىن باشقا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت رەسمىي «ئاساسىي قانۇن» ئېلان قىلىندى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە دائىمىي كومىتېتى يىغىنلىرىدا 310 دىن ئارتۇق قانۇن ۋە قانۇن مەسىلىلىرىگە ئائىت بەلگىلىمىلەر تۈزۈلدى. گوۋۇيۈەن 800 دىن ئارتۇق مەمۇرىي قائىدە - نىزاملارنى تۈزدى. ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر ۋە باشقا بەرلىك قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان خەلق قۇرۇلتىيى ۋە دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى 5 مىڭدىن ئارتۇق يەرلىك قائىدە - نىزاملارنى تۈزدى ياكى تەستىقلىدى. گوۋۇيۈەندىكى ھەرقايسى مىنىستىرلىق ۋە يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى قانۇندا بېكىتىلگەن خىزمەت ھوقۇقىغا ئاساسەن 30 مىڭدىن ئارتۇق مەمۇرىي قائىدە - نىزاملارنى تۈزدى. تۈزۈلۈپ ئېلان قىلىنغان قانۇن - تۈزۈم، قائىدە - نىزاملار كەڭ ئومۇملاشتۇرۇلمىسا، چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلمىسا، قاتتىق ئىجرا قىلىنمىسا ئۇ بىر پارچە ئاق قەغەزگە ئايلىنىپ قالىدۇ، خالاس.

1994 - يىلى 12 - ئاي، جوڭنەنخەيدە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى قارار قىلىنىدىغان بۇ جاي تۇنجى



قىيتىم قانۇنچىلىقنىڭ لېكسىيە سۆزلىنىدىغان دەرسخانا بولدى. شۇ قېتىمقىدىن ھازىرغىچە مەركەز رەھبەرلىرى قانۇنچىلىقتىن ئالتە قېتىم لېكسىيە ئاڭلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ 3 - بەشيىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدىمۇ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تۇنجى قېتىم پارتىيىمىز تارىخىدا دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ فاڭجېنى قىلىپ بېكىتىلدى.

جۇمھۇرىيەتنىڭ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك يادروسى جۇمھۇرىيەتنىڭ قانۇندىن ئىبارەت تۈۋرۈكىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. جۇمھۇرىيەت قانۇنىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ئۈچۈن تۆلىنىۋاتقان بەدەل ئۇرۇش يىللىرىدىكى تۆكۈلگەن قانلاردىن ئاز بولمىدى. سانسىز ئەمەلىيەت ۋە پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى: جۇمھۇرىيەت ھېچكىمنىڭ ئۆزىنى قانۇندىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇۋېلىشىغا يول قويمىدى!

چۈنكى، قانۇن ھەممىدىن مۇقەددەس، ئۇ جۇڭگودىكى 1 مىلياردتىن ئوشۇق كىشىنىڭ ئىرادىسى. بۇ ئىرادە، بۇ قانۇن غايەت زور ۋە ئاجايىپ مۇقەددەس تۈۋرۈك. بۇ تۈۋرۈك ئۇيۇلتاشتىن، بىر مىلياردتىن ئوشۇق جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇيۇلتاشتەك ئىرادىسىدىن پۈتكەن. ئەمما بۈگۈن ئۇ يەردە 126 مىڭدىن ئوشۇق خەلق تەئەججۇپ ۋە ئاچچىق سوئال بىلەن قانۇنغا مۇراجىئەت قىلىۋاتىدۇ، جاھىللىق ۋە سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ.

ئەمما، بۈگۈن يەنە بىر يەردە بىر توپ ئادەم قانۇن بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇۋاتىدۇ. قانۇندىن يۈچۈق ئىزدەۋاتىدۇ، جاھىللىق ۋە مۇتتەھەملىك بىلەن قانۇن بىلەن ئويىنىشىۋاتىدۇ.

بۈگۈن يەنە بۇ يەردە قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار ئېغىر خورسىنىۋاتىدۇ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ...

115 مىڭ يۈەندىن ھاسىل بولغان بىر چوڭ قار پوكزىكى دومىلاپ بارغانسېرى يوغىناپ قانۇندىن ئىبارەت تۈۋرۈككە قاراپ كېلىۋاتىدۇ...

ئالدامچىنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، ئالدانغۇچىلار گاڭگىرىدى، چىرىكلار دەۋا - دەستۇرغا چۈشتى...

# 150 مىڭ يۈەن قانداقلارچە ئالدامچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدۇ؟



چىرا، بۇ - تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە، جۇملىدىن دۆلەت بويىچە نۇقتىلىق يۆلىنىدىغان نامرات ناھىيە، ناھىيىدىكى 126 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دېھقان.

بۇ يۇرت يىل بويى قۇم - بورانىنىڭ، قۇرغاقچىلىقنىڭ، زىياندىش ھاشاراتلارنىڭ ئېغىر ھۇجۇمىغا، تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. نەگە قارىسا شۇ يەردىن نامراتلىق پۇراپدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ چەت يېزىلىرىدىكى، تاغلىق رايونلىرىدىكى خېلى نۇرغۇن ئۆيلەردە تېخى ئېلېكتر چىراغ يوق. ئۇ يەردىكى بەزى كىشىلەر ئۆمرىدە ھەتتا بىرەر قېتىم ناھىيە بازىرىنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ. دوستلار، تونۇش - يارەنلەر، بىز بىلىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر ئۇ يەرگە بارغان، ئۇ يەرنى كۆرگەن.

شۇنداق، ناھىيە نامرات. ئادەملىرى مېھماندوست، ئاق كۆڭۈل ھەم جاپاكەش...

باشقىلار خوتەنلىكلەرنى «جاھىل» خەلق دېيىشىدۇ. خوتەنلىكلەر يەنە چىرىلىقلارنى «ئاچچىق ئۆرۈك» دېيىشىدۇ. بۇ تارىختىن قېپقالغان نام. شۇنداقلا تېگىدە نۇرغۇن مەنىلەرنى يوشۇرغان ھېكايە.

چىرىلىقلار نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىيمىز، دەيدۇ. توغرا، ئۇلار بېيىشى كېرەك. بېيىش ئۈچۈن پاختا تېرىمىسا بولمايدۇ. چۈنكى، يۇرتىنىڭ ھاۋا كېلىماتى، قۇرغاقچىلىق ئۇلارغا مۇشۇ يولنى تاللاتقان. يۇقىرىنىڭ دانا سىياسىتى مۇشۇ يولغا يېتەكلىگەن.

پاختا تېرىغاندا سۇلياۋ يوپۇق يېپىلمىسا بولمايدۇ. سۇ بولمىسا، كېۋەز مايسىلىرى قۇرۇپ كەتسە دېھقانلار ھوسۇل ئالالمايدۇ. قولىغا پۇل كىرمەيدۇ. بېيىيالمايدۇ. شۇڭا يەرنىڭ نەملىكىنى ساقلاش ئۈچۈن سۇلياۋ يوپۇق يېپىش كېرەك.


1987 - يىلى شىنجاڭدا سۇلياۋ يوپۇق بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرىدا سۇلياۋ يوپۇقنىڭ جىددىيلىكى گەۋدىلىك بولدى. ئەمما قانداقلا بولمىسۇن دېھقانلارغا سۇلياۋ يوپۇق كەلتۈرۈش، كېلەر يىللىق پاختا مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش كېرەك. چىرا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتىنىڭ رەھبەرلىرى

شۇ قارارغا كەلدى.

1987 - يىلى 11 - ئاينىڭ بېشىدا ناھىيىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شىركىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن دىرېكتورى لى جوڭيى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا كېرەكلىك سۇلياۋ يوپۇق ئوقۇشۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ كوپېراتىپ ۋە شىركەت رەھبەرلىرىنىڭ تاپشۇرۇقىنى، جۈملىدىن دېھقانلارنىڭ ئىشەنچ، ئۈمىدىنى ئېلىپ ماڭغانىدى.

ئېلىمىز ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان پىلانلىق ئىگىلىك شارائىتىدا تەرەققىيات قەدەملىرىنى باستى. شۇڭا بۇ قەدەملەرنىڭ چامدىلىشى ئاستا، ئۈنۈم تۆۋەن بولدى. بۈگۈن كەينىمىزگە نەزەر سالغاندا كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغىنى تەمىنلەشنىڭ نورمىلىق بولغانلىقى، «ھايانكەشلەر»نىڭ «توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىغانلىقى» دەل مۇشۇ ئەھۋاللار.

شۇنداق، جوڭگولۇقلار نورما ئاسارىتىنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان. نورما - ناتوغرا ئىگىلىكنىڭ يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانلىقىدىن، نامراتلىق، ئاچلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. جوڭگونىڭ ئاشۇ يىللىرىدا، كېيىنچە نورمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن بازار شەكىللەندى. تەرەققىيات، تۈزىمىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش بىر كۈندىلا ئىشقا ئاشمايدۇ، ئەلۋەتتە. گەرچە رەخت، ئاشلىق، ماي، گۆش دېگەندەك تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن كارخانا، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى ماتېرىيال سېتىۋېلىشتا يەنىلا خېلى مەزگىلگىچە نورمىدىن قۇتۇلالمىدى.



پىلان، نورما بەزى ھايانكەشلەرگە، ئالدامچىلارغا قانۇنسىز بېيىشنىڭ شارائىتلىرى بىلەن تەمىن ئەتتى.

ئۇلار كىشىلەرنىڭ مەلۇم نەرسىگە بولغان ئېھتىياجى ۋە پسىخىكىسىدىن پايدىلىنىپ باھانى قالايمىقانلاشتۇردى. رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى باھا پەرقىدىن نەپ ئالدى. كىشىلەرنى ئالدىدى.

1987 - يىلى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان 8 - يىلى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، بولۇپمۇ باشقۇرۇش ئەندىزىلىرى تېخى چوڭقۇرلاشمىغان ۋە مۇكەممەللەشمىگەن چاغ. مۇشۇ مەزگىلنىڭ ئالدى - كەينىدە تۈرلۈك ئىقتىسادىي گەۋدىلەر قۇرۇلدى. ئەمما ئۇنى قوغداش ۋە تەشكىللىگۈچى ئورۇن، شەخسلەرنىڭ سالاھىيىتى ھەمدە قابىلىيىتىگە چەك قويۇلمىدى، تەكشۈرۈلمىدى، ھەتتا بۇ ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ مەسئۇللىقىغا بەزى ئالدامچىلار، ساختىپەزلەر تەيىنلەندى. بەزى كىشىلەر ھەتتا ئۆزىگە نەپ يەتكۈزگەنلەرنى ۋەزىپىگە قويدى. ئۇشىنىڭ كەينىنى، ئاقىۋىتىنى، مەسئۇلىيىتىنى ئويلاشمىدى. نەتىجىدە پۇرسەتپەرەسلەر «سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتىدىغانلار» پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دۆلەت ۋە كوللېكتىپقا ئېغىر زىيانلارنى سالدى.

1987 - يىل 11 - ئاي، ئۈرۈمچى. لى مۇئاۋىن دىرېكتور ئۈرۈمچىگە چىقىپلا سۇلياۋ يوپۇق ئوقۇشۇش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە چاپتى. تىگىشتۈرىدى. ئەمما سۇلياۋ يوپۇق سېتىپ بېرىدىغان بىرەر ئورۇن توغرۇلۇق ئۇچۇرغا ئىگە بولالمىدى.

ھەر كۈنى كەچتە ياتاقىغا روھسىز ۋە ھارغىن ھالەتتە قايتىپ كېلىۋاتقان لى مۇئاۋىن دىرېكتور مېھمانخانا كارىدورىدا بىرمىلەننىڭ دىققىتىنى تارتتى.

...

- سۇلياۋ يوپۇق سېتىۋالىدىغان ئىشمىدى. توۋا، ئىككىمىز بىر - بىرىمىز بىلەن قوشنا ياتاقتا تۇرۇپ بىلىشەلمىگىنىمىزنى. مانا مەن سۇلياۋ يوپۇق سېتىۋالىدىغان خېرىدار ئىزدەپ يۈرىمەن. سىز بولسىڭىز... ھەي «تۆگىگە مىنىپ تۆگە ئىزدەپتۇ» دېگەن مۇشۇ - دە، قېنى، لى دىرېكتور، مېنىڭ ياتىقىمغا كىرىپ پاراڭلىشايلى.

- فامىلەم ياڭ، ئىسمىم جوڭمىڭ - دېدى ھېلىقى كىشى لى مۇئاۋىن دىرېكتورنى ياتىقىغا باشلاپ كىرگەندىن كېيىن بىر ئىستاكان چاي قۇيۇۋېتىپ - قېنى، تاماكا چېكىڭ - ياڭ جوڭمىڭ لى مۇئاۋىن دىرېكتورغا يېقىنچىلىق قىلىپ «خوڭمېي» ماركىلىق تاماكا تۇتتى.

ئىككىيلەن بىرپەس پاراڭلىشىپ ئوبدانلا چىقىشىپ قالدى.

**ياڭ جۇگمىڭدىن لى مۇئاۋىن دىرېكتور ئىگىلىگەن ئارخىپ:**

ئىسمى: جۇگمىڭ.

فامىلىسى: ياڭ.

سالاھىيىتى: بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى خېجىڭ ناھىيە لەمىسمودۇن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ سېچۇەن ئۆلكىسىنىڭ گۇاڭيۇەندە تۇرۇشلۇق تىجارەت ئورنىنىڭ مەسئۇلى.

لى مۇئاۋىن دىرېكتورغا بەرگەن تەسىرى: پوزۇر كىيىنگەن، سېچۇەن تەلەپپۇزىغا يېقىن سۆزلەيدۇ. 30 ياشلار چامىسىدا، سۆزمەن، باشقىلارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئوتتۇۋالالايدىغان ئادەم.

لى مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ شۇ كۈنى كەچتە ياڭ دىرېكتورنىڭ ھەمراھلىقىدا ھاردۇقى چىققۇدەك غىزالاندى. تەنلىرى يايرىغۇدەك تاتلىق ئۇخلىدى...

تېلېفون جىرىڭلىدى. ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ سابىق مۇدىرى ئابدۇللا سىدىق كوپېراتىپنىڭ بىرنەچچە رەھبىرى بىلەن كېلەر يىللىق پىلان ئۈستىدىكى مۇزاكىرىسىنى توختىتىپ تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى.

- ۋەي، كىما؟

- ۋەي، ئا جۇرىنما؟ ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ، مەن لى جۇگيې...

ئابدۇللا مۇدىرنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ تۇرۇپكىنى قويۇپ پىلان مۇزاكىرىسىنى توختاتتى - دە، دەرھال كوپېراتىپ تەۋەسىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنى يىغىپ، لى مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ ئۈرۈمچىدىن يوللىغان خۇشخەۋىرىنى يەتكۈزدى.

سۇلياۋ يوپۇق سېتىۋالالايدىغان بولدۇقمۇ...

ھەممەيلەننىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. خۇشال بولۇشتى. شۇنداقلا يەنە دەرگۇمانىدىمۇ بولۇشتى.

- لى جۇگيېنىڭ گېپى راستمىدۇ؟

كوپېراپتىكىلەر دەرھال سۇلياۋ يوپۇق سېتىۋېلىش ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، لى مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ ئېيتقانلىرىنى دەڭسەپ كۆردى.

گەرچە لى جۇگيېنىڭ گېپى راست بولسىمۇ، ئەمما سۇلياۋ يوپۇق سېتىۋالىدىغان پۇلنى ئۇنىڭغا بىۋاستە ئەۋەتىپ بېرىش مۇۋاپىق ئەمەس.

ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟

يىغىن مۇزاكىرىسى خېلى كۆپ ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، خىزمەتلەرگە مەسئۇلىيەتچان، ئىشنى پۇختا بېجىرىدۇ دەپ قارالغان كوپېراتىپ پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ يۇفۇنى ئۈرۈمچىگە سۇلياۋ يوپۇق سېتىۋېلىشقا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتىشنى قارار قىلدى.

جاڭ يۇفۇ ئۈرۈمچىگە چىقىپ ئۇدۇل لى مۇئاۋىن دىرېكتورنى ئىزدەپ تاپتى ۋە ئۇنىڭدىن تەپسىلىي ئەھۋاللارنى سورىدى.

ياڭ دىرېكتور ئىشەنچلىك ئادەم، ئۇ بىزگە سۇلياۋ يوپۇق سېتىپ بېرىدىغان بولدى...

جاڭ يۇفۇ لى مۇئاۋىن دىرېكتور بىلەن بىرگە ياڭ جۇگمىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن دەرھال كوپېراتىپقا تېلېفون ئۇردى.

پۇل تەييار بولسىلا سۇلياۋ يوپۇق سېتىۋالغىلى بولىدىكەن. 500 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىلدى. بۇ دۆلەتنىڭ چىرا ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن ئاجراتقان 500 مىڭ يۈەن قەرز پۇلى ئىدى.

«تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ» سۇلياۋ يوپۇق سېتىۋېلىپ ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا بالدۇر ۋە پۇختا تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن، 500 مىڭ يۈەن پۇل كوپېراتىپنىڭ شوپۇرى تۇرسۇن ئارقىلىق ئايروپىلان بىلەن جىددىي ماڭغۇزۇلدى.

ياڭ جۇگمىڭنىڭ ئوشۇقى ئالچە چۈشەي دەپ قالغانىدى. ئۇ دەسلەپتە لى مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ ئېيتقانلىرىغا تازا ئىشىنىپ كەتمىگەنىدى. شۇنداقتىمۇ يەنە بىر نېمىلەرنى ئويلاپ ئوبدان كۈتۈپ قويىدى. ئەمدى ئوتتۇرىغا جاڭ فامىلىلىك يەنە بىرى چىقتى. قارىغاندا ئۇنىڭ خەجلىگەن پۇلى، لى مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ سوكۇلدىغانلىرى بىكارغا كەتمىگەندەك قىلاتتى.

ياڭ جۇگمىڭ ئىككىنچى باسقۇچلۇق تەييارلىققا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ سېچۇەندىكى يۇرتىغا تېلېفون ئۇرۇپ ئاغىنىلىرى ئارقىلىق مەلۇم بىر مېھمانخانىدىكى مېھمان كۈتۈش پونكىتىدە تۇرىدىغان قىزنى سېتىۋالدى. ئاندىن ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش بۆلۈمىدىكى ئۇكا ئاغىنىسى لى شاۋيىڭغا يات ئارىدا مەلۇم بىر ئورۇن بىلەن سۇلياۋ يوپۇق سېتىش - سېتىپ بېرىش توغرۇلۇق توختام تۈزىدىغانلىقىنى يۇرنىتىپ قويىدى. ئاخىرىدا يالغاندىن ئومۇم نامىدا ئوبدۇرۇۋالغان تامغىسىنى كىچىك سومكىسىغا سالدى، يالغان ئالاقە خەتلىرىنىمۇ تەييارلاپ قويدى. ياڭ جۇگمىڭنىڭ تەييارلىقلىرى پۈتتى، ئەمدى

توختام ئىمزالىنىپ بىلىق فارمافقا ئىلىنىسىلا بولاتتى.

1987 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى خېجىڭ ناھىيە ئەمىنمودۇن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ گۇاڭيۈەندە تۇرۇشلۇق تىجارەت ئورنى بىلەن خوتەن ۋىلايىتى چىرا ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا بىرلەشمە كوپىراتىپىنىڭ قارىمىقىدىكى ناھىيىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى ئۆرۈمچىدە 80 تونىنا سۇلياۋ يوپۇق سېتىش ـ سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالاش ئۈچۈن سۆھبەت ئۈستىلى ئالدىغا كەلدى.

سۆھبەت ئۇزاق داۋاملاشمىدى. ئەمما كەيپىيات تولىمۇ قىزغىن بولدى. ياڭ جۈگمىڭنىڭ بىرنەچچە «كاتىپ خېنىم»ى تاتلىق كۈلكە، چەلپكار خۇلق بىلەن جاڭ يۈفۇ ۋە لى مۇئاۋىن دىرېكتورلارغا خۇشپۇراق تارقاپ تۇرىدىغان ئېسىل چايلارنى كەلتۈرۈپ، قىزغىن «مۇلازىمەت» قىلىپ تۇردى. ياڭ دىرېكتور ۋە ئۇنىڭ بىرنەچچە «قول ئاستىدىكى خادىم»لىرى خۇشخۇي ھەم «ئەستايىدىل»لىق بىلەن توختام مەزمۇنلىرىنى چۆرىدەپ، «كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە» سۆزلىدى.

**توختامنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:**

ئەمىنمودۇن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ گۇاڭيۈەندە تۇرۇشلۇق تىجارەت ئورنى بىلەن چىرا ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا بىرلەشمە كوپىراتىپى 80 تونىنا سۇلياۋ يوپۇقنى ھەر توننىسى 7800 يۈەن باھا بىلەن سېتىپ بېرىش ـ سېتىۋېلىش توختىمى ئىمزالاندى. توختامدا كوپىراتىپ تىجارەت ئورنىغا ئالدىن 150 مىڭ يۈەن زاكالەت پۇلى تاپشۇرىدۇ. تىجارەت ئورنى شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا 30 تونىنا، 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا 50 تونىنا سۇلياۋ يوپۇقنى ئۆرۈمچى جەنۇبىي پويىز ۋوگزالىدا كوپىراتىپقا تاپشۇرىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

بۇ چاغدا جاڭ يۈفۇ، لى مۇئاۋىن دىرېكتورلار سەل ئويلاندى. تەييارلانغان توختامغا قايتا ـ قايتا كۆز يۈگۈرتتى. تىجارەت بۆلۈمىنىڭ تامغىسى، ھۆكۈمەت مۆھۈرى ئورنىنىڭ ئىسپات تامغىسىمۇ بېسىلغان.

ـ قېنى، ئەمىسە...ـ ياڭ جۈگمىڭ تامغا بېسىلغان ۋە ئىمزا قويۇلغان توختام قەغىزىنى جاڭ يۈفۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى. ياڭ جۈگمىڭنىڭ ياش ھەم تولغان، مودا كىيىنگەن «كاتىپ قىز»ى سەل ئالدىغا ئېڭىشىپ جاڭ يۈفۇنىڭ ئىستاكانىغا ئالدىرىماي چاي قۇيۇپ قويدى...

جاڭ يۈفۇ ئىسسىق بېسىپ سەل ئولتۇرۇپ قالدى ۋە توختامدىكى ئىسپات تامغىسىغا سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن لى مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ ئالدىغا سۈردى.

ـ توختامغا سىز قول قويۇڭ، سۇلياۋ يوپۇقنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى سېتىۋالغاندىكىن...

ـ ھەي، جاڭ مۇدىر،ـ دېدى كىچىك كۆزلىرى تېخىمۇ يۇمۇلۇپ كەتكەن لى مۇئاۋىن دىرېكتور بارماقلىرى بىلەن تۇرغان قولىنى چايقاپ،ـ سىز دېگەن مېنىڭ باشلىقىم، توختامغا يەنىلا سىزنىڭ قول قويغىنىڭىز تۈزۈك، بۇ يا بىزدەك ئاددىي ئادەملەر قىلىدىغان ئىش بولمىسا...

جاڭ يۈفۇ قەلەمنى قولىغا ئېلىپ توختامغا «جاڭ يۈفۇ» دېگەن ئىسمىنى چىرايلىق قىلىپ يازدى.

توختام ئىمزالىنىپ بولدى. ئۇلار ياڭ جۈگمىڭنىڭ مېھمانخانىدىكى «ئىشخانىسى»دىن چىقىپ ئۇنىڭ پەستە ۋەزىپە كۈتۈپ تۇرغان كىچىك «ماشىنىسى»غا ئولتۇرۇپ «غىزالانغىلى» يۈرۈپ كەتتى.

ئەتىسى لى مۇئاۋىن دىرېكتور 150 مىڭ يۈەن زاكالەت پۇلىنى تىجارەت ئورنىغا تاپشۇردى.

ۋاقىت ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ ئاستا ئۆتۈۋاتاتتى. كۈتۈش، تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈش. جاڭ يۈفۇ، لى مۇئاۋىن دىرېكتورلار سۇلياۋ يوپۇقنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتە. كوپىراتىپتىكىلەر، چىرىلىق دېھقانلار سۇلياۋ يوپۇقنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتە. ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا بالدۇر تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئالدىرىماقتا...

11 ـ ئايمۇ توشتى. ئەمما ياڭ جۈگمىڭدىن ھېچقانداق ئۇچۇر بولمىدى.

بەلكىم، مال ۋوگزالغا كېلىپ بولغاندۇر.

چىرا ناھىيىلىك كوپىراتىپتىكىلەر ئۆرۈمچى جەنۇبىي پويىز ۋوگزالىغا تىجارەت بۆلۈمى بىلەن تۈزگەن توختامغا ئاساسەن پۇلنى تەييارلاپ سۇلياۋ يوپۇقنى ئۆتكۈزۈۋالغىلى كەلدى. سۈرۈشتۈرۈپ، ئېنىقلاپ كۆرۈۋىدى، مالنىڭ تېخى يېتىپ كەلمىگەنلىكى ئېنىق بولدى.

چىرىلىقلار جىددىيلىشىپ قالدى. بىز ئالدىنىپ قالمىغاندىمىز. چىرا ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا بىرلەشمە كوپىراتىپتىكىلەر بۇ ئىشقا تولىمۇ ئەستايىدىل ۋە جىددىي مۇئامىلە قىلدى. ئۇلار ياڭ جۈگمىڭنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن يەنە ئادەم چىقاردى، تۇشمۇ ـ تۇشقا چېپىپ ئىزدەپ يۈرۈشنىڭ نەتىجىسى چىقمىدى. كېيىن ئۇنىڭ

ئۈرۈمچىدىن ئىچكىرىگە كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر ئېلىندى.

ئۈرۈمچىدىن بېرىلگەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىچۇەنگە ئۇلاندى.

— ۋەي، سىلەر سۇلياۋ ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتمۇ؟ بىز شىنجاڭدىن تېلېفون ئۇرۇۋاتىمىز.

— ھەئە، بۇ سۇلياۋ زاۋۇتى، نېمە ئىشىڭلار بار ئىدى؟

— بىز بىر تىجارەت ئورنى بىلەن سۇلياۋ يوپۇق سېتىش، سېتىۋېلىش ھەققىدە توختام تۈزۈشكەن. ئەمما بىز مالنى بۈگۈنگىچە تاپشۇرۇۋالمىدۇق. ئۇ سۇلياۋ يوپۇقنى سىلەرنىڭ زاۋۇتىڭلاردىن ئەكەلمەكچىدى...

— توختاپ تۇرۇڭلار، مەن سوراپ باقاي.

ياڭ جوڭمىڭنىڭ ئۇلارغا بەرگەن تېلېفون نومۇرى توغرىكەن، بۇ راستىنلا سۇلياۋ زاۋۇتىنىڭ تېلېفونى ئىكەن.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن تېلېفوننى قوبۇل قىلغان قىزنىڭ ئاۋازى قايتا ئاڭلاندى:

— ۋەي، زاۋۇتىمىز شىنجاڭنىڭ سىلەر دېگەندەك بىرەر تىجارەت ئورنى بىلەن ئىمزالىغان ئۇنداق كېلىشىم يوق ئىكەن. ياڭ جوڭمىڭ ئىسىملىك بىرەيلەننىمۇ بىلمەيدىكەن، كەچۈرۈڭلار.

تېلېفون ئۈزۈلۈپ تۇرۇپكىدىن تېلېفوننىڭ يېقىمسىز ئاۋازى ئاڭلاندى.

تېلېفون بەرگۈچى مەڭدىگىنىچە بىردەم تۇرۇپ قالدى.

راستىنلا ئالدىنىپ قالغانمىدۇق. ياق، مۇمكىن ئەمەس. بۇ تىجارەت ئورنى ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى ئورۇن تۇرسا، ياڭ جوڭمىڭنىمۇ بۇ تىجارەت ئورنىنىڭ مەسئۇللىقىغا يېزىلىق ھۆكۈمەت تەيىنلىگەن. يەنە كېلىپ قانۇنلۇق رەسمىيەتلىرى تولۇق تۇرسا. سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى توختام بۆلۈممۇ ئىسپات تامغىسىنى بېسىپ گۇۋاھ بولغان تۇرسا. توغرا، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ياڭ جوڭمىڭ ئوشۇقى ئالچە چۈشكەندىن كېيىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ پۇلنى ئېلىپ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان ئادەملىرىنى رازى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەپلىشىپ قالسا سۇلياۋ يوپۇق ئەكىلىپ تېخىمۇ كۆپ بايلىققا ئىگە بولۇش، ئەپلەشمىسە زاكالەت پۇلىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، چىرىلىقلار بىلەن، قانۇن - تۈزۈم بىلەن بىر ئېيتىشىپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى - دە، ئايروپىلان بىلەن ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

1987 - يىلى ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. ئەمما چىرىلىقلار 30 تونىنا سۇلياۋ يوپۇق تۇرماق، ياڭ جوڭمىڭنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى. ئەمدى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان قەرز پۇلنىڭ، دۆلەتنىڭ 150 مىڭ يۈەن مەبلىغىنىڭ غايىب بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەتتى. ئىشەندى، گاڭگىرىدى، بۇ ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بىر ئالدامچىلىق ئىدى.

چىرا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپىراتىپتىكى رەھبەرلەر جىددىيلەشتى، كوپىراتىپتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر غۇلغۇلا قىلىشتى. بۇ يامان خەۋەر بىردەمدىلا چىرىلىقلار ئارىسىغا پۇر كەتتى.

— چىرا ناھىيىسىنىڭ سۇلياۋ يوپۇق سېتىۋالىدىغان 150 مىڭ يۈەن پۇلى ئالدامچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ!

— چىرا ناھىيىسىنى نەمىنىمودۇن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بىر تىجارەت ئورنى قويۇپتۇ.

— بىزنىڭ پۇلىمىزنى خەق ئالداپ ئېلىۋاپتۇ.

— چىرىلىقلار ئەزەلدىن ھېچكىمگە بوزەك بولمىغان.


— چىرىلىقلار قانۇن - تۈزۈمنى ياقىلايدىغان خەلق، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئەخمەق قىلىشىغا چىداپ تۇرالمايدۇ.

بۇ چىرا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپىراتىپى تارىخىدىكى ئەڭ زور ئالدىنىپ قېلىش ئىدى.

دېھقانلارنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە تاقىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇقنىڭ يوق بولۇشى، 150 مىڭ يۈەننىڭ ئالدامچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى چىرىلىقلارنى چۆچۈتىۋەتتى.

1987 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چىرا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپىراتىپىغا ۋاكالىتەن كوپىراتىپنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى ئۈرۈمچىگە چىقىپ، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى خېجىڭ ناھىيە نەمىنىمودۇن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قارمىقىدىكى تىجارەت ئورنىنىڭ ئالدامچىلىق قىلمىشىنى بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى كېيىم قىلىش ھەيئىتىگە ئەرز سۇندى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



# ھەر كىمگە بالا مۇھىم

(ھېكايە)

قادىر ئارسلان

بىرنەچچە ئاي بۇرۇن بىزنىڭ كۋارتالغا، يەنە كېلىپ بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئۈستىگە يېڭى قوشنا كۆچۈپ كەلدى. كۈندە كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان قولۇم - قوشنىلارنىڭ چىراي ئىپادىسى ئادەمنىڭ كەيپىياتىغا، خاتىرجەملىكىگە قاتتىق تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا» دېگەندەك، ئادەتتە كىشىلەر ئۆزىنىڭ قوشنىسىنىڭ مىجەز - خۇلقى، كىشىلەرگە بولغان مۇئامىلىسى، ئادەمگەرچىلىكى ئۈستىدە كۆپرەك غەم يەيدۇ. لېكىن بۇ قېتىم بىزنىڭ كۋارتالدىكى ھەممەيلەن يېڭى قوشنىنىڭ مىجەز - خۇلقى توغرىسىدا ئويلىنىپ يۈرمەيلا خۇش بولۇپ كەتتۇق. دېمىسىمۇ بۇ خۇش بولۇشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى. يېڭى قوشنىمىز ئىدارىمىزغا كەلگىلى بىرەر يىل بولۇپ قالغان باشقارما دەرىجىلىك كادىر ئىدى. بۇنداق دېسەم، سىز جاھان تازا قىزىغكەن، بىر باشلىق بىلەن قوشنا بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ خۇشال بولىدىغان كىشىلەر بار ئىكەن دەپ قالماڭ. ئەلۋەتتە، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە بۇنداق كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس. لېكىن بىزنىڭ خۇشال بولۇشىمىزغا باشقا بىر ئىش سەۋەب بولدى.

بۇ ئۈچ كۋارتاللىق ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ سېلىنغىنىغا ئون يىل بولۇپ قالدى. ئىككى كۋارتالدا ئىدارىنىڭ ئاددىي پۇقرالىرى بىلەن باشلىقلار ئارىلىشىپ ئولتۇرغان بولۇپ، پەقەت بىزنىڭ كۋارتاللا ئاددىي پۇقرالار كۋارتالى ئىدى. قەۋەتلىك بىنا دېگەننىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقلىرى، مەسىلەن، سۇ، ھاجەتخانا دېگەن نەرسىلىرى بولغىنى بىلەن دەردىمۇ يېتەرلىك بولىدىكەن. تۇرۇبا يولىڭىزدا چاتاق چىقىپ باقسۇنچۇ قېنى، نېمە كۈنلەرنى كۆرىسىزكىن! بىزدەك يۇقىرى قەۋەتتە ئولتۇرۇپ قالغانلارغۇ مەيلى، ھەممە ئەلەم بىرىنچى قەۋەتتە ئولتۇرىدىغان بىچارىلەرگە كېلىدۇ. ئادەتتە تۇرۇبا بىلەن چاندۇرماي يەر ئاستىدىكى كىرەكسىز سۇ يولىغا چۈشۈپ كېتىدىغان چىقىرىندىلار بىرىنچى قەۋەتتىكى بىچارىلەرنىڭ سۇ يوللىرىدىن يۇقىرىغا ئۆرلەپ، ئۆيلىرىنى سېسىقچىلىققا، مەينەتچىلىككە تولدۇرۇۋېتىدۇ. ئۆز باللىرىنىڭ تەرىتىنى تازىلاش ھېچقانداق بىلىنمىگەن بىلەن، قولۇم - قوشنىلارنىڭ تەرىتىنى تازىلاش كىشىگە ئېغىر كېلىدىغان ئىش - تە. لېكىن نېمە ئامال بار دەيسىز؟... سىز تالاغا چىقىۋېلىپ قاقشايسىز، كىملەرنىدۇر تىللايسىز، لېكىن قايسى قوشنىنىڭ بىرنەرسىسى تۇرۇبا يولىغا كېلىشىپ

قالغانلىقىنى بىلمىگەندىكىن، بىرەر ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ گەپ قىلماق تەس. قالغان قوشنىلار سىزگە ھېسداشلىق قىلىدۇ، ھەممىسىلا خىجىل بولغان، خۇددۇكسىرىگەن قىيابەتتە سىزگە قاراپ قويىدۇ، ئەمما سىز بىلەن بىللە چىقىرىندىلارنى توشۇشۇپ بەرمەيدۇ...

بىزنىڭ بىنانىڭ تۇرۇبىلىرى كىچىكرەكمۇ ياكى ئۆزىمىزنىڭ دىققەت قىلىشى يېتەرلىك ئەمەسمۇ، ئېتىلىپ بىر سەۋەب تۈپەيلى تۇرۇبا يولى توسۇلۇپ قالىدىغان پاجىئەلىك ۋەقە بىر يىلدا بىر قانچە قېتىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. قوشنا ئىككى كۋارتالدا بۇنداق ئىش يۈز بەرسە، شۇ كۈنىلا ئۈزۈل - كېسىل بىر تەرەپ قىلىنىپ، بىرىنچى قەۋەتتىكىلەر خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ. بىراق بىزنىڭ كۋارتالدا بۇنداق ھادىسە يۈز بەرسە، بىرقانچە كۈنلەر سوزۇلۇپ، بىرىنچى قەۋەتتىكى بىچارە قوشنىلىرىمىزنى پايىپېتەك قىلىۋېتىدۇ. ئۈستۈنكى قەۋەتتىكىلەرمۇ ئۇلارنىڭ غۇدۇراشلىرىنى ئاڭلاشقا، ھاجەتخانا ئىزدەپ سىرتقا يۈگۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئارىدىكى پەرقنىڭ نېمە سەۋەبتىن يۈز بېرىدىغانلىقىنى بۇ بىناغا كۆچۈپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىلىۋالدۇق. ئەسلىدە بۇ ئۆز كۋارتالىمىزدا ئەمەلدارنىڭ بولۇش - بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىكەن ئەمەسمۇ! شۇڭا بىزنىڭ كۋارتالدىكىلەرنىڭ بىرەر باشلىق قوشنىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلگىنىگە خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى. لېكىن بىزنىڭ كۋارتالدىكى ئۆيلەر قوشنا كۋارتالدىكىلەرگە قارىغاندا كىچىك بولغاچقا، بۇنداق ئارزۇيىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ قىلالايدىغىنىمىز — دەردنى ئىچىگە يۇتۇش، تۇرۇبا يولىدا چاتاق چىقسا نۆۋەتلىشىپ باشلىقلارنى ئىزدەش بولۇپ قالغانىدى.

بىزگە تەلەي چىراي ئاچىدىغان كۈنلەرمۇ بولىدىكەن. مانا ئەمدى بىزنىڭمۇ باشلىق قوشنىمىز بار بولدى، تۇرۇبا دىشۋارچىلىقىدىن قۇتۇلىدىغان بولدۇق. قوشنىدارچىلىقنىڭ مېھرى ۋە كەلگەن تەلەينىڭ خۇشلۇقىدا ھەممىمىز يېڭى قوشنىمىزنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۆيىگە توشۇشۇپ بەردۇق، ئۆيلىرىمىزگە چاقىرىۋالدۇق. يېڭى قوشنىمىز يېشى ئوتتۇزدىن ھالقىغان، كىبىرى يوق، سالام - سائەتتە جايىدا، خۇش چاقچاق كىشىدەك قىلاتتى. قوشنىلارنىڭ مۇشۇنداق چىقىشىپ قىلىشى ئادەم ئۈچۈن بىر بەخت - تە! ھەممەيلەن يەنە بىر قېتىم خۇش بولۇپ، بىر - بىرىمىزگە مەمنۇنلۇق بىلەن بېقىشتۇق. بىراق ئۇنىڭ بىر سۆزى بىزنى ئەنسىرىتىپ قويدى. «بۇ ئىدارىنىڭ ئۆي قىيىنچىلىقى ئېغىركەن، ئۆلچەمگە توشمىسىمۇ، ئامالسىز بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇرىدىغان بولدۇم، كېيىنچە بىر گەپ بولار...» دېدى قوشنىمىز بىرقانچە قېتىم. دېمىسىمۇ راست، بۇ كاتتەكتەك ئۆيلەر بىزدەك پۇقرالارنىڭ دەرىجىسىگە مۇۋاپىق كەلگىنى بىلەن، باشلىقلارغا توغرا كەلمەيدۇ. مۇبادا كەڭتاشا ئۆي چىقىپ قېلىپ، ئۇ كۆچۈپ كەتكۈدەك بولسا، بىزنى يەنە پالاكەت بېسىشى تۇرغان گەپ. بىز ئەنسىرىگەن ھالدا مۇشۇ ھەقتە پىچىرلاشتۇق، ئاخىر «بىر - ئىككى يىل بولسىمۇ قوشنا بولۇپ ئولتۇرارمىز. كېيىنكىسى بىر گەپ بولار. ‹پالتا تەگكۈچە، كۆتەك ئارام ئاپتۇ› دېگەن گەپ بار» دېيىشىپ، بىر - بىرىمىزگە تەسەللى بېرىشتۇق.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتمەيلا يېڭى قوشنىمىزنىڭ راھىتىنى كۆردۇق. تۇرۇبا يولى يەنە توسۇلۇپ قالدى. بىرىنچى قەۋەتتىكى قوشنىمىز ئۆڭگۈسۈلى ئۆچكەن ھالدا بۇ ئېچىنىشلىق ھادىسىنى ئۆيمۇئۆي خەۋەر قىلىپ، ھەر بىرىمىزدىن سۇ يولىدىن پايدىلانماي تۇرۇشىمىزنى ئۆتۈندى. «خاتىرجەم بولۇڭ، بۈگۈنلا بىر تەرەپ قىلىمەن!» ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى يېڭى قوشنىمىزنىڭ كەسكىنلىك بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، يەنە بىر قېتىم بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۇق. ھەي، مۇشۇ كىشى بىلەن ئۇزاقراق قوشنا بولۇش نېسىپ بولغاي، ئىلاھىم!

راست دېگەندەك چۈشكىچە سۇ يولىمىز راۋانلىشىپ كەتتى. بۇ قېتىم قوشنا كۋارتالدىكى قوشنىلىرىمىز بىزگە چاقچاق قىلىشقا، بىزنى زاڭلىق قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدى.

«بىر خۇشاللىقنىڭ بىر يىغىسى بار» دېگەندەك، ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتمەيلا مېنىڭ بېشىمغا كۈن چۈشتى. چوڭ بالامنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇپ ۋە بىر مۇنچە يول يۈرۈپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ ھاردۇقۇم چىقىپ قالغاندەك بولۇپ قالغىلى ئىككى يىل بولۇپ قالغانىدى. ئەمدى مېنىڭ غەم يەيدىغان كۈنلىرىم يەنە باشلانغانىدى. چۈنكى ئىككىنچى بالام، يەنى ئوغلۇم مۇشۇ قىش ۋە ئەتىيازنى ئۆتكۈزۈۋالسىلا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشاتتى. مەكتەپتىكى تەييارلىق بىلەن ئىش پۈتمەيدىغانلىقى ھەممەيلەنگە مەلۇم. شۇڭا مەن كەچلىك پائالىيەتلىرىمنى ئاساسەن تاشلاپ، ئوغلۇم بىلەن مەشغۇل بولۇشقا باشلىغانىدىم. شەنبە، يەكشەنبە كۈنىدىن باشقا كۈنلىرى تېلېۋىزور كۆرۈش، ئۈنئالغۇ ئاڭلاش دېگەنلەر بىزنىڭ ئۆيدە تامامەن چەكلەنگەنىدى.

جىمى ئوقۇشنى مۇشۇ كۈننىڭ بالىلىرىلا ئوقۇۋېدىغاندەك، ئوغلۇمنىڭ تەييارلاشقا تېگىشلىك دەرسلىرى ھەم كۆپ، ھەم مۇرەككەپ ئىدى. بەزىلىرىنى ئانچە - مۇنچە غاجىلىيالىغىنىم بىلەن، تولىسىغا چىشىم ئۆتمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ ھەر ئاخشىمى ئوغلۇمنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدىغان بولدۇم. بۇ تولىمۇ زېرىكەرلىك ئىش ئىدى. لېكىن نېمە ئامال دەيسىز، بالا دېگەن ھەممىدىن مۇھىم ئىكەن. ئوغلۇمنى تىجارەتكە سالاي دېسەم، دەسمايەم يوق، ئوغلۇمدىمۇ تىجارەت خېمىرتۇرۇچى يوق بولۇپ، ئۇنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى – يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش ئىدى. مەكتەپتە يەتتە سائەت مەشغۇلات قىلغىنى يەتمىگەندەك، ئۆيدە كەچ سائەت ئالتە يېرىمدىن ئون بىرگىچە دەرس تەكرارلىشىغا توغرا كېلەتتى. بەزىدە كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ھارغىنلىقنىڭ ئازابىدىن روھسىزلانغان ئوغلۇمغا قاراپ ئىچىم ئاغرىپ كېتەتتى. بىراق ئۇنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن بۇ ھېسسىياتىمنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر ئىدىم.

ئاتا - بالا ئىككىيلەننىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قىلىنىدىغان تەييارلىق ئىشلىرىمىز ھەر ھالدا خېلى ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتاتتى. يەنە بىر - ئىككى ئاينى ئۆتكۈزۈپ، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىشنىمۇ ئويلاپ قويغانىدىم. بىراق بىردىنلا ئىشلار باشقىچە بولۇپ كەتتى.

بىر كۈنى ئۆيدە ئولتۇرسام، پەلەمپەيدىن ھاسىرىغان، «ئاستىراق، ئاۋايلاڭلار» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ قالدى. ئىشىكنى ئاچسام تۆت ھامماл بىر روياڭنى كۆتۈرۈپ چىقىۋېتىپتۇ، يېڭى قوشنىمىز ئۇلارغا ئاۋايلاشنى قايتا - قايتا ئېيتماقتا ئىدى. دېمەك، قوشنىمىز ھازىرقى ئائىلىلەرنىڭ مەدەنىيلىكىنىڭ بىر مۇھىم بەلگىسى بولغان بۇ قىممەتلىك بۇيۇمنى ئاپتۇ - دە. ئۆزى چالالامدىغاندۇ ياكى ئايالىمۇ؟ ياق، بۇنى يەتتە ياشلىق قىزىغا ئالغاندەك قىلىدۇ. 19 - ئەسىردىكى ياۋروپادا ئېسىلزادىلەرنىڭ ساپالىقىنى بىلدۈرىدىغان بۇ بۇيۇم مۇشۇ كۈندە بىزنىڭ ئارىمىزغا يېتىپ كەلگەن، بالىسىدا سەنئەت ئۇرۇقىنىڭ، مۇزىكا سېزىمىنىڭ بولۇش - بولماسلىقىغا باقماي، بۇ جەمەتتە تەربىيىلەش مودا بولۇپ قالغان مۇشۇ كۈنلەردە، يېڭى قوشنىمىزنىڭمۇ ئارقىدا قالغۇسى كەلمىگەن ئوخشايدۇ. ھەي، بۇمۇ بىر بالا غېمى، بالا دېگەن ھەممىدىن ئۈچۈن مۇھىم!

پەلەمپەيدىن چىققاندا، جۇشقۇنلۇقتا ئاخشىمىدىن ئاغزى بېسىقمايدىغان، ئاخشىچىلار توغرىسىدا پاراڭ بولسا، مايكىل جېكسوندىن چۈشىدىغان، ئەمما ئاۋازىدىن ئارزاقىمۇ ناخشىچىغا خاس پۇراقنىڭ يوقلۇقى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدىغان قوشنىمىزنىڭ قىزى ئۈچۈن ئېلىنغان روياڭ ماڭا ئارتۇقچىدەك بىلىنگەن بولسىمۇ، مودا بىلەن ھەۋەس كىشىلەرنىڭ بىر خىل تۇرمۇش ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، قوشنىمىز ياخشى قىپتۇ دەپ قالدىم.

قوشنىمىز ئۆز بالىسىغا ياخشى ئىش قىلىپ بەرگىنى بىلەن، مېنىڭ بالامنى پالاكەت باسقانلىقىنى شۇ كۈنىلا مەلۇم بولدى. شۇ كۈنى كەچ سائەت ئالتە يېرىمدا بىز ئىككىيلەن جاپالىق مەشغۇلاتىمىزنى ئەمدىلا باشلىشىمىزغا بۇ بىناغا كۆچۈپ كىرگەندىن بۇيان زادىلا ئاڭلاپ بېقىشقا نېسىپ بولمىغان ئاۋازدىن قاتتىق چۆچۈپ، بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ قالدۇق. ئاشخانا ئۆيدە ئىش قىلىۋاتقان ئايالىم قاتتىق قورقۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، چىرايىدا قان قالمىغان ھالدا يۈگۈرۈپ چىقتى. ئاۋاز ئۈستۈنكى قەۋەتتىن - يېڭى قوشنىمىزنىڭ ئۆيىدىن ئاڭلىنىۋاتاتتى. توۋا، روياڭدا ئورۇندالغان مۇزىكىلارنىمۇ ئاڭلاپ باققان، مۇزارت، بېتخوۋېننىڭ مۇزىكىلىرىدىنمۇ ھۇزۇرلانغان. بىراق نائۇستىلارنىڭ قولىدا روياڭدىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي، شۇنداقلا مەدەنىي چالغۇنىڭ ئاۋازى ئاجايىپ سەت ۋە قورقۇنچلۇق چىقىدىكىنا!

مانا توختاپ قالار، ئەنە توختاپ قالار بىلەن بىرەر سائەتنى ئۆتكۈزۈپ باقتۇق، نەدىكىنى، بورانىنىڭ دىم ھۇشقىيتقاندەك، دىم گۈرۈلدىگەندەك ئاۋازى توختايدىغاندەك ئەمەس.

– دادا، بۇنداق بولسا قانداقمۇ دەرس تەييارلىيالايمەن؟– دېدى ئوغلۇم يىغلىۋەتكۈدەك بولۇپ،– چىقىپ باقساڭمۇ بوپتىكەن.

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇمىيۇ، شۇ ھامان ئولتۇرۇپ قالدىم.

– بالام، قوشنىمىز يېڭى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قورقۇنچلۇق نەرسىنى بۈگۈنلا ئېلىپ كەلدى. يۈگۈرۈپ چىقسام سەت تۇرار ھەقچان، – دېدىم مەن بىچارە قىياپەتتە، – نېرىقى ئۆيگە چىقىپ تەييارلايلى.

بىز ئوغلۇم ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىپ بەرگەن ئۆيدىن چىقتۇق. لېكىن قالغان ئىككى ئۆيگە يۆتكىلىپ باققان بولساقمۇ، يۇقىرىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ۋەھىملىك ئاۋازدىن زادىلا قۇتۇلالمىدۇق. ئۇ بىزنى سائەت توققۇز يېرىمغىچە قىيناپ ھالىمىزنى قويمىدى. پەيزى ئۆچۈپ كەتكەن ئوغلۇمنىڭ بۈگۈنكى ئېرىسىغا تەكرار قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇ ئائىلىمىزگە كەلگەن ئېغىر كۈنلەرنىڭ باشلىنىشى ئىكەن. ھەر ئاخشىمى سائەت ئالتە بېرىمدا ئوغلۇم بىلەن ئىككىيلەن كىتاب، دەپتەرنى ئاچىمىز، ئارىدىن بەش - ئون مىنۇت ئۆتە - ئۆتمەيلا يۇقىرىسىقى قەۋەتتىن «بوران»نىڭ گۈرۈلدىشى، ھۇشقىرتىشى باشلىنىپ كېتىدۇ. شۇ باشلانغىنىچە توپتوغرا توققۇز يېرىمغىچە داۋام قىلىدۇ. بىز پاختىنى تۈرمىلەكلىپ قۇلىقىمىزغا تىقىپ باقىمىز، ئاۋاز سەل پەسەيگەندەك قىلىدۇ. لېكىن يەرنىڭ ئاستىدىن كېلىۋاتقاندەك ئاڭلىنىدىغان ئاۋاز بىزنى تېخىمۇ بىئاراملىققا سېلىۋېتىدۇ. تەكرارنى توققۇز يېرىمدىن كېيىنگە ئورۇنلاشتۇرماقچى بولدۇق، لېكىن بالام ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە مەكتەپكە بېرىشى كېرەك!

سۇ يولى توسۇلۇپ قالىدىغان ئىشلار يىلدا ئىككى - ئۈچ قېتىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. شۇنىڭغىمۇ چىدىماي قاقشاپ يۈرگىنىمنىڭ، «بىزنىڭ كۈۋارتالدىمۇ بىرەر باشلىق قوشنا بولۇپ ئولتۇرۇپ قالغان بولسا بۇنداق بولۇپ كەتمەيتتى» دەپ ئويلىغانلىرىمنىڭ جازاسىنى تارتىشقا باشلىغانلىقىمنى چۈشەندىم. بىر ئىشنىڭ راھىتى بولغىنى بىلەن، ئۆزىگە تۇشلۇق دەردىمۇ بولىدىكەن ئەمەسمۇ! «مۇشۇ كۈندە تۇرۇبا يولى كۈندە توسۇلۇپ قالسىمۇ، بىر توسۇلغىنىچە ھەپتىلەپ رېمونت قىلىنمىسىمۇ، ئۆزىمىز بىلەن قوشۇلۇپ ئالتە قەۋەتتىكى ئالتە ئائىلىلىكنىڭ تەرتى ۋە يۇندىسىنى بىرىنچى قەۋەتتىكى قوشنامغا ياردەملىشىپ سىرتقا توشۇسامىمۇ مەيلى، مۇشۇ بىچارە بالامنىڭ تەييارلىق قىلىشىغا تەسىر يەتمىسىلا بولاتتى» دېگەن خىيال مېنىڭدىن نېرى بولمايدىغان بولدى. ھەر كۈنى كەچ سائەت ئالتە يېرىم يېقىنلاشقانسېرى مېنى ۋەھىمە باساتتى، يۈرىكىم ئاغرىيتتى. ئائىلىمىزنىڭ قاتتىق پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئوغلۇم ھە دېسە تامىقىنى چاكىلدىتىپ قويۇپ، پات - پات تورۇسقا قارايتتى. گويا بۇ ئىشلارغا مەن جاۋابكاردەك تىپىرلاپ ئولتۇرالماي قالاتتىم. ئايالىم چىرايىنى ئاللىقانداق قىلىپ: «ھەي، سىز بىر ئەر كىشى بولغاندىكىن، چىقىپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلسىڭىز بولمامدۇ! مەن چىقاي دېسەم، يولۇمنى توسۇۋېسىز» دەپ قاقشايتتى. ئايال كىشى دېگەنمۇ قىزىق بولىدىكەن، كىچىككىنە بىر ئىش بولسا يۈزىنى سىيرىۋېتىپ دەيدىغىنىنى دەۋاتقان. لېكىن بۇ كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى، يۈزنى سىيرىۋېتىشقىمۇ بولىۋېرمەيتتى. چۈنكى ھەممەيلەنگە بالا مۇھىم - دە! مەن نەچچە - نەچچە قېتىم باشلىق قوشنىمىزنىڭ ئۆيىگە چىقىپ، ئەھۋالنى ئېيتىپ يالۋۇرغۇم كەلدى. بىراق بۇنىڭ بىلەن مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشىغا كۆزۈم يەتمەيتتى. بالىسىنى تەربىيلەش ئۈچۈن تومەننىڭ بېشىغا سۇ قويۇپ بۇ «قارا بوران»نى ئالغان ئادەم مېنىڭ بالامنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن يەتتە - سەككىز ئاي سەۋر قىلىپ تۇرالىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولسام، ئېھتىمال شۇنداق قىلالىشىم مۇمكىن. ئەمما بۇ قوشنىمىز ياش. ھازىرقى ياشلارغا ئۆزىنىلا ئويلاشتىن ئىبارەت ئاجايىپ خىسلەت مەھكەم چاپلاشقان مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ بىزدەك بىر قوشنىسى ئۈچۈن قۇربان بېرىشى مۇمكىنمۇ؟ مەنغۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە چىقىپ ئەھۋالنى ئېيتارمەن. لېكىن ئۇ: «ھەر ئىككىمىز ئۆز ئۆيىمىزدە ياشايمىز. ئادەم دېگەن ئۆز ئۆيىدە خالىغىنىنى قىلالمايدىغان بولسا، ئۆينىڭ نېمە كېرىكى!» دەپ سالسا، بۇ كۆڭۈل ئاغرىقىنى تارتىپ يۈرىدىغان ئىش چىقىدۇ. شۇنداقتىمۇ بالا ئۈچۈن بۇ كۆڭۈل ئاغرىقىنى تارتىشقا رازى ئىدىم.

قانداقلا بولمىسۇن، قوشنام بىلەن سۆزلىشىپ باقماقچى بولدۇم. تەلىيىمگە ئايالىم ئادەتتىكىدىن بەكرەك تاپا - تەنە قىلغان كەچنىڭ ئەتىسى چۈشتە يېڭى قوشنام بىلەن بىللە ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ قالدۇق.

— قىزچاق رويال ئۆگىنىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ياندىشىپ ماڭغىنىمچە.

— شۇنداق، — دېدى قوشنام خۇشخۇيلۇق بىلەن، — بالا دېگەن ھەر بىر ئاتا - ئانىغا تولىمۇ مۇھىم. ئۇنى تەربىيىلەش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلمىساق، كېيىن جاپا تارتىپ قالىدىغان گەپ.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدىم مەن ئالدىراپ، — مۇزىكا بىلەن تەربىيىلىسە، بالىلار ئەقىللىق بولىدۇ دېيىشىدىكەن.

— بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ، بۇ دېگەن نۇرغۇن يىللىق ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن، — دېدى قوشنام بىر خىل ئىشەنچ بىلەن.

«چوڭ يىغىندا سۆزلىگەندەك سۆزلەيدىغان باشلىق ئىكەن - دە، بۇ دەپ ئويلىدىم مەن سەل غەلىتىلىك ھېس قىلىپ. ۋايىەي، قانداق سۆزلىسە سۆزلەۋەرمەمدۇ! مەن ئۆزۈمنىڭ مەقسىتىنى ئۇقتۇرالسامىلا بولدىغۇ...»

— رويال دېگەن قالتىس نەرسىكەن، — دېدىم مەن يەنىلا گەپنى ئەگىتىپ، — ئاۋازى بىنانى بىر ئالىدىكەنغۇ ئۇنىڭ!

قوشنام قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، ئاۋازى چىقمىسا

سار دېگىلى بولامدۇ ئۇنى! بىرەر يىلدىن كېيىن قىزىم روياللىنى ئوبدان ئۆگىنىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا رويال مۇزىكىلىرىدىن ھەقسىز بەھرىمەن بولىدىغان بولدۇڭلار ـ دە، ھا ـ ھا ـ ھا!

مەنمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۈلۈشكە مەجبۇر بولدۇم. بىراق مېنىڭ كۈلكەم ئاچچىق كۈلكە، ھەسرەتلىك كۈلكە ئىدى.

ـ ئوغلۇم كېلەر يىلى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرمەكچى ئىدى... ـ مەن نەق گەپنى ئاۋايلاپ باشلىۋىدىم، قوشنام ئۈزۈۋەتتى:

ـ شۇنداقمۇ؟ ئوقۇشى ياخشىدۇ؟

مېنىڭ يۈرىكىم ئويناپ كەتتى. چۈنكى نەق گەپنى قىلىش پەيتى يېتىپ كەلگەنىدى. مەن پەس ئاۋازدا گەپ باشلىدىم:

ـ ئوقۇشىغۇ يامان ئەمەس...

ـ ياخشى ئوقۇسۇن، ـ دېدى قوشنام گېپىمنى بۆلۈپ، ـ نومۇر چېكىنگىلا يەتكۈزۈپ بەرسە، قالغان يولىنى مېڭىش ئانچە قىيىنغا چۈشمەيدۇ. قوشنا بولۇپ قالدۇق ئاكا، ۋاقتى كەلگەندەك «ھايت» دېۋېتىڭ، يولىڭىزنى مېڭىشىپ بېرىمەن. بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ!

قوشنامنىڭ بۇ سۆزى بىلەن مەن دېمەكچى بولغان گېپىمنى دېيەلمەي قالدىم. بۇ قوشنامغۇ يامان ئادەم ئەمەستەك قىلىدۇ. ئەنە، بالامنى ياخشى ئوقۇسۇن، قالغان يولىنى مېڭىشىپ بېرىمەن دەۋاتامدۇ! لېكىن، شۇ تاپتا ماڭا ئۇنىڭ يول مېڭىشىپ بېرىشى ئەمەس، ئائىلىمىزگە رەھىم قىلىپ، قىزىنىڭ بىزنى ئازابلىشىدىن قۇتقۇزۇشىنىلا تىلەيتتىم. ئاران بىر پۇرسەت كەلگەندە، ئۇنىڭغا دېمەكچى بولغانلىرىممۇ مۇشۇ ئىدى. بىراق ئۇ مېنى گەپ قىلغىلى قويمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قالتىس نېسىي ۋەدىدىن بىرنى بېرىپ ئاغزىمنى ئېتىپ قويدى. راستىنى ئېيتقاندا، مەن يا كۈلۈشۈمنى، يا يىغلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.

ئايالىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىچاڭشىپ كەتتى:

ـ شۇمۇ گەپ بوپتۇ! ياخشى ئوقۇسۇنمىش تېخى! ـ دەپ قايناپ كەتتى ئۇ، «ئاستىراق گەپ قىل، سەت بولىدۇ» دېگىنىمگىمۇ قۇلاق سالماي، ـ بىزگە مېڭىشىپ بېرىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرگۈچە، مۇشۇ كۈندە ئارامىمىزدا قويسا، بۇنىڭدىن ئارتۇق ياخشىلىق بولمايتتى. بۇنداق بولىۋەرسە بالىمىز قانداق ياخشى ئوقۇغۇدەك! ياشلىق بولسا ئۆزىگە، بىزگە نېمە پايدىسى!...

ـ ئۇنداق دېمە، ـ دېدىم مەن ئۇنى بەزلەپ، ـ ھېچبولمىسا سۇ يولى بولسىمۇ ۋاقتىدا ياسىلىدىغان بولۇپ قالدى...

ـ قويۇڭ ئۇنداق گەپنى! ـ ئايالىم تېخىمۇ ئەزۋەيلىدى، ـ سۇ يولى بۇزۇلسا ئۆزىگىمۇ زىيان. ئۇنداق بولغاندىكىن، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ كۈچى يەتمىسە بولامتى ئەمىسە! ئازا قىزىق گەپ بولدى ـ دە، بۇ! باشلىقنىڭ بالىسى بالا بولۇپ، بىزنىڭ بالىمىز كالىمىكەن! ياق، ئۆزۈم سۆزلىشىمەن ئۇنىڭ بىلەن!

ئايالىمنىڭ پەيلىدىن قارىغاندا، راستىنلا ئۇستۈنكى قەۋەتكە چىقىدىغاندەك، يېڭى قوشنىمىزغا قاتتىق ـ قۇرۇق گەپلەرنى قىلىپ ئىش تېرىيدىغاندەكلا قىلاتتى. ئوغلۇم بىلەن ئىككىلەن مىڭبىر تەستە ئۇنى توختىتىۋالدۇق.

قەۋەتلىك بىنا دېگەننىڭ سۇ يولىدىن باشقا تېخىمۇ مۇھىم چاتىقى بارلىقىنى بۇ قېتىم ھېس قىلدىم. مانا مۇشۇنداق ئۆزىنى بىلمەيدىغان قوشنىدىن بىرى بولۇپ قالسۇنچۇ قېنى، بىنادا ئولتۇرغانلار نېمە كۈنلەرنى كۆرىدىكىن! مانا مەن كۆرۈۋاتىمەنمۇ! بىر چاغلاردا شەخسىينىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ بىرقانچە يىل ئولتۇرغان، ئەپكەش بىلەن سۇ توشۇش، قىشلىقى قار تازىلاش، ئۆي ئىگىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش قىلىش دېگەنلەردىن تويۇپ، بىزمۇ بىنادا ئولتۇرۇپ باقساق بولىمامدۇ دەپ قانچە ـ قانچە ئارزۇ قىلىپ كەتكەنىدىم. ئەمدى ئويلاپ باقسام، ھازىر تارتىۋاتقان جاپا ۋە خاپىچىلىقنىڭ ئالدىدا ئۇ ئىشلار ھېچقانچە ئىش ئەمەسكەندۇق. ئوغلۇم ئىمتىھان بېرىپ بولغۇچە شەخسىينىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرساقچۇ؟ ھەي، بۇمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ زامانلاردا ئۆي ئىجارىسى تولىمۇ ئەرزان ئىدى، يەنە كېلىپ ئىجارىنى ئىدارە كۆتۈرەتتى. ھازىرقى ئۆي ئىجارىسى زەھەردىن قىممەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىدارىنىڭ ئۆيى بولغاندىكىن، ئىجارىنى ئۆزىمىز تۆلەيدىغان گەپ. يانچۇقنى سىلىسام كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ. مىڭبىر جاپادا يىغىپ ـ تېرىپ ئاران توپلىغان پۇلىمىز ئۆي سېتىۋېلىش دولقۇنىدا ئېقىپ كەتتى، يەنە تېخى بىر مۇنچە قەرزنى بويىنىمىزغا ئارتىۋالدۇق. ئەمدى ئوغلىمىزنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئۈچۈن پۇل يىغمىساق بولمىغان...

ماڭا باشقا يول ئىزدەشتىن ئۆزگە ئامال قالمىدى. قانداق قىلسام بولار؟ بىردىنلا يادىمغا ئىشخانام كەلدى. ئۆي بىلەن ئىدارىنىڭ ئارىلىقى يىراقراق بولسىمۇ، يەنىلا ئىشخانا تىنچىتەك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، يانچۇقنى قۇرۇقدايلا قالماي، يەنە بىر مۇنچە قەرزنى پاتاڭغا ئارتىپ قويغان ئۆز ئۆيىمىزدە ئاراملىق تاپالماي، ھەر ئاخشىمى

ئوغلۇم بىلەن ئىدارىگە قاتنايدىغان بولدۇم.

ئىككى يىلدىن بېرى ئىدارىلەر ئامانلىقنى قوغداش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىپ، كەچتە خىزمەت بىناسىنىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سالىدىغان بولۇپ قالغانىدى. دېمەك ئىشىكنى ئاچقۇزۇش ئۈچۈن دەرۋازىۋەنگە ئېغىز ئېچىش كېرەك.

— نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى دەرۋازىۋەن تۈنجى قېتىم دەرس تەييارلىغىلى ئىدارىگە كەلگىنىمىزدە، — ئىسسىق ئۆيدە ئولتۇرماي، بۇ سوغۇقتا يەنە ئىدارىگە كەپتۇققۇ؟

— قارىغاندا پات - پات كېلىپ تۇرىدىغان ئوخشايمىز، — دېدىم مەن ئاچچىق كۈلۈپ، — ئىشخانىدا قىلىدىغان ئازراق ئىش بار ئىدى.

دەرۋازىۋەن ئىشىكنى خۇشاللىق بىلەن ئېچىپ بەردى.

خېلى كۈنلەردىن بۇنداق خاتىرجەملىكتىن بەھرىمەن بولۇپ باقمىغاچقا، ئىككىمىز ئۈچۈن ئىشخانا جەننەتتەك بىلىنىپ كەتتى.

— نېمىشقا بالدۇرراق ئۆيلەنمىگەن بولغىيدىڭ، دادا، — دېدى ئوغلۇم كىتاب، دەپتەرلىرىنى ئۈستەلگە يايغاچ.

— شۇنى دېمەمسەن! — دېدىم مەن راھەتلەنگەن ھالدا كېرىلىپ قويۇپ.

سائەت ئوندىن ئاشقاندا ئوغلۇم ئەسنەشكە باشلىدى. بۇنداق خاتىرجەملىكتە دەرس تەييارلايدىغان ئىش بولسا، بۇرۇنقىدەك سائەت ئون بىرگىچە ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدىكىدەك ئۇدۇل يوتقانغا كىرىپ كېتىدىغان ئىش يوق، يەنە بىر مۇنچە يول يۈرۈپ ئۆيگە قايتىش كېرەك.

بىز بىنادىن چۈشۈپ دەرۋازىۋەننى چاقىرغىنىمىزدا، ئۇ ناھايىتى تېزلا پەيدا بولدى - دە، ئىشىكنى ئېچىپ بەردى.

— ئىش تۈگەپتۇ - دە، — دېدى ئۇ قىزغىنلىق بىلەن، — كادىر دېگەن مۇشۇنداق ئىشلىسە، ئىشلار غىرىلداپ يۈرۈشۈپ كەتمەي قالامتى!

— ئاۋارە قىلدىم، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ئۆزرەخاھلىق ئېيتىپ.

— كېرەك يوق، كېرەك يوق، مەن بىچارىمۇ ھەر قايسىڭلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ جېنىمنى جان ئېتىمەن دەپ بۇ يەردە ئىشلەۋاتىمەن - دە!

ئوغلۇم ۋە مەن كەلگۈسىدىكى مەشھۇر رويالچىنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن قۇتۇلۇپ، بۇنىڭ ئازابىنى تارتىشنى

ئايالىمغا تاشلاپ بەردۇق. ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ، ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىرنەچچە كۈنىمۇ مۇشۇنداق ئۆتتى. لېكىن ھەر كۈنى ھېيت بولىۋەرمەيدىكەن. بىر ئاخشىمى ئىشخانىدا ئولتۇرغىنىمىزدا، دەرۋازىۋەن:

— ياﺋاللا، ئىدارىنىڭ جىمى ئىشىنى سىزلا قىلىدىغاندەك ھەر ئاخشىملا ئىشخانىغا كېلىدىغان بولدىڭىزغۇ؟ ۋەزىيەت بەك جىددىيمۇيا؟ ھەرقانچە مەخپىي بولسىمۇ ئازراق بولسىمۇ ئۇقۇپ قالايلى، بىزگىمۇ جان كېرەك، — دەپ سۆزلىگىنىچە كىرىپ كەلدى.

مەن ئوغرىلىقنىڭ ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قالغاندەك ھودۇقۇپ كېتىپ، نېمە دەپ چۈشەندۈرۈشۈمنى بىلەلمەي قالدىم.

دەرۋازىۋەن چېچەن ئادەم ئىدى. ئۇ ئۈستەل ئۈستىدە يېيىلىپ ياتقان كىتاب، دەپتەرلەرنى كۆرۈپ چىرايى ئۆزگەردىيۇ، دەرھال ئەسلىگە كەلدى.

— ھە، بۇ ئادەم نېمىشقا ماڭا ئۇيقۇ بەرمەيدىغان بولۇپ قالدىكىن دېسەم، ئەسلىدە بالىنىڭ دەرسىگە قاراۋاتقان ئىكەن - دە! — دېدى ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ، — بوپتۇ، بوپتۇ، مەن دەخلى قىلماي. ياخشى ئويلاپسىز، ئەپەندىم، بەك ياخشى ئويلاپسىز، ئۆيدە دەرس تەييارلىغان بىلەن بىر ئۆينىڭ توكى زايە بولىدىغان گەپ. توك پۇلىمۇ قىممەتلەپ كەتتى... مەن چىقاي، كەچرەك ئۇخلىسامۇ كېرەك يوق... ھەي، ھازىر ئادەملەر بەك ھېسابچى بولۇپ كەتتى، ئۆيدىكى سۇدىن زىيان چىقمىسۇن دەپ، ئەتىگىنى تەرەتنى شۇنچە قىستاپ كەتسىمۇ، قىسىپ يۈرۈپ ئىدارىگە كېلىپ ھاجەت قىلىدىغانلارمۇ بار بۇ ئىدارىدە...

ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر غودۇرىغىنىچە چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنى چاقىرماقچى، ئەھۋالنى ئېنىق ئېيتماقچى بولدۇم، ئەمما دەرھال بۇ نىيىتىمدىن ياندىم. شۇنداق بولدۇ - دە. مەن قاراپ تۇرۇپ قوشنامنىڭ، يەنە كېلىپ ئىدارىدىكى بىر باشلىقنىڭ يامان گېپىنى قىلسام قاملاشامدۇ؟

بۇ ئاخشىمى ئىشىمىزنى بالدۇر پۈتتۈرۈپ بىنادىن چۈشتۇق. دەرۋازىۋەن بىزنى يېرىم سائەتتەك ساقلىتىپ ئاندىن پەيدا بولدى ۋە بىز بىلەن سوغۇقلا خوشلاشتى.

شۇ كېچىسى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدىم، دەرۋازىۋەننىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىسى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى، ئۇنىڭ پوقتىمۇ سېسىق سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدە ھېلىغا جاراڭلاپ تۇردى. «ئۇ شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق، — دېدىم مەن ئۆز -

ئۆزۈمگە، ــ ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى دېپ ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزغاندىكىن، ئارا خوپ بولدى!...»

خىزمەت بىناسىنىڭ ئىشىكى ئاخشىمى بىرگە چىراي ئاچمايدىغان بولدى. بىز يەنە بۇرۇنقى كۈنگە قالدۇق. يېڭى قوشنىمىزنىڭ قىزى تىرىشچان ھەم تەرتىپلىك قىز ئوخشايدۇ، ھەر ئاخشىمى دەل ئالتە يېرىمدىن سەل ئۆتكەندە ئۆز «خىزمىتى»نى باشلاپ، دەل توققۇز يېرىمدا ئىشتىن چۈشەتتى. ئالتۇندەك ئۈچ سائەت ۋاقىت ئوغلۇم قىينىلىدىغان ۋاقىت بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئامەتلىك ۋاقىت ئىدى. ئەمدى ئۇ بوران چىقىرىشتىن توختاپ، يەككە ئاۋازلارنى چىقىرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. لېكىن بۇ ئاۋازلار بىزنىڭ قۇلىقىمىزغا خۇددى بولقا ئاۋازىدەك، بۇ بولقا دەل بىزنىڭ بېشىمىزغا ئۇرۇلۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى. بىز تەكرارنى توققۇز يېرىمدىن كېيىنگە، يەنى بىنايىمىزنىڭ روياللىچىسى ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىنگە ئورۇنلاشتۇردۇق. لېكىن ئوغلۇم ئاران بىر ھەپتىگە بەرداشلىق بېرىپ، ئاخىر بولالماي قالدى. ئۇ كېچە سائەت بىرگىچە دەرس تەييارلىغىنى بىلەن، ئەتىسى سەھەردە تۇرۇپ مەكتەپكە مېڭىشى، مەكتەپنە بىرى - بىرىسىنى چىقىرىۋەتكەن تەقدىردىمۇ يەنە توپتوغرا يەتتە سائەت پائالىيەت قىلىشى كېرەك ئىدى. بۇنداق بولۇۋەرسە ئوغلۇم تۈگىشىپلا كېتەتتى.

مەن قەتئىي نىيەتكە كەلدىم. قوشنام ئۈچۈن بالا قانچە مۇھىم بولسا، مەن ئۈچۈنمۇ شۇنچە مۇھىم. يەنە كېلىپ، مېنىڭ بالام ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى بەلگىلەيدىغان ھالقىلىق ۋاقىتقا كېلىپ قالدى. بۇنداق چاغدا يەنە قوشنىدارچىلىقنىڭ يۈزىنى ئاياپ، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يۈرۈۋەرسەم، زىيانىنى تارتىدىغىنى يەنىلا ئوغلۇم، تولۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا بىزنىڭ ئائىلە بولاتتى.


يېڭى قوشنام مېنى قىزغىنلىق بىلەن مېھمانخانا ئۆيىگە باشلىدى. نېرىقى ئۆيدىن «بولقا ئاۋازى» ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىردىنلا: «بىر تورۇس ئارىلىق بار تۇرۇپ بىز شۇنچە قىينىلىۋاتىمىز، بۇلارنىڭمۇ ئىچى قاتتىق سىقىلىدىغاندۇ - ھە؟ لېكىن بالا ئۈچۈن ھەممىگە چىداشقا توغرا كېلىدىكەن» دەپ ئويلاپ قالدىم.

مەن خېلىغىچە گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ كەتتىم. لېكىن بۇ ئۆيگە كىرگەنىكەنمەن، بىرنېمە دېمىسەم بولمايتتى.

ــ ئوغلۇم ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرمەكچى ئىدى، ــ دېدىم مەن ئاخىر گېلىمنى قىرىپ قويۇپ.

ــ خەۋىرىم بار، خەۋىرىم بار، ئۆتكەندە شۇنداق دېگەنىدىڭىز، ــ دېدى قوشنام بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ــ بالىنىڭ ئىشىغا ماڭىدىغانغا تېخى بالدۇرغۇ، ئالدى بىلەن ئىمتىھان بېرىپ باقسۇن، نەتىجىسىگە قاراپ ئاندىن يولىنى ماڭمايمىزمۇ!

ــ ئۇغۇ شۇنداق، ــ دېدىم مەن قىينالغان ھالدا، ــ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىرى تەكرار قىلىپ بېرىدۇ،



ئاخشاملىرى ئۆيدە مەن ئانچە - مۇنچە قاراپ تۇرىمەن...

- شۇنداق قىلغىنىڭىز ياخشى، بالىنىڭ ئىستىقبالىغا ھەقىقىي كۆيۈمچان بولىدىغان ئاتا - ئانىلار شۇنداق قىلىدۇ.

ئەسلىدىمۇ كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلىشتىن قىينىلىپ تۇرغىنىمدا، قوشنامنىڭ گېپىنى بىردەم - بىردەم ئۇزۇپ تۇرۇشنى بىلمەي تېخىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە نېرىقى ئۆيدىن ئاڭلىنىۋاتقان «بولغا ئاۋازى» دىققىتىمنى چېچىپ تۇراتتى.

- ئەسلىدە ئالدىڭىزغا كىرىپ بۇ گەپلەرنى قىلىپ يۈرمىسەم بولاتتى، - دېدىم مەن گەپنى تېزرەك قىلىپ، تېزرەك ئۆيۈمگە چىقىپ كېتىش مەقسىتىدە، - ئوغلۇمنىڭ كەچلىك ئۆگىنىشى چاتاق بولدى...

- نېمە بولدى؟ ئوغلىڭىزنىڭ دەرس تەكرارلىغۇسى كەلمەيۋاتامدۇ؟

- ئۇنداق ئەمەس، - دېدىم ۋە بېشىمنى بىلەن نېرىقى ئۆيىنى ئىما قىلدىم، - رويال دېگەننىڭ ياخشى نەرسىكەن، شۇغىنىسى ئاۋازى بەك يامان ئىكەن...

- ئاۋازى بولمىسا ساز بولامدۇ؟ - قوشنامنىڭ رەڭگى ئۆزگەندەك بولدى.

- شۇنداق، شۇنداق، بىراق... ھېچبولمىسا بىرنەچچە ۋاق بوشراق چېلىپ تۇرغىلى بولارمىكىن دەپ كىرىۋىدىم.

قوشنامدا خۇشخۇيلۇقتىن ئەسەر قالمىدى. ئۇ بىلىقنىڭكىدەك پولتىيىپ چىققان كۆزلىرى بىلەن ماڭا بىردەم تىكىلىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاندىن جىددىي تەلەپپۇزدا سۆزلىدى:

- مۇنداق دېمەك، ئەسلىدە مۇنداق گەپكەن - دە. ھەي، نېمە دېسەم بولار، مۇشۇ كۈندىكى ئادەملەر بەك شەخسىيەتچى بولۇپ كەتتى، پەقەت ئۆزىنىلا ئويلىغان... ئاكا، قانداق قىلساق بولىدۇ؟ سىزمۇ بالىڭىزنىڭ غېمىدە، مەنمۇ بالامنىڭ غېمىدە، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىدە، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدە... بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆيىدىمۇ ئارامخۇدا ياشىيالمىسا تازا قاملاشمىغان ئىش بولىدۇ - دە!

مانا دېمىدىمۇ، ئۇ مېنىڭ ئويلىغانلىرىمنى دەۋاتىدۇ. بۇ گەپلەرگە نېمە دېگۈلۈك؟! ئاڭلىسىڭىز، بىر - بىرىدىن ئورۇنلۇق سۆزلەردەك تۇرامدۇ. بۇنداق گەپكە «ياق، ئىش ئۇنداق ئەمەس، مۇنداق» دېيىشمۇ قىيىن چۈشىدىكەن ئەمەسمۇ!

تۇرۇپلا مەن راستىنلا شەخسىيەتچىلىك قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدىم - دە، بىر خىل خىجىللىق تۇيغۇسى ئىچىدە قوشنامنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىقتىم.

ئۆيگە كىرىشىمگە ئايالىم ئاشخانىدىن ئالدىراپ چىقتى - دە:

- قانداق بولدى، بۇ نەغمە بېسىلىدىغاندەك قىلمايدىغۇ؟ - دەپ سورىدى.

- بولدى قىل! - دېدىم مەن ئايالىمنىڭ چىرايىغىمۇ قارىماي قوپاللىق بىلەن، - بىز باشقا ئامال تاپايلى.

چىرايىم قاتتىق ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئايالىم ئاغزىنى ئۇمەللەپ توختاپ قالدى ۋە ئارقىغا يېنىپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ئوغلۇمنىڭ يېنىغا كىرسەم، قولىقىغا پاختا تىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ماڭا شۇنداق بىچارىلەرچە قارىدىكى، ئىچىم سىيرىلىپ بۇرنۇم ئاچچىق بولۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى قاچۇردۇم.

شۇ كېچىسى كىرپىك قاقمىدىم. ئادەتتە بىر كۈندە بەش - ئالتە تال تاماكا چېكىدىغان ئادەم بۇ كېچىدە بىر يېرىم قاپ تاماكىنىڭ ئىسىنى سۈمۈرۈپ بوپتىمەن. كاللامدا بىرلا سوئال چۆرگىلەيتتى: «قانداق قىلسام بولار؟» تۈرلۈك - تۈمەن خىياللارنى قىلىپ باقتىم، لېكىن ئوغلۇمغا خاتىرجەم ئۆگىنىش قىلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىشنىڭ بىرەر مۇۋاپىق چارىسىنى زادىلا تاپالمىدىم. ھەدېسىلا «قوشنامنىڭ روياللى بۇزۇلۇپ قالغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى» دېگەن خىيال كاللامغا كېلىۋالاتتى. لېكىن ۋاقىت دېگەن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، رويالنىڭ بۇزۇلۇپ قېلىشىنى ساقلاپ يېتىۋەرگىلى بولمايدۇ - دە! ساختا مال قاپلاپ كەتكەن بۇ جاھاندا روياللىمۇ ساختا بولۇپ قالغان بولسىغۇ ياخشى بولاتتى، لېكىن ئۇ تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ راست مال ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك ھەر ئاخشىمى بىزگە ئارام بەرمەيۋاتاتتى. تۇرۇپلا بۇ خىيالىمدىن خىجىل بولۇپ ئۆز - ئۆزۈمنى ئەيىبلەيتتىم. دېمىسىمۇ بۇ بىر شەخسىيەتچىلىك ئەمەسمۇ! يەنە كېلىپ قوشنىسىغا قارا سانىماق ياخشى ئىش ئەمەس - تە!

ئۆزۈمنى ئەيىبلىگىنىم بىلەن بەنىلا ھېلىقى يېقىشلىق خىيالنى ئۆزۈمدىن قوغلىۋېتەلمىدىم...

بىردىنلا ئۆيۈمنى بىرىنچى قەۋەتتىكى قوشنامنىڭ ئۆيىگە تېگىشىش خىيالى پەيدا بولۇۋىدى، قاتتىق خۇش بولۇپ كەتتىم. بۇ بىنا پۈتۈپ ئۆيلەر تەقسىم قىلىنغاندا بۇ قوشنام ئۆزىسىگە بىرىنچى قەۋەتتىكى ئۆي تەگكەنلىكىدىن قاتتىق خاپا بولۇپ، خېلى كۈنلەرگىچە باشلىقلارنىڭ كەينىگە كىرىۋالغان، بۇنىڭدىن نەتىجە

كېيىن، يۇقىرى قەۋەتتىن ئۆي تەگكەنلەرنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ كۆپ ئاۋارە بولغانىدى...

كاللامغا ئۆي تېگىشىش خىيالى كىرگەندىن كېيىن، بىرىنچى قەۋەتكە تۇرۇۋاتقان كۈن نۇرى چۈشمەسلىكى، تولا مەينەت بولۇشى، سۇ يولىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى دېگەندەكلەر كۆزۈمگە كۆرۈنمىدى. بالام ئۈچۈن بۇ جاپالارنى تارتىشقا تەييار ئىدىم. بۇ خىيالىمنى ئايالىمغا ئېيتىۋىدىم، ئۇمۇ ئىككىلىنىپ تۇرماي ماقۇل بولدى.

مەن قوشنامنى ئۆي تېگىشىشكە كۆندۈرۈشتىكى مەقسىتىمنىڭ ئوغلۇمغا خاتىرجەم ئۆگىنىش شارائىتى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلسەممۇ، لېكىن قوشنامنى ئوتقا ئىتتىرىدىغانلىقىمنى ئويلىغىنىمدا ۋىجدانىم ئۆرتەندى. «مەن خەققە قارا سانايدىغان ئادەم ئەمەس ئىدىمغۇ، ــ دەپ ئويلىدىم مەن قوشنامنىڭ تەكلىپى بويىچە سافاغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، لېكىن دەرھال ئۆزۈمنى ئاقلىدىم، ــ ياخشى ئىش قىلمايۋاتقانلىقىمنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپتىمەن، لېكىن بالا غېمى مېنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ... ھەي بولدىلا، بۇگۈنكى كۈندە ھەر كىم ئۆزىنىڭ غېمىنى يېمىسە بولمايدىغان ئوخشايدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇ ئىشلارمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتەر.»

قەۋەتلىك بىنا دېگەنمۇ ئاجايىپ نەرسە. ئىدارىدە ئۆز ئىشلىرىڭىز بىلەن ئالدىراش بولۇپ، قوشنىلار بىلەن پاراڭلىشىشقا كۆپ ۋاقىت چىقمايدۇ. چۈنكى سىزنىڭ گېزىت كۆرۈشىڭىز، قايناقسۇ ئىچىشىڭىز، ئارىلىقتا غىپپىدە چىقىپ كۆكتات، يەنە نېمىلەرنىدۇر سېتىۋېلىشىڭىز كېرەك. ئىشتىن كېلىپ ئۇدۇل ئۆيگە كىرىپ كېتىسىز ــ دە، ئوغرى كۆپىيىپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە مودا بولغان تۆمۈر ئىشىكنى جاراقلىتىپ ئېتىپ قويىسىز. قوشنىلار ئارىسىدىكى كىرىپ ــ چىقىشلار ھېيت ــ ئايەمدىن باشقا چاغلاردا تولىمۇ ئاز بولىدۇ. بىرىنچى قەۋەتتىكى بۇ قوشنىمىزنىڭ ئۆيىگە ياندىشىپ ياتقىنىمغىمۇ ئۇزۇن بولغانىدى. مەن رويال ئاۋازىنىڭ بۇ ئۆيدىكىمۇ ئاڭلىنىدىغانلىقىنى، لېكىن ئاۋازنىڭ بىلىنەر ــ بىلىنمەس ئىكەنلىكىنى سەزدىم. قارىغاندا ئۆينى تېگىشسەم بولىدىغاندەك قىلىدۇ. لېكىن گەپنى نەدىن باشلىشىمنى بىلەلمەي بىردەم ئولتۇرۇپ قالدىم.

ــ نېمە بولدىڭىز قوشنام؟ ــ دېدى قوشنام مېنى جايىغا تەكلىپ قىلىپ بولۇپ، ــ ئىچىڭىزنى تىڭشاپ قاپسىزغۇ؟

ــ نېمە دېسەم بولار، خوتۇنىنىڭ سالامەتلىكى تازا ياخشى بولمايۋاتىدۇ، يۆتىلى ئاغرىپ...، ــ ئاغزىمدىن تويۇقسىز چىقىپ كەتكەن بۇ يالغاندىن ئۆزۈم چۆچۈپ كەتتىم، لېكىن بۇنى داۋاملاشتۇرماي ئامالىم يوق ئىدى، ــ ئازىمۇ ئېگىزگە چىقالمايۋاتىدۇ.

ــ شۇنداقمۇ؟ بۇنداق ئىشلارنى بالدۇرراق ئېيتىپ قويۇش كېرەك ــ تە! ــ دېدى قوشنام كىنايە ئاھاڭىدا، ــ ئۆز ۋاقتىدا سىزگە شۇنچە يالۋۇرۇپ كەتتىم، زادىلا يېقىن كەلتۈرمىدىڭىز.

مەن گۇناھىمنى ئۇستۈمگە ئالغاندەك قىياپەتتە بېشىمنى لىڭشىتتىم.

ــ بۇنداق بولۇشىنى كىم بىلىدۇ دەيسىز، ــ دېدىم مەن مەقسەتكە يېقىنلاپ، ــ مانا بۇ قېتىم سىزگە يالۋۇرۇپ كىردىم. خالىسىڭىز ئۆيىنى تېگىشسەك.

ــ سىزنىڭ بۇنچىلىك قۇۋلۇقىڭىزنى بىلمەپتىكەنمەن، ــ قوشنام مەسخىرىلىك كۈلدى، ــ شۇنچە يىلدىن بېرى پوق ــ تەرەتلىرىڭلارنى توشۇپ



بۇرگىنىمدە بۇ گەپنى قىلماي، ئەمدى باشلىقتىن بىرى قوشنا بولۇپ، بۇ ئىش راۋاپلىشىپ قالغاندا ئۆي تېگىشكۈگىز كەپتۇ - دە! قىزىق، بۇ جاھاننىڭ ئادەملىرى نېمە بولۇپ كەتتى زادى!

بۇنداق سېسىق گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغۇچە قوپۇپلا چىقىپ كەتكىنىم تۈزۈك ئىدى. لېكىن يەنىلا بالا غېمى مېنى بۇنداق قىلىشقا قويماي، قوشنامنىڭ تاپا - تەنىلىرىنى ئاڭلاشنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى.

— كونىلاردا «ئىت قىلغاننى ئىت ئالغۇچى قىلماپتۇ» دېگەن گەپ بار، — دېدى قوشنام زەھرىنى سانجىپ، — بوپتۇ، تېگىشسەك تېگىشەيلى.

بۇ گەپ بىلەن قوشنامنىڭ ئاچچىق گەپلىرى كۆچىدىن قالغاندەك بولدى.

— بۇرۇن مېنىڭدىن ئۆتكەن يەرلىرى بولسا ئەپۇ قىلىۋېتەرسىز، — دېدىم مەن رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن، — بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن.

قوشنام ئىشەنمىگەندەك قىياپەتتە كۈلۈپ قويدى.

— ۋاقىتنى بىكىتىۋالساق بولاتتى، — دېدىم مەن جىددىيلەشكەن ھالدا.

— قاچان دېسىڭىز شۇ چاغدا بولۇۋېرىدۇ. ھامىنى تېگىشىدىغان بولغاندىكىن، كەينىگە سوزۇپ يۈرمەيمەن.

ئۇنىڭ كەسكىنلىكىدىن خۇش بولۇپ كەتتىم.

— بەك ياخشى بولدى، سىزگە بىئەپ بولمىسا مۇشۇ ھەپتىدىلا بىر ياقلىق قىلىۋەتسەك

— چاتاق يوق! — دېدى قوشنام ۋە كۆزۈمنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قارىدى، — قارىغاندا، يانچۇقىڭىز خېلى توم ئوخشايدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭقىرالماي ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم. ئۆي تېگىشىش بىلەن يانچۇقنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى باردۇر؟ ئىككىمىزلا ئۆيىنى سېتىۋالغان، نەرقى جەھەتتە ئۇنىڭ ئۆيى بىرىنچى قەۋەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن مېنىڭكىدىن ئەرزانراق چۈشكەن. بېشىمغا كۆپ چۈشكەندە، بۇ ئىنچىكە ھېسابنى قىلىپ يۈرۈشنى ئويلاپمۇ قويمىغانىدىم.

— نېمە بولدىڭىز؟ قاراپلا قالدىڭىزغۇ؟ — دېدى قوشنام زاڭلىق قىلغاندەك كۈلۈپ.

— راستىنى ئېيتسام، گېپىڭىزنى تازا چۈشىنەلمەي قالدىم.

— چۈشەنمەيدىغان نەرى بار؟ قاراڭ، بۇ ئۆيىنى زىنىنەتلەش ئۈچۈن بىرمۇنچە پۇل خەجلىدىم. بىلىشىمچە، سىزنىڭ ئۆيىڭىز ئۆيلەرنى سېتىشتىن بۇرۇن ئاقارتىپ قويغان پېتىغۇ دەيمەن. سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە كۆچسەم، ئالدى بىلەن زىنىنەتلىشىم كېرەك. بۇنىڭ پۇلىنىمۇ ئۆز يېنىمدىن چىقىرىمەنمۇ - يا؟

ما ئىشنى كۆرۈڭ! بۇنى نېمىشقا بالدۇرراق ئويلىمىغان بولغىيدىم. ئۆي سېتىش بورىنى يىگىرمە يىلدىن بېرى قىسىپ - تارتىپ يىغقان جىمى ۋەجمىزنى قۇرۇتۇۋەتكەنلىكتىن، ئۆيىنى ياساشتۇرۇشقىمۇ ئىمكان تاپالمىغىنىم راست. ئەمدى يىغماقچى بولغانلىرىمىز پۈتۈنلەي ئوغلۇمنىڭ ئوقۇش خىراجىتىگە چىقىش قىلالىسا چوڭ گەپ.

— قانچىلىك چىقىم قىلغاندىڭىز؟ — دەپ سورىدىم مەن روھىم چۈشكەن ھالدا.


— ئۆيىنىڭ ئىچىگە قاراپ باقسىڭىزلا بىلەلەيسىز، ئانچە كۆپمۇ ئەمەس، ئون بەش مىڭدەك كەتتى.

ئون بەش مىڭ؟! ياپىرىم، مەن بۇ پۇلنى پەقەت ئۆيگە پۇل تاپشۇرىدىغان چاغدىلا تۇتۇپ باققان... ئۆزۈمچە، بۇ قوشنامنى ئالداپ - سىيلاپ ئۆگىدا قويماي دەپتىكەنمەن، ئاخىرىنىڭ بۇنداق بولۇشىنى كىم بىلسۇن!

مەن: «ئۆيدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي» دەپ قوشنامنىڭكىدىن چىقتىم. پەلەمپەيدىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىمدا، ئۇنىڭ: «قىزىق ئاداشكەن بۇ! شۇنچە ھەشەمنى بىكارغا بېرىۋېتىدۇ دېگەنمىكىنە!...» دېگەنلىرى ئاڭلاندى. مەن رەنجىمىدىم، چۈنكى شۇ تاپتا ئۇ نېمىلا دېسە ھەق ئىدى.

ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟ تىت - تىتلىق ئىچىدە قولۇم ھېچ ئىشقا بارمايدىغان بولدى. پۈتۈن ئەس - يادىم بالامنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن بىرەر جاي تېپىشتىلا قالدى. بەزىدە ئالاھىدە خىسلەتكە ئىگە ئادەم بولسام، مېھماندىن مېھمانخانا تولا بۇ شەھەردە ئوغلۇم ئىككىمىز قۇرۇق ياتاقتىن بىرىگە كىرىۋالساق، مېھمانخانىدىكىلەر زادىلا تۇيمىسا دېگەن بەتگە خىياللارنىمۇ قىلىپ كېتەتتىم. لېكىن، مېنى يارىتىشنى بىلگەن خۇدا ماڭا بۇنداق خىسلەتنى ئاتا قىلمىغانىدى.

بىر ئاخشىمى، يەر ئاستى ئۆيىمىزگە بىر نەرسە ئالغىلى كىردىم. نېمىشقىدۇر بۇ يەردىمۇ قولىقىمنى دىڭ تۇتۇپ، بېشىمنى قىڭغايتقىنىمچە تىڭشاپ باقتىم. خېلى قۇلاق سالسامۇ، روياڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىدى. مەن قاتتىق



خۇش بولۇپ كەتتىم. خۇشال بولمىسام بولامتى ئەمسە! تووۋا، مەن كالۋا نەچچە چاغدىن بېمشقا بۇ يەرگە چۈشۈپ باقمىغان بولغىيدىم؟!

مەن نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدىم. ئارتۇقچە لاقا - لۇقىلارنى ئەخلەتخانىغا توشۇدۇم. ئىككى سائەت ھەپىلەشكەندىن كېيىن، ئۆي خېلى ئىسكەتكە كىرىپ قالدى. بىر ئۈستەل بىلەن ئىككى ئورۇندۇق قويسامىلا مەسىلە ھەل بولاتتى.

خۇشاللىقىمنى باسالمىغان ھالدا ئۆيگە كىرىشىمگە، ئاشخانىدىن چىقىپ كەلگەن ئايالىم: «ۋايجان، نېمە ئىش بۇ؟!» دەپ تووۋلىۋەتتى. ئۇنىڭ قورقۇپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ مەنمۇ ۋەھىمىگە چۈشتۈم. ئاڭغىچە ئوغلۇم يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، مېنى كۆرۈپ قورسىقىنى تۇتقىنىچە كۈلۈپ كەتتى.

ئەينەككە قاراپلا ئۆزۈممۇ كۈلۈپ كەتتىم. دېمىسىمۇ يۈز - كۆزۈم، ئۈستىبېشىمنى چاڭ - توزان بېسىپ تولىمۇ كۈلكىلىك قىياپەتكە كىرىپ قاپتىمەن.

- يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتەي دەپ تۇرسا، بۇ ئىككىيلەننىڭ كۈلۈشۈۋاتقىنىنى!- دەپ رەنجىدى ئايالىم،- نېمە بولدىڭىز؟ ماشىنىغا ئەخلەت ئۈستىڭىزمۇ؟ تووۋا، نېمىدېگەن مەينەتچىلىك بۇ! سىرتقا چىقىپ ئۈستىبېشىڭىزنى قېقىشتۇرۇپ كىرىڭ!

ئايالىمنىڭ رەنجىشى خۇشاللىقىمنىڭ ئالدىدا ھېچنەرسە ئەمەس ئىدى. مەن كۈلگەن ھالدا ئۇلارغا خۇش خەۋەر يەتكۈزدۈم:

- ئامال تېپىلدى! ئۆي تېگىشىمىز دېمەك ئەم يەپ بۇرمىسەكمۇ بولىدىغان بولدى. يەر ئاستى ئۆيىگە ئاگلايمايدىكەن،- مەن بېشىم بىلەن تورۇسنى ئىما قىلدىم،- ئۇ يەرنى تارىلاپ قويىدۇم.

- نېمە دېمەكچىسىز ئەمدى!- ئايالىم ئۆكتۈپ كەتتى،- بارۋاي بار ئۆيدىسمۇ توگلاپ ئولتۇرساق، ئۇ «مۆرخانا»دا بىرنەچچە سائەت ئولتۇرغىلى بولامدۇ؟

- تووۋا، نېمىشقا بۇنى ئويلىمىغاندىمەن؟ كۆڭلۈم لەپسىدە بولۇپ قالدى.

- مەيلى، دەرس تەييارلاشقا بولسىلا، سوغۇقتىمۇ چىدايمەن!

ئوغلۇمنىڭ بۇ گېپىدىن خۇش بولۇپ قالدىم. بىچارە بالا بىزنىڭ دەردىمىزنى، ئۇنىڭ كەلگۈسىگە قانچىلىك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىمىزنى چۈشىنىدىكەن. مۇشۇ كۈندە بۇنداق بالىلاردىن قانچىلىكى بار دېمىسىز؟! شۇنداقتىمۇ، ئايالىم ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىنى ئويلانماسلىققا بولمايتتى.

بۇنىڭغىمۇ ئامال تېپىلدى: ئەتىسى ئەرزان باھالىق توك بىلەن ئىسسىتىش ئەسۋابىدىن بىرنى سېتىۋالدىم. شۇ ئاخشىمى ئاتا - بالا ئىككىيلەن بىر يەرگە سەپەرگە بارىدىغاندەك قىلىن كىيىنىپ يەر ئاستى ئۆيىگە كىرىپ كەتتۇق. ئىسسىتىش ئەسۋابى شۇنچە چاغدىن سوغۇق تۇرغان يەر ئاستى ئۆيىنى ئىسسىتالايدىغاندەك ئەمەس. لېكىن بىز توپتوغرا ئۈچ يېرىم سائەت بەرداشلىق بەردۇق. قوشنىلارغا يالۋۇرۇشتىن قۇتۇلغانلىقىم ئۈچۈن مەن خۇشال ئىدىم. ئۈستۈنكى قەۋەتكە «قارا بوران» يېتىپ كەلگەندىن بۇيان يەنە بىر قېتىم ئارامخۇدا دەرس تەكرارلاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن ئوغلۇم تېخىمۇ خۇشال ئىدى.

بىز ھېچكىمگە دەخلى قىلمايدىغان بولغاچقا، يەر ئاستى ئۆيىنى ماكان تۇتۇپ قىشنى ئۆتكۈزۈشتىن بىرەر كۆڭۈلسىزلىك چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەيتتۇق. لېكىن ئىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس ئىكەن. بىر ئاخشىمى بىز بىر مەسىلىنى يېشەلمەي ئولتۇرساق، بىر قوشنام ئىشىكنى قىيا ئېچىپ بېشىنى ئىچىگە تىقتى. مەن ئىتتىك قارىدىم ۋە نېمىشقىدۇر خىجىل بولغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدۇم.

- سىلەرمىدىڭلار؟- دېدى قوشنام ھەيران بولغان ھالدا،- مەن تېخى ئوغرى كىرگەن ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن.

- ئوغلۇم دەرس تەكرارلاۋاتىدۇ،- دېدىم مەن ئالدىراپ.

- نېمە، بالىلارنىڭ ئانىسى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردىمۇ؟ بىر ئۆيدىن ئۆيى بار ئادەم بۇنچە سوغۇقتا بۇ مۆرخانىغا كىرىۋالغىنىڭلار نېمىسى؟

بۇ گەپكە نېمىدەپ جاۋاب بېرەي؟ رويال توغرۇلۇق گەپ قىلاي دېسەم قوشنامنىڭ غەيۋىتىنى قىلغاندەك بولۇپ قالغۇدەكمەن، دېمەي دېسەم، كۆرسەتكۈدەك بىر سەۋەب يوق.

— بولدى، بۇنى سورىماڭلار، ئىشقىلىپ ئۆيدە دەرس تەكرارلىيالمايدىغان بولۇپ قالدۇق.

قوشنام بىرنېمە دېمەكچى بولدىيۇ، كېيىن بېشىنى چايقاپ قويۇپ: «بۇ جاھان راستىنلا غەلىتە بولۇپ قالدى، ئادەملىرىمۇ غەلىتە...» دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.

شۇ ئاخشامدىن باشلاپ بىزنىڭ ئارامىمىز يەنە بۇزۇلدى. ھەر ئاخشىمى بىر - ئىككى قوشنىمىز يەر ئاستى ئۆيگە كىرىدۇ. ئۇلار بىرلا سوئالنى سورايدۇ: «... بۇ مۇزخانىغا كىرىۋالغىنىڭلار نېمىسى؟» مېنىڭ بېرىدىغان جاۋابىممۇ بىر خىللا: «بولدى، بۇنى سورىماڭلار، ئىشقىلىپ ئۆيدە دەرس تەكرارلىغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى.»

بىر خىل جاۋابنى بېرىپ قۇتۇلغىنىم بىلەن، بىر خىل خۇدۇكسىرەش بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. ئاخشىمى پەلەمپەيدىن چۈشكەندە، ئاتا - بالا ئىككىيلەن ئوغرىدەك ئاۋايلاپ مېڭىپ، ئاۋاز چىقارماسلىققا تىرىشاتتۇق. لېكىن بۇنىڭ بىلەن قوشنىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشتىن قۇتۇلالمىدۇق.

بىر ئاخشىمى يەر ئاستى ئۆيگە يېڭى قوشنام كىرىپ كەلدى. ئۇ دوگدىيىپ ئولتۇرغان ئىككىمىزنى كۆرۈپلا رەڭگى ئۆڭۈپ كەتتى. ئۇ ھېلىقى سوئالنىمۇ سورىمىدى. قارىغاندا ئۇ ھەممىنى چۈشەنگەندەك قىلاتتى.

— قوشنىلار سىلەرنى يەر ئاستى ئۆيگە كىرىۋاپتۇ دېسە نېمە دەيدىكىن دەپتىمەن، — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا،

— چۈشەندىم، مېنى يامان كۆرستىش ئۈچۈن مۇشۇ ئويۇننى ئويناۋاتقان ئىكەنسىلەر - دە!

باشقا قوشنىلار كىرگەندە ھودۇقۇپ تەمتىرىگەن، ھېلى بۇ قوشنىمىز ئىشىكنى ئاچقاندىمۇ ھودۇققانىدىم. بىراق ئۇنىڭ «ئويۇن» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ جەھلىم قاتتى. بىزنى ساراڭ كۆرۈۋاتامدۇ بۇ ئادەم؟ مۇشۇ كۈندە ئويۇن ئوينىغۇدەك ئىمكان نەدە بىزگە؟! ئوينايدىغان بولساقمۇ، ھەر قانچە بولغاندىمۇ بۇ يەرگە كىرىپ ئوينىماسمىز!

مەن ئۈندىمىدىم.

— ئۆزۈمچە تېخى ئوبدان قوشنا بولۇپ ئۆتەرمىز دەپ كېتىپتىمەن، — قوشنام ئەزۋەيلىدى، — قالتىس ئادەمكەنسىز! راستىنلا قالتىس ئادەمكەنسىز. بىر ئېغىزمۇ يامان گېپىنى قىلماي بىر ئادەمنى يامان كۆرستىشنى بىلىدىكەنسىز...

مەن چىداپ تۇرالمىدىم:

— خاتا ئويلاپ قالماڭ، سىزنى يامان كۆرستىش خىيالىم يوق.

— ئەمىسە بۇ نېمە ئىش؟ ئۆتكەندە ئۆيۈمگە نېمە سەۋەبتىن كىرگەنلىكىڭىز يادىمدا بار... مەقسىتىڭىز ئېنىق تۇرمامدۇ؟!

شۇنچە يىللاردىن بېرى باشلىقلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ئاۋايلاپ كەلگەن، شۇ تۈپەيلى خىزمەتداشلىرىم ئارىسىدا «ياۋاش»، «قولىقىلا ئەمەس، بېلىمۇ يۇمشاق» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدىم. بۇ قېتىم ياۋاشلىق قىلغۇم كەلمىدى. «ۋاي ئاللىيەي، باشلىق بولساڭ ئۆزۈڭگە، رىسقىم سېنىڭ قولۇڭدىمىدى؟!» دېدىم ئىچىدە. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا تىرىشتىم:

— سىزچە قانداق قىلسام بولاتتى؟ ماڭىمۇ ئامال يوق، ئۆزىڭىز ئېيتقانغۇ، ھەركىمگە بالا مۇھىم!

قوشنام ماڭا ئاچچىقى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ كەتتى، نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولغاندەك لەۋلىرى قىمىرلىدى. ئاندىن بىردىنلا ئارقىغا بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسىدىن باشلاپ قوشنىلار ئارىسىدا گەپ كۆپىيىپ كەتتى. ماڭا ئۇچرىغىنى يا بېشىنى چايقايتتى، يا مېنى ئەيىبلەيتتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، تۇرۇبا توسۇلۇشتىن ئىبارەت ئېغىر ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرغان قوشنىنى، توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، باشلىقنى ئوسال قىلىپ قويۇپتىمەن. ئۇ بۇ كۋارتالدىن كۆچۈپ كېتىشنىڭ يولىنى ئىزدەپ يۈرگۈدەكمىش. ئۇلارنىڭ گېپىنىڭ ئورامىدىن قارىغاندا، بۇ قوشنىمىز كۆچۈپ كەتكۈدەك بولسا، يەنە تۇرۇبا توسۇلۇپ قالغۇدەك. ئۇ چاغدا ھەممە گۇناھ مېنىڭ زىممەمگە چۈشكۈدەك. شۇڭا مېنىڭ يەر ئاستى ئۆيدىن قايتىپ چىقىشىم، شۇنداقلا يېڭى قوشنىمىزدىن ئەپۇ سورىشىم كېرەك ئىكەن!

قوشنىلارنىڭ ئەيىبلەشلىرى، يېڭى قوشنامنىڭ گۆلىيىپ قاراشلىرى ماڭا زادىلا تەسىر قىلمىدى. مەن يەنە ھەر ئاخشىمى ئوغلۇم بىلەن «مۇزخانا»غا چۈشۈۋەردىم. چۈنكى، ھەركىمگە بالا مۇھىم - دە!




**ئاپتوردىن:** كائىنات ئۆزىنىڭ مەنە جەھەتتىكى چەكسىزلىكى بىلەن بىزنى زىددىيەتلىك كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تېرەن قاتلىمىدا غەۋۋاسقا ئايلاندۇرىدۇ. ئاشۇ تۇرمۇشتىكى روھىي چاڭقاش ۋە تەنها مەنزىلگە بولغان تىنىمسىز ئىنتىلىش، تەپەككۇرنىڭ ئۆز - ئۆزىدە پارتلىشى ۋە شۇ پارتلاشتىن ھاسىل بولغان ھەقىقەت ئۇچقۇنلىرى، مەڭگۈ ئۇنتۇلمىس ئۇزۇك - ئۇزۇك شۇئىرلاشلار قالدۇرغان شەپقەتسىز كەچمىشلەر... بىزنى شېئىردىن ئىبارەت بۇ ئابى چەشمىگە مەپتۇنكار قىلىپ قويغان. ئۆز ماھىيىتىدىنلا بىر مەجنۇن ساھىب بولمىش يۈرەك كائىناتتىكى چەكسىزلىك ئىچىدىن بىزگە ئەڭ گۈزەل ۋە ئاچچىق - چۈچۈك ھېسلارنى مۇيەسسەر ئېتىدۇ ھەمدە شۇلاردىن تۇغۇلغان مىسرالارنى يەنە ئۆزىلا تىڭشايدۇ. بىز شېئىر ئارقىلىق ۋۇجۇدىمىزنى ئوراپ تۇرغان تۇرلۇك - تۇمەن غىدىقلىنىشلارنى ھېس قىلىمىز ۋە ئۇلاردىن ھۇزۇرلىنىمىز. شېئىر ئۆزىدىكى بوۋاقنىڭ كۆلكىسىدەك ساپ كۆي ۋە ساپ ئەقلىي ھېكمەت، بۇلاق سۈيىنىڭ شىلدىرلىشىدەك تەبىئىي ۋە ساپ رىتىم، زېمىننىڭ ئۇتلۇق تەپتى بىلەن تويۇنغان ئانىلارچە چەكسىز مېھرىبانلىقى بىلەن بىزنى ئىلاھ كۆلىدە پاكلاپ تۇرىدۇ...

## ئاشىق كۆز ۋە قۇرۇغان بۇلاق

تىلسىز چۈش قۇشلىرى
ئاشىقلىقنىڭ بېشارىتىدەك
قۇرۇغان بۇلاققا قونار ھەر كېچە.
كۆزۈم كور
ئالقىنىمدا بىھېساب كۆزلەر...

ئاختۇرۇلدۇ كۆندە بىر كۆكۈل
غەمگۇزار غېرىبنىڭ ئاشىق كۆزىدە
ئاپەتسىز سۆيۈلۈش
سۆيۈشلەرمۇ ھەم،
سۆيگۈلەر پارلايدۇ پەقەت ئۆزىدە.

مەن ئەمەس ئەڭگە بولغان جىرايلىق ياپراق،
مەن ئاشىق كۆزلەردە پەرلەنگەن چىراق.

بېھىش باغدا قىيام بولغان ياش
تۆكتۆلەر يات گۈلگە بولۇپ شەبنەم.

ئۇنتۇلغان سەبىيلىك چاقناتقاندا زەر،
ئۇنتۇلغان خۇمار كۆز بولارمىكىن نەم؟
بەكمۇ زىل يۈرەكنىڭ پىچىرلاشلىرى
قۇرۇغان لېۋىدە تەلەپ قىلار سۇ.
ئاڭلاڭلار قۇشلىرىم، قۇلاق سال تېڭىم،
چەكلىك بۇ دۇنيادا چەكسىزلەنگىنى ــ
كۆزى كور يارىلىپ قالغان مەن ۋە ئۇ...

## يارىلىش ۋە ئېھتىماللىق

تەر باسقان تۆشەك
چۈۋۈلغان بەدەن...
ئېھتىمال ھەر ئىككىلىسى ئۇنتۇلغان ۋەتەن...
بىلمەيمەن قولۇمدىكى كىمنىڭ نىقابى
ئېرىمەكتە يەر سۈكۈت ئىچىدە
يىراقتىكى ئاشۇ تەبەسسۇم
ئېھتىمال ئۆلۈمنىڭ ھۆرمەت شارابى.
ۋاقىت ــ
سۈيىقەستلىك ئۆڭكۈردۇر، خالاس،
كەل ۋاپادار، ئاچا كۆلەڭگەم.
بىز بەختىنى سورىدۇق رۇخسەت

ئېھتىمال ئۇمۇ بىر ناتونۇش ۋەتەن،
پەسىللەر شىركەيىپ بويىغالغان يىكەم،
خىلۋەتتە بىر لالە،
ئويچان كېپىنەك.
بىمەزگىل ياش تۆككەن ئاشىق چېھرىدە
ئۆرتىلەر مۇھەببەت سۇنۇق ئەينەكتەك.
پاك ـ پاكىز ئۇنتۇلغان بىر سەبىي ۋەتەن
كەلمەكتە يىغىنلاپ شىر تەنلىك قىزدەك.

## چاكىقاش

ئىلاھىي سىرلارغا تەگكەندە چاقماق
زىبالىق چېھرىنى ئېچىپ يالىڭاچ
رەققاستەك كۆيمەكتە قەدىمىي ئاچال.
سەبىيلىك دىملىرى ئەسلىنىپ كۆز ياش
گويا يات ئۇلۇسنىڭ ئەلچىسى ئوخشاش
تىنچ دىل ئۆركىشىنى سۆيەر بىمالال.
تېنىدىن ئاجرىغان بىر ئاجىز قانات،
سەرخۇشلۇق ئىلكىدە بولدى هازىدار.
قاباھەت چۆلدە ئويغانغان كارۋان
بوسۇقلار تۇۋىدە چۇشەيدۇ باھار.
توي ناۋاسى كۆللەر سەتھىدە
سەدپارە لەبلەردە
قانايدۇ قاندەكلا سوغۇق بىر ھايات.
ئاھ باغرىم!...
چاكىقىشنىڭ مەھشەر ئوتىدۇر
ئۆرتىلەر سىنىگدە داغىسمان سۇبات.

## خاتىرىلەنمىگەن تۇغۇلغان كۈنگە

(فىرىدىرىخ نىتزى خاتىرىسىگە)

كالىندار ۋارىقىدا بىر رەقەم مەن،
تۇغۇلغان كۈن ئۇچۇنلا
يېزىلغان قارا.

قۇلاق سال: نېمە دەپ شىۋىرلايدۇ تۇن؟...» ①
بولۇۋال ساراڭ
ھەققەت كۆز ئاچقان ئاشۇ كۈن ئۈچۈن،
نېرى بول
خۇمار كۆز
رابىش كۆڭلىدىن،

چۇشەپ باق دۇنيانى بىر ئۆزۈڭ ئۈچۈن...


## گۇگۇم: خىلۋەتتىكى لىرىكا

قۇياشنىڭ يىگىندەك هارارىتىدە
ھۆرىستان چۆچەكى سۆزلىنەر ئۇزاق
تولىمۇ خىيالچان شائىر ئېڭىدا
مەستۇرە ئاينىڭ كۆز يېقىشىدا
چايقىلار ئەتىگە تەييارلانغان مەي.
گۇگۇم قېنىغا چىلاشقان شەھەر...
پاراسەت بەزمىسى تارقىغان نېكەم
ئەسلەش ئۈچۈن ئۇنتۇلار ھەممە،
تەنھالىق شېئىرغا ئايلانغان قەدەر.
زىبا تەن ـ
ئاخىرقى جەڭنامە يېزىلغان ۋاراق.
سېھىرلىك گۇگۇمدا سۆيۈلگەن ۋۇجۇد،
سۆيگۈگە تېۋىنىپ ئۇرغىنىدا باش
بوپىقالار ئەبەدىي نەملەنگەن قاراق.

نامەھرەم گۇگۇمدا
ماتەملىك شائىر.

نىتزىنىڭ «كەيىلىك قەسىدىسى» ناملىق شېئىرىدىكى مىسرا.








سەن يىلان يىللىق قىز. يىلان ھەر يىلى ياز پەسلىنىڭ تازا تومۇز ئىسسىق كۈنلىرى كۆيلەشكە باشلاشنىڭ ئالدىدا جۈپتىگە چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن قاسراق تاشلايدۇ. لېكىن مەن سېنىڭ كۈز پەسلىدە قاسراق تاشلايدىغانلىقىڭنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن. چۈنكى مەن باش كۈز كىرەي دېگەندە ـ تېخى دەرەخ يوپۇرماقلىرى سارغايمىغان سېنتەبىر ئېيىدا يىلان تاشلىغان قاسراقتەك «تاشلىنىپ» قالدىم. ئېھتىمال كەچكۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى مېنى يىراق - يىراقلارغا ئۇچۇرتۇپ كېتىشى مۇمكىن. كىم بىلىدۇ، سەن تېخى ئايدا بىر قېتىم قاسراق تاشلايدىغان يىلانمۇ؟ ناۋادا سەن ئايدا بىر قېتىم قاسراق تاشلايدىغان يىلان بولساڭ مېنىڭ نەزىرىمدە سەن ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغان، قىممىتىنى يوقاتقان ئەسلى ئۆزۈڭ تاشلىغان قاسراققا ئايلىنىپ قالىسەن. ئۇ چاغدا مەن تولىمۇ ئەركىن، ئازادىلىك ئىچىدە سېنىڭ ئازابىڭدىن قۇتۇلغان بولىمەن. سېنىڭ تۇتامى يوق قىز ئىكەنلىكىڭ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالغان بارلىق روھىي كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ. نەزىرىمدىكى پەرىشتىلەر تەختىدىن غۇلاپ چۈشۈپ كۆزۈمگىمۇ ئىلمايدىغان ئادەتتىكىچە، تولىمۇ ئادەتتىكىچە بىر قىزغا، ئاددىي بىر شەخسكە ئايلىنىپ قالىسەن. مەن روھىي مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلۇپ يېڭى تەسەللى، يېڭى ھايات يولى، يېڭى سۆيگۈ ئىزدەيمەن.

مەن سەندىن خېلى بۇرۇن تۇغۇلغان ئات يىللىق ئەرمەن. ئات يىلى يىلان يىلىنىڭ كەينىدە كېلىدۇ. «ئات ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىدا چېچەنلىك، چەبدەسلىك ۋە نازۇكلىقنىڭ، ھوشيارلىق ۋە ۋاپادارلىقنىڭ سىمۋولى. ئات يىللىق كىشىلەر ئويۇن - تاماشاغا ئامراق كېلىدۇ. قولى ئوچۇق، مەرد بولىدۇ. ئات يىللىقلار زېرەك، چەبدەس كېلىدۇ. ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ھامان ئۆز تەسىر دائىرىسىگە جەلپ قىلىپ تۇرالايدۇ». مەن مۇشۇ سۆزلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ ئات يىللىق ئىكەنلىكىمدىن پەخىرلىنىپ گەدىيىپ يۈرەتتىم. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس! سەن مېنىڭ تەسىر دائىرەمدىن قاسراق تاشلاپ قايتىپ چىقتىڭ. ھەتتا خوشلىشىپمۇ قويمىغانلىقىڭ كۆڭلۈمنى تولىمۇ يېرىم قىلدى. يىلان يىللىقلار ئات يىللىقلار بىلەن ئۆزئارا ھال - مۇڭ بولالايدىكەن. لېكىن ئات يىللىقلارنىڭ تېرىككەك مىجەزى بىلەن كارى بولماي ھەمىشە ھەققىي ھېسسىياتى بىلەن ئات يىللىقلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىدىكەن. ئەپسۇس، سەن مېنى تەسىرلەندۈرگەن بولساڭمۇ مىجەزىمنى قانچىلىك ئۆزگەرتەلىدىڭ؟ «ئات يىللىقلار بىلەن يىلان يىللىقلار كۆڭۈلدىكىدەك ھەمشېرىكلەردىن بولىدۇ». قۇرۇپ

كەتسۇن، بۇنداق تېتىقسىز گەپلەر! بىز نەدە ھەمشىرىلەر بولالىدۇق ؟ ئوتتۇرىمىزدا قىيىداشتىن باشقا ئىشلار مەۋجۇت ئەمەسقۇ. «يىلان يىللىقلار 12 مۆچەل ئىچىدىكى ئەڭ چۈشىنىكسىز شەخسلەر». قارىغاندا بۇ تەبىرنىڭ خېلى جېنى باردەك قىلىدۇ. مەن سېنى ھازىرغىچە قانچىلىك چۈشەندىم. ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەتنىڭ سۇسلىششى ئۆزئارا چۈشەنمەسلىكتىن بولدىمۇ - قانداق؟ «يىلان يىللىق كىشىلەرنىڭ تېرىسى ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ. دانىخورەك دېگەندەك نەرسىلەر چىقمايدۇ، ھەتتا تېرىنى ئاسراشقا كۆڭۈل بۆلمىگەن ئەھۋالدىمۇ ئاشۇنداق بولىدۇ». توۋا، مەن سېنىڭ سۆزۈڭ ھەم بۇغداي ئۆڭ چىرايىڭنى، قارا، نۇرلۇق، مېھىرلىك، تىنىق كۆزلىرىڭنى، نازاكەتلىك قەدەملىرىڭنى ياخشى كۆرۈپ قالدىمـمۇ؟ بىلمەيمەن. بىز قانداقلارچە تونۇشۇپ قالدۇق؟ راستىنى ئېيتقاندا مەن سېنى خېلى بۇرۇندىنلا تونۇيتتىم. ئۆزئارا پاراڭلاشماي تۇرۇپلا ئىسمىڭنىمۇ بىلەتتىم. بىز دائىم ئىشقا بارىدىغان، ئىشتىن چۈشىدىغان مەزگىللەردە ئۇچرىشىپ قالاتتۇق. كۆپىنچە ئۇچرىشىپ قالىدىغان يېرىمىز تۈت يولنىڭ دوقمۇشىدىكى، قورۇلۇشچىلارنىڭ رەھمى كېلىپ كېسىلمەي قالغان قارىياغاچنىڭ يېنى ئىدى. خاسىيەتلىك قارىياغاچ تۆت يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتناش ساقچىسىدەك مەزمۇت قەد كېرىپ تۇراتتى. دەسلەپكى ئۇچرىشىشلاردا بىز ئۇنىسىز ئۆتۈپ كېتىشتۇق. مەن سېنى دەسلەپتە كۆرگەن مەزگىللىرىمدە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيتتىم. شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان بۇ رايوندىكى توقۇمىچى قىزلارنىڭ ئارىسىدا سېنىڭدەك نازۇك قىزلارنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايتتىم. كېيىن بىز باش لىڭشىتىپ ئۆتۈشىدىغان بولۇشتۇق. مەن سېنىڭ ئانچە گىرىم قىلىپ كەتمەيدىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تەبىئىيلىكنى ياخشى كۆرىدىغان قىز ئىكەن دەپ ئويلىدىم. سەن بەزىدە ئېھتىمال خۇشاللىقىڭ تۇتقان كۆڭلىرىڭ بولسا كېرەك، سۇس لەۋ سۇرۇق سۈرتۈلگەن نېپىز لەۋلىرىڭنى بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلىتىپ، ماڭا قاراپ ئۇماق تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ قويىسەن. مەن باش لىڭشىتىمەن. سېنىڭ سۆيۈملۈك تەبەسسۇمىڭ مېنىڭ روھىي دۇنيارىمنى مالىمان قىلىپ كۆڭلۈمدە كەچمىگەن خىياللارنى قىلىشقا مەجبۇرلىسىمۇ، مەن قەستەن ھېچنەرسىنى بىلمىگەنگە، چۈشەنمىگەنگە سېلىپ يۈردۈم. مەن ئۆزۈمنى بېسىۋالمىسام، تۇتۇۋالمىسام بولمايتتى. چۈنكى مېنىڭ ئايالىم، پەرزەنتىم، قىسقىسى ئائىلەم بار. بۇلار مېنىڭ ھېسسىياتىمنى، ئىرادىمنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ تۇرىدىغان ئەخلاقىي قورال ئىدى. ئارىلىقتا سەن بىرەر ھەپتىدەك كۆرۈنمەي قېلىۋىدىڭ، مەن ئۆزۈمچە بىرنەرسەمنى يوقىتىپ قويغاندەك تېپىرلاپ قالدىم. ئەمەلىيەتتە ئادەملەر پانىي ئالەمدە بىرنەرسىسىنى يوقىتىپ قويغاندەك بىر خىل كەمتۈكلۈك ئىچىدە ياشايدۇ. بىرەر يېڭى نەرسىنى ئۇچرىتىپ قالسا مېنىڭ كەم نەرسەم شۇ بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قىن - قىنىغا پاتماي قالىدۇ. بىراق ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزى ئىزدىگەن كەم نەرسە ئەمەسلىكىنى تەبىئىي ھالەتتە سېزىپ ئاستا يىراقلىشىدۇ. ئادەملەردىكى كەم نەرسە زادى نېمە؟ بۇ بىز ئەبەدىي يېتەلمەيدىغان مەڭگۈلۈك تەسەللى. ئادەملەر ئەزەلدىن پانىي ئالەمدە مۇكەممەل نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق مەن كىشىلەر توپى ئارىسىدىن ھەربىر بولۇڭ - پۇشقاقلاردىن سېنى ئىزدىدىم. مەن سېنى نېمىشقا ئىزدەيدىغانلىقىمغا ئۆزۈممۇ جاۋاب بېرەلمەيمەن. شۇنداقتىمۇ بىرەر يەردە ئۇچرىتىپ قالىدىغاندەك ئۈمىدلىنىپ كېتىمەن. لېكىن بۇنداق زورۇقۇشىمنىڭ ھېچبىر نەتىجىسى بولمىدى. سېنى ئۇچرىتالمىدىم. سېنى يۆتكىلىپ كەتكەنمىدۇ دەپمۇ ئويلىدىم. ئاغرىپ يېتىپ قالغانمىدۇ دەپ ئەنسىرىدىم. توي قىلىۋالغاندىمۇ دەپ گۇمان قىلدىم. ھەتتا سېنى بىرەر قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ پانىي ئالەم بىلەن خوشلاشقانمىدۇ دېگەندەك بىمەنە خىياللاردىمۇ بولۇپ يۈردۈم. سەن بىلەن بىرەر قېتىم بولسىمۇ پاراڭلىشىپ، مۇڭدىشىپ قويمىغانلىقىمغا ئۆكۈندۈم. ئاستا - ئاستا بۇنداق روھىي ھالەت يوقاي دېگەندە سېنى يەنە ئۇچرىتىپ قېلىشقا مۇيەسسەر بولدۇم. سەن ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتىپ ساق بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنكى دۈشەنبە ئەتىگەنلىكى، مەن ئىشقا ماڭغان ۋاقىتىمدا يىراقتىن سېنىڭ مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ كەتتىم. ئۇ ئۆلمەپتۇ، ئۇ ھايات ئىكەن دېدىم ئىچىمدە. مېنىڭچە بولسا سەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكۈم بار ئىدى. ئىككىمىز ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل كېلىپ قالدۇق.

- ياخشىمۇسىز؟- دېدىڭ سەن ئەھۋال سوراپ.

بۇ ئىككىمىزنىڭ تۇنجى قېتىملىق پاراڭ بولغانچىقمىكىن، سىپايە ھەم يېقىملىق ئاۋازىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى قاتتىق لەرزىگە سالدى.

- كۆرۈنمەيسىزغۇ؟

- بىر ھەپتە ئاغرىپ يېتىپ قالدىم.

سېنىڭ سولغۇن چىرايىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىڭنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. سورۇقسىز لەۋلىرىڭمۇ قورۇپ سەل

ئاقرىپ قالغاندەك قىلاتتى. لېكىن كۆزلىرىك يەنىلا قارا، يەنىلا مېھرلىك، بەنى تىنىق ئىدى. مەن سەندىن نېمە ئاغرىق دەپ سورىماقچىمۇ بولدۇمىيۇ، لېكىن بالتىيىپ قالدىم.

ــ ئۆزىڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ، مەن تېخى سىزنى خىزمەت ئالمىشىپ كەتتىمكىن دەپ ئويلاپتىمەن.

ــ مەن قەيەرگىمۇ خىزمەت ئالمىشارمەن. مۇشۇ يەرگە مەڭگۈ باغلىنىپ ياشايدىغان ئوخشايمەن. ئىت باغلاپ



قويسىمۇ تۇرمايدىغان بۇ يەردىن مېنى كەتكۈسى يوق دەمسىز؟ يا شەھەر ئەمەس ياكى يېزا ئەمەس. ئوتتۇرىدا قالغان جايغۇ بۇ. قانداق، ئائىلىڭىزدىكىلەر ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟

ــ ھەرھالدا يامان ئەمەس.

ــ خوش، مەن ماڭاي، دەرسكە كېچىكىپ قالماي يەنە.

بىر خوشلاشتۇق. سىينىڭ «قانداق، ئائىلىڭىزدىكىلەر ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟» دېگەن سۆزۈڭ مېنى سوغۇق تەرگە چۆمدۈرۈۋەتتى. بۇ سۆزۈڭ ماڭا ئائىلىڭىز بار، ئۆزىڭىزنى بىسلىسىڭىز دېگەندەك بىلىنىپ كەتتى. ئارقىدىنلا مەن ئېھتىمال مېنىڭ ئاتا ـ ئانامنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندۇ دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە تەسەللىي بەردىم. ئەمەلىيەتتە، ئۇ خوتۇن ـ باللىرىمنى سورىغانىدى. دۇنيامدەك بۇ يەردە كىملىكىم تونۇمايدۇ دېيسەن. ئائىلەمدىكىلەر ياخشى

تۇرماي قانداق بولماقچىدى، سەن مېنىڭ ئايالىم بىلەن بىرگە ماڭغىنىمنى چوقۇم كۆرگەن. شۇ ئىشتىن كېيىن نېمىشقىدۇر سېنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. ئاخشاملىرى ئايالىم يېنىمدا ياتسىمۇ خىيالىمغا سەن كېلىۋالاتتىڭ. قۇلىقىمدا «ياخشىمۇسىز؟» دېگەن يېقىملىق ئاۋازىڭ، خىيالىمدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇمىڭ، مېھر ـ مۇھەببەتلىك قاپقارا تىنىق كۆزلىرىڭ... مەن زادى نېمە بولۇپ قالدىم؟... لېكىن سوئالىمغا جاۋاب تاپالمايمەن. ياق، جاۋاب تاپالمايمەن ئەمەس، جاۋاب تېپىشتىن قورقىمەن. مەن ئۆزۈمدىن نەچچە ياش كىچىك قىزغا روھىي جەھەتتىن باغلىنىپ قالغانلىقىمغا تەن بەرگۈم، ئېتىراپ قىلغۇم كەلمەيدۇ. بىمەنە بىر يولغا مېڭىپ قالدىممۇ ـ قانداق دەپ تېگىرقايمەن. روھىمدىكى داۋالغۇش مېنى تۈرلۈك خىياللارنى قىلىشقا زورلايدۇ. مەن نېمىدىن قورقىمەن؟ ئەخلاقتىنمۇ؟ ئايالىمدىنمۇ؟ ئائىلەمدىنمۇ؟ مەن پۇچۇلانغان قۇشتەك نېمىشقا كۆكتە ئەركىن، ئازادە پەرۋاز قىلالمايمەن؟ ئۆزۈم خالىغان ئىشنى قىلالمايمەن؟ راستىنى ئېيتقاندا مېنىڭ ئائىلەم بولغاندىكىن، ساڭا ئوغۇل بالا بولساممۇ تەشەببۇسكارلىق كۆرسىتىپ ئېغىز ئېچىشىم بىئەپ بىر ئىش ئىدى. سەن مېنىڭ دەككەمنى بېرىپ سېسىق گەپتىن ئىككىنى قىلساڭ قانداق قىلىمەن؟ ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ يەر بىلەن يەكسەن بولمامدىمەن. مەن ئۈچۈن «ئايالى تۇرۇپ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاش تېخىمۇ قورقۇنچلۇق. ئايالى بار ئادەم يەنە بىر قىزنى ياخشى كۆرسە بولمامدۇ، ياخشى كۆرسىمۇ كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلىماسلىقى كېرەكمۇ؟ ئادەم بىر خىل روھىي بېسىلىش ئىچىدە ياشايدىكەن.

سەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە قولتۇقۇڭغا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى قىستۇرۇپ ئۆتىسەن. لېكىن نېمە دەرس ئۆتىدىغانلىقىڭ ماڭا نامەلۇم. ئائىلىسى بار بىر ئەرنىڭ توي قىلمىغان قىزنىڭ ئالدىدا بىر قەدەمنى خاتا ئېلىپ قويۇشى تولىمۇ بىمەنە ئىش. ئۆزىنىڭ ئابرويىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئېھتىياتچانلىق ھەممىدىن مۇھىم. مەن كۈندە دېگۈدەك سەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىم ئۈچۈن زېھنىمنى باشقا ياققا بۇرىيالماي ئامالسىز قالدىم. باشقا يول بىلەن مېڭىپ باقماقچىمۇ بولدۇم. مەن نېمىشقىدۇر ئۆز ـ ئۆزۈمدىن خۇدۇكسىرەپ قالغاندىم. توۋا دەيمەن، مەن باشقىلارنىڭ خىيالىدا بارمۇ ـ يوق؟ ئۇمۇ مېنى ئويلامدۇ، سېغىنامدۇ، مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ خىل بىمەنە ھەرىكەتلىرىمدىن كۈلگۈممۇ كېلەتتى. باشقىلارنىڭ ئادەمگەرچىلىك

يۇرىسىدىن قىلغان مۇئامىلىسىنى خاتا چۈشىنىۋالسام بولماس دەپمۇ ئويلايتتىم... «ساڭا يېقىپ مەن، ئىشىككە يېقىپ دىم» دېگەندەك مەن كىشىلەرنىڭ مۇئامىلىسىگە قاراپ ئىش قىلىشقا ئادەتلەنگەنمەن. مەن سېنى ئۆزۈمدىن ياشقا يىگىت بىلەن كوچىدا پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىڭنى كۆرگەن بولسام ئۆزۈمدىكى جىددىيلىكنى، سېغىنىشنى بېسىۋېلىشىممۇ مۇمكىن ئىدى. بۇ خىل ھالەت مېنىڭ كۆزۈمگە چېلىقمىدى. مەن خۇدادىن شۇنداق بولۇشىنى تىلىدىم، بولمىدى. كۆتۈش كېرەك. كۆتۈش ـ ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئازابلىق تەسەللى. بىز مەڭگۇ كۆتۈش بىلەن ئۆتىمىز. مەن بىرنەچچە قېتىملىق سورۇندا سېنىڭ ئانچە ـ مۇنچە شېئىر، نەسىر، خەۋەر يېزىپ قويىدىغان بىر ھەۋەسكار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەنلىكىڭنى ئاڭلىغانمەن. ئۇ ھەۋەسكارنى مەن ئوبدان تونۇيمەن. مەن شېئىر يازالمىسام‌مۇ مۇھەببەت شېئىرلىرىنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن. گەرچە ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان بولسام‌مۇ بەدىئىي ئىجادىيەت سەۋىيەم سەل ناچارراق. دوكلات يېزىش، خۇلاسە يېزىش، ئىلتىماس يېزىش دېگەنلەرلا قولۇمدىن كېلىدۇ. مەن سېنىڭ مېنىڭ نەزەرىمدىكى ئەڭ ئاددىي بىر ھەۋەسكار بىلەن ئارىلىشىۋاتقانلىقىڭنى ئاڭلاپ بەكمۇ ھەيران قالدىم. ئەسلىدە مەن سېنى ھېچكىشى بىلەن يۈرۈپ باقمىغان پەرىشتە سۈپەت قىز دەپ ئويلىغانىدىم. بۇ ئويۇم خاتا. چۈنكى سەنمۇ پانىي دۇنيادىكى بارلىق قىزلارغا ئوخشاشلا بىر قىز. سەندىمۇ كۆڭۈل، غايە، ئۆزۈڭ تاللىغان يول بار. سەنمۇ باشقا قىزلاردەك ئاغرىپ قالىسەن، تاماق يەيسەن. يەنە... بۇنىڭدىن قارىغاندا دۇنيادىكى ھەممە قىزلار ئوخشاش. لېكىن ئىشلارغا رومانتىكىلىق بىلەن قاراش ئادەمگە گۈزەل، يېقىملىق تۇيغۇ ۋە ئۈمىد بېغىشلايدۇ. رېئاللىققا سوغۇق مۇئامىلە قىلىش ئادەمنى بېتىمسىرىتىپ گۇمانخورلاشتۇرىدۇ. ھەممە نەرسىدىن زېرىكتۈرۈپ ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىدۇ. مەنىسىزلىككە باشلايدۇ. سەن رومانتىكمۇ؟ قارىغاندا ئۇنداق ئەمەستەكمۇ قىلىسەن. يىلان يىللىقلار ئالدىراپ ئۆزىنى ئاشكارا قىلمايدۇ. سەن تېخى كىچىك. بۇ مېنىڭ قارىشىم. توي قىلىشقا ئالدىراپ كەتمىسەڭمۇ بولاتتى. مانا مەنمۇ توي قىلغان ئادەمغۇ. كېيىن مەن سېنىڭ باشقىلار بىلەن ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيدىغان، ھاراق ـ شارابتىن نېرى يۈرىدىغان ئاپئاق مىجەز بىر يىگىت بىلەن ئارىلىشىۋاتقانلىقىڭنى ئاڭلاپ ئازا بىر تۇتامى يوق، سۈيۈك قىز بولسا كېرەك دېگەندەك

خىياللارنى قىلدىم. مەن نېمىشقا ئۆزۈم بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ئىشلارغا ئېسىلىۋالىمەن؟ مەن سېنىڭ ئىشلىرىڭنى بولدى قىلىۋەتتىم. چۈنكى سەن توي قىلمىغان قىز بولغاندىكىن، كىم بىلەن ئارىلاشقىنىڭ كەلسە شۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىسەن، سىنىشىسەن، سەن ئەركىن دۇنيانىڭ چەكسىز ئاسمىنىدا قاناتلىرىڭنى كەڭ كېرىپ بىمالال قانات قېقىپ ئۇچۇپ يۈرگەن لاچىن. سەن زېمىندا ئۆمىلىشىپ يۈرگەن بىچارە توشقانلارنى ئوۋلىغۇچى. بىراق مەن توشقان بولۇپ قېلىشنى ئەسلا خالىمايتتىم. لېكىن ئاخىرى توشقانغا ئايلىنىپ سېنىڭ يەۋېلىش شەرپىڭگىمۇ مۇيەسسەر بولالماي ھارام بولۇپ قالغىلى تاسلا قالدىم.

ۋاقىت ئۆتۈۋەردى. بىزنىڭ تۆت يولنىڭ دوقمۇشىدىكى سالام ـ سائىتىمىز، سېنىڭ يېقىملىق ئاۋازدىكى «ياخشىمۇسىز؟» دېگەن سۆزۈڭ، سۇس لەۋ سۈرۈق سۈرتۈلگەن لەۋلىرىڭدىكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلكەڭ، ئىللىق تەبەسسۇمىڭ تەكرارلىنىۋەردى. تەكرارلىنىش بىر تەرەپتىن ئادەمنى بىزار قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن يەنە بىر تەكرارلىنىشنىڭ يۈز بېرىشىنى ئۈمىد قىلدۇراتتى.

سەن دېگەندەك ياكى شەھەرگە ياكى يېزىغا ئوخشىمايدىغان كىچىككىنە بۇ ماكان يېڭىدىن تەرەققىي قىلىۋاتقاچقىكىن، دەل ـ دەرەخلىرىدىن بىنالىرى كۆپ بولغاچقا يىراقتىن قارىسا بېشىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدىلا تۈكى بار تازنىڭ بېشىغىلا ئوخشايدۇ. بۇنداق مەنزىرە ئادەمنىڭ كەيپىياتىنى ئۇچۇرىدۇ. ياز پەسلىدىكى دىمىق ئىسسىق ئادەمنى ھەممىدىن بەزدۈرۈۋېتىدۇ. لېكىن مەن ئۈچۈن قاچانلاردىندۇر تىكىلىپ پولات تاۋلاش ئىنقىلابىدا ئوتۇن بولۇشقا يارىماي قالغان ئاشۇ قارىياغاچنىڭ تۈۋىدە ھاۋالىنىش بەكمۇ ھوزۇرلۇق ئىش. قارىياغاچ ئىككىمىزنىڭ سۆيۈملۈك دەرىخىمىز. مەن ئاشۇ قارىياغاچنىڭ ئاستىدا ئۇزاق سايىداشنى، ھاۋالىنىشنى، ھوزۇرلىنىشنى قانچىلىك خالايتتىم ـ ھە! لېكىن مەن باشقىلارنىڭ مېنى دەرەخ سايىسىدا بىرسىنى ساقلاۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ قېلىشىنى خالىمايمەن. سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. بۇ نېمىدېگەن بىچارىلىك ھەم ئۆتىرۇقسىزلىق ـ ھە. مەن قارىياغاچنىڭ ئاستىدا ئەزەلدىن سايىداپ باققان ئەمەس. ھەتتا مەن سېنىڭ مېنى ساقلاۋېتىپتۇ دەپ قېلىشىڭدىنمۇ ئەنسىرەيتتىم. دىمىق ھاۋا راستىنلا مېنى قارىياغاچنىڭ ئاستىدا ھاۋالىنىشقا

مەجبۇر قىلامدۇ؟ قارىياغاچنىڭ ئاستىنىڭ سالقىن ئىكەنلىكىنى مەن ھاۋا دىمىق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن بىلىپ قالدىممۇ؟ ياق، سەن بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن شۇنداق بولدى.

بىز ئىككىنچى قېتىم پاراڭلاشقان كۈنى مەن ئىشتىن كېيىنرەك چۈشتۈم. يەنە شۇ باشلىقىمنىڭ ئەتىسى سۆزلەيدىغان يىغىن دوكلاتىنى يېزىش بولامدۇ. باشلىققا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت! ئۇ يىغىن ئاچمىسا مەنمۇ دوكلات يازماي ئۆيگە بالدۇرلا قايتىپ سەن بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماسكەنمەن. مەن قارىياغاچنىڭ قېشىغا كەلگەندە خۇددى سەن بىلەن كۆرۈشۈشكە پۈتۈشۈۋالغاندەك سەن ئالدى تەرەپتىن بېشىڭنى تىك تۇتۇپ، چاچلىرىڭنى يەلكەڭگە تاشلاپ يېنىك قەدەم بىلەن چىقىپ كەلدىڭ، تار ئاق كوپتاڭ چىرايلىق مەيدەڭنى ئالدىغا ئوبدانلا چىقىرىپ قويغانىدى. سەن بەكمۇ روھلۇق كۆرۈنەتتىڭ.

— ياخشىمۇسىز؟

— ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟

— قەدىر ئەھۋال، بۈگۈن كېيىن ئىشتىن چۈشۈپ قاپسىزغۇ.

— شىركەتنىڭ ئىشى تۈگمەي، ھازىر بازارنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئەمەس. يۈڭ كىيىملەرنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ كەتتى.

— راست، مەن سىزدىن بىرسىنى سورىماقچى ئىدىم.

— كىمنى؟

— ئىلزات.

— قايسى ئىلزات؟

— سىز بىلەن تونۇشىدىكەنغۇ. ھېلىقى بىرنەرسە يازىدىغان بالىچۇ؟

— ھە، شائىر ئىلزاتنىما؟ تونۇيمەن. مۇلايىم، خېلى ئىسىۋدان يىگىتتەك قىلىدىغۇ. ئەجەب ئۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ، سىزگە تەلەپ قويغان ئوخشىمامدۇ؟

مەن گەپنى ئۇرلا دەۋەتتىم. سەن ئات يىللىقلارنىڭ مىجەزىنى ئانچە بىلىپ كەتمىسەڭ كېرەك. ئات يىللىقلار گەپنى ئۇدۇل قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

— ئىلزات ئارقامغا كىرىۋالغىلى خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى. بىراق مەن ھازىرغىچە جاۋاب بەرمىدىم.

قىزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دەيدىغىنى ئوخشاشلا گەپ، «يىگىتلەرنى ئارقامغا كىرىۋالغانىتى...» يىگىتلەرنىڭچۇ؟ ئۇلارنىڭ دەيدىغىنى «ئازراق ئارىلىشىپ مىجەزىم كېلىشمەي تاشلىۋەتتىم». قايسىسىنىڭ راست، قايسىسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. ھازىر ئاشۇنداق دەپ ئۆزىنى ئالدايدىغان جاھان ئوخشايدۇ بۇ. ياشقىلارنىڭ مۇھەببەت تەلىپىگە ياق، ياكى ماقۇل دېگەن سۆزنى دېيىش بىمەنىلىك. ھەممىسىگە ۋاقىت كېرەك. مەن سېنىڭ كۆڭلىڭگە كېلىپ قالىدىغان پەندى نەسىھەت سۆزلىرىمنى يۇتۇۋېتىپ، سېنىڭ رايىڭغا باقتىم.

— نېمىشقا جاۋاب بەرمىدىڭىز؟

— ئۆزىنىغۇ قىزىقىش دائىرىسى كەڭ، يامان ئەمەس يىگىت ئىكەن. بىراق قىزلاردەك قېيداپ يۈرىدىكەن. كۈندە دېگۈدەك ياتىقىمغا كېلىپ بىر - ئىككى سائەت گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ كېتىپ قالىدۇ. مەن ئۇنداق قىز بالا مىجەز ئوغۇلنى ياخشى كۆرمەيمەن.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىزغۇ، سىزنى ياخشى كۆرىدىغان يىگىت بىلەن توي قىلسىڭىز بەختىڭىزنىڭ ئىچىلغىنى شۇ ئەمەسمۇ. تاماق ئەتمەيسىز، كىر - قات يۇمايسىز، بالا باقمايسىز، ئىشقىلىپ ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلماي ئولتۇرىسىز. سىزغان سىزىقىڭىزدىن چىقمايدۇ. قاتار چايلىرىڭىزنىمۇ خاتىرجەم ئوينايسىز.

— ئۇنداقتا، مەن نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىدىغان مايمۇنغا تەگكەن بولۇپ قالامدىمەن. مېنىڭ ئۇنداق لامزەللە ئوغۇللار بىلەن ئىشقىم كېلىشمەيدۇ. سىزمۇ مېنى كولدۇرلىتاي دەۋاتامسىز - نېمە.

— سىزنىڭچە بولغاندا ھاراقكەش، ئاچچىقى يامان، كۈندە سىزنى دۇمبالاپ تۇرىدىغان يىگىت بىلەن تويلىشامتىڭىز. ھازىرغۇ قىزلار ھاراق ئىچمەيدىغان، تاماكا چەكمەيدىغان يىگىتلەرنى «قايناقسۇ بىلەن موما» پۇرايدىكەن دەپ ياراتمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

— ماڭا ئۇنداق دېسىڭىز ئۇۋال قىلغان بولىسىز.

— ئۆمۈر ئىشىدا ھەرھالدا ئالدىراقسانلىق قىلغىلى بولمايدۇ. سىز ھازىر كىچىك تۇرسىڭىز نېمىگە ئالدىرايسىز. بويتاق يۈرسىڭىز خەق سىزدىن باج ئالاتتىمۇ؟

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز.

سەن ئۆزۈڭنى تۇتالماي كۈلۈپ تاشلىدىڭ. سېنىڭ كۈلكەڭ شۇنداق ئەركىن، ئازادە، يېقىملىق ئىدى.

— تولا ئادەمنى كولدۇرلاتماڭ. سىزنىڭچە قانداق قىلسام بولار؟

— خالىمىسىڭىز يۈرمەڭ. ھازىرچە تەلىپىگە ماقۇل دېمەي ئارىلىشىپ كۆرۈپ باقمامسىز؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم.

بىزنىڭ سۆھبىتىمىز شۇنىڭ بىلەن ئاياغلىشىپ خوشلاشتۇق. مېنىڭ بىر تورۇپ بۇ ئىشقا كۆڭلۈم كەلدى. ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ئىشىنى ماڭا دەپ مەسلىھەت سوراپ كاللىسىنىڭ دەردى بارمۇ - نېمە، بۇ قىزنىڭ؟ دېمۇ ئويلىدىم. كېيىنچە ئۇ قىز مېنى ئۆزىگە يېقىن تۇتۇپ، ئىشىنىپ مەسلىھەت سورىغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم. ئەسلىدە سېنىڭ سوئالىڭغا مېنىڭچە بولسا ھېچ كىشى بىلەن يۈزمەي مەن بىلەن بۇرۇڭ دېگەن جاۋابنى بەرسەممۇ بولاتتى. لېكىن سېنىڭ ئالدىڭدا شاللاق ئەر قاتارىغا قوشۇلۇپ كېتىشنى خالىمىدىم. مەن ھەممە نەرسىگە ۋاقىت كېرەك دەپ ئويلايتتىم. ھەممە نەرسىگە ئېھتىماللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىمەن. ھازىرقى جەمئىيەت تەۋەككۈلچىلىكنى كۆتۈرمەيدۇ. ئالدى - ئارقىغا قاراپ ئىش قىلىپ ئۆزۈمگە پۇرسەت قالدۇرمىسام قانداق بولىدۇ؟ مەن يەنە ياششىم كېرەك. مەن ئايالىم بىلەن مەڭگۈ توي قىلماي ئارىلىشىپ ئۆتەرمەنمىكىن دەپ ئويلايتتىكەنمەن. بىراق جەمئىيەت، ئەخلاق، ۋاقتى ئۆتكەن ئەنئەنىۋى قاراشلىرى مېنىڭ رايىمغا باقمىدى. خۇددى توي قىلمىساق ياخشى ئۆتكىلى بولمايدىغاندەك بىرمۇنچە ھەشەم، ئىسراپچىلىق بىلەن تويىمىزنى قىلىپ قويدى. خۇددى مەن توي قىلىپ بىر خوتۇن بىلەن بىر ئۆيگە كىرمىسەم ئەر ھېسابلانمايدىغاندەك.

— ئىلزات دېگەن تازا قىتغۇر، ساراڭ بىرنېمىكەن — دېدىڭ سەن بىر كۈنى ئەتىگەندە ئىشقا ماڭغاندا مەن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ.

— نېمە بولدى، كۆڭلىڭىزنى رەنجىتىپ قويدىمۇ - نېمە؟

— ئاخشام ئۆيىگە چاقىرىپتىكەن. ئالايتەن چاقىرغاندىكىن سەت تۇرمىسۇن دەپ ئادەمگەرچىلىك قىلىپ بىر دوستۇمنى باشلاپ ئۆيىگە بارسام، ماڭا كۆز - كۆز قىلغاندەك يەنە بىر قىز دوستىنىمۇ چاقىرىپتۇ. ئۆزى ئازراق مەست بولۇپ قاپتىكەن. ئادەم بار - يوق دېمەي ھېلىقى قىز بىلەن ئەركىلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئاچچىقىمدا قوپۇپلا خوش دېمەي قايتىپ كەلدىم.

— جاھاندا بۇنداق خۇمسى ئادەملەر كۆپقۇ.

— ھەرقانچە بولسىمۇ...

— باشقىلارغا ئازراق پۇرسەت بېرىشنى ئۆگىنىڭ، ئېھتىمال سىز ئۇنىڭ تەلپىگە ۋاقتىدا ماقۇل دەپ جاۋاب بەرمىگەندىكىن، مانا سەندىن باشقىمۇ قىز چىقىدۇ دەپ ئۆچ ئېلىش يۈزىسىدىن شۇنداق قىلغاندۇ.

— ئەمدىغۇ ئۇ لامزەللىنى كۆرىدىغان كۆزۈم يوق. ئادەملەرچە مۇئامىلە قىلىپ قويسام قىلغان قىلىقنى.

— ئاشۇنداق يىگىتلەر بىلەن كۆپرەك ئارىلاشسىڭىز، مول تەجرىبىگە ئىگە بولىسىز.

— ئەمدى چىشىمغا تەگمىگەن سىز قالدىڭىزمۇ؟ — دېدىڭ سەن مەندىن سەل رەنجىگەندەك قىلىپ.

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم.

سەن مەيۈسكىنە كۈلۈپ قويدۇڭ. قارىغاندا مەندىن ئەمەس، ئىلزاتتىن رەنجىگەندەك قىلاتتىڭ.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. ياخشى يىگىتلەر چىقىپ قالار، قارىغاندا سىزنىڭ توي قىلىش ئۆلچىمىڭىز سەل يۇقىرىدەك قىلىدۇ.

— نەدىكى يوق گەپنى قىلىدىكەنسىز، مېنىڭ توي قىلىش ئۆلچىمىمنى كىم يۇقىرىكەن دەيدۇ. مەن توي قىلىدىغان يىگىتىمگە ھېچقانداق تويلۇق سالمايمەن. مەن مۇزىكىنى ياخشى كۆرگەچكە ئۆيىمىزگە ئېسىل روياالدىن بىرنى ئالساقلا بولدى. ئۆيىنىمۇ بەك بېزەپ كەتمەيمەن. ئىلزاتمۇ ماڭا رويال ئېلىپ بېرىمەن دېگەنتى.

— شەرتىڭىزغۇ ئېغىر ئەمەسكەن. رويال ئېلىپ بەرسىلا بولىدىغان ئىش ئىكەن. بىراق رويال ئېلىپ بېرىمەن دېگەن ئادەم بىلەن قارا قويۇق ئارىلىشىۋېرىش ئەخمەقلىقتە. رېئاللىققا بېقىپ ئىش قىلىش كېرەك. تۇرمۇشتىكى ھەممە نەرسە سىز ئويلىغاندەك گۈزەل بولۇپ كېتىشى ناتايىن. مۇزىكىغا بولغان ئىشتىياقىڭىز ئالاھىدە ئىكەن. قانداق مۇزىكىلارنى ياخشى كۆرىسىز؟

— بېتخوۋېننىڭ، باخنىڭ، شوبېرتنىڭ، مۇزارتنىڭ ئىسكروپكا ۋە پىئانىنو بىلەن ئورۇنلىغان مۇزىكىلىرىنى ياخشى كۆرىمەن.

— پاھ، چەت ئەلنىڭ كلاسسىك مۇزىكىلىرىنى ياخشى كۆرىدىكەنسىز - دە! مەنمۇ چەت ئەلنىڭ مۇزىكىلىرىنى ياخشى كۆرىمەن. بولۇپمۇ ئىسپانىيىنىڭ گىتار بىلەن ئورۇنلانغان مۇزىكىلىرىنى دەگە. مۇزىكىغا قىزىقىش ئالاھىدىلىكىمىز ئوخشىشىپ قالىدىكەن.

بىز خېلى ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئاخىرى خوشلاشتۇق، بىزنىڭ شۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشىمىز مەن ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولغانىدى. مەن يېكىرلىشەلەيدىغان، ئۆزئارا ئېچىلىپ - يېيىلىپ سىردىشالايدىغان ياخشى دوست تاپقان ئوخشايمەن دەپ ئويلىدىم. سېنىڭ ئوچۇق - يورۇق مىجەزىڭ، كۆڭۈل سىرلىرىڭنى تۈزلا دېيىشىڭ مېنىڭ ساڭا تەلپۈنۈشۈمگە، يېقىنلىشىشىمغا سەۋەب بولدى. شۇنداقتىمۇ مەن ئەمدىلا يىگىرمە ياشتىن

ھـالقـىغـان كىچىك بىر قىزنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىپ يامان يولغا مېڭىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم. لېكىن بۇ بىر خاتا قاراش ئىدى. چۈنكى مەن بىلەن ئەركىن، ئازادە پاراڭلىشالىغان بىر قىزنىڭ ئـۆز يولىنى تالليالايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. سىزنىڭ سىپايىلىقىڭ مەن ئۈچۈن تېخىمۇ قورقۇنچلۇق. مەن سىزنـى بـاشقـىلارنـىڭ ئـالدىـدا خارلىنىپ قالارمۇ دېگەنلەرنىمۇ ئويلاپ ئەنسىرەپ كېتىپتىمەن.

ـ ياخشىمۇسىز؟

مـەن نەچچە مىڭ قېتىم ئاڭلىسامىمۇ زېرىكىشلىك تـۇيـۇلمـايدىغان ئۆزگىچە ھېسسىياتقا ئىگە يېقىملىق ئـاۋازىڭ مەن ئۈچۈن ئەڭ زور تەسەللى. بۇ بىزنىڭ 4 ـ قېتىملىق ئۇچرىشىشىمىز ئىدى. سەن قولتۇقۇڭغا بىـر بـولاق ئـىمتـىھان قەغىزى قىستۇرۇۋالغانىدىڭ. كۆزلىرىڭدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى.

ـ مىجەزىڭىز يوقمۇ ـ نېمە؟

ـ ئـاخشـام تـەڭ كېچىگىچە ئىمتىھان نومۇرىنى جەملىدىم. ئەتىل يېقىنلىشىپ قالغاچقا سەل ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق.

ـ كۆزلىرىڭىز قىزىرىپ كېتىپتۇ. يىغلىدىڭىزما؟

ـ تۈنۈگۈن سومكامغا بەش يۈز يۈەن سېلىۋالغانتىم. چۈشتىن كېيىن مەكتەپكە ماڭىدىغان چاغدا پۇل سالغان سـومكامنى ياتاقتا ئۇنتۇپ قاپتىمەن. كەچتە ئىشتىن چـۈشـۈپ بېـرىـپ قـارىـسـام، پـۇل يوق تۇرىدۇ. ياتاقتىكىلەردىن بىرەرسى سوقۇۋالغان ئوخشايدۇ. بەش يۈز يۈەنگۇ ھېچقانچە پۇل ئەمەس. شۇنداقتىمۇ بىر ئايلىق ئىش ھەققىم ئىدى. يەنە ئازراق پۇل قوشۇپ جەنۇبنى ئايلىنىپ كېلەرمەن دەپ ئويلاپتىكەنمەن ـ دېدىڭ سەن بىر خىل مەيۇس ھالەتتە. مەن گەپنى بۇراپ:

ـ يىغلىسىڭىز بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەنسىز ـ دېدىم.

ـ يـىغـىدىن ئىششىپ كەتكەن قاپاقلىرىم سىزگە چىرايلىق كۆرۈندىمۇ؟

ـ چىرايلىق قىزلارنىڭ يىغىسىمۇ چىرايلىق بولىدۇ دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىغانمۇسىز.

ـ ئاڭلىمايتىكەنمەن، رەھمەت سىزگە.

ـ ھېلى سىزگە تېلېفون بەرسەم بولامدۇ؟

ـ ئـەلۋەتتە بولىدۇ. ھازىر دەرس توختىغاندىكىن چاقىرىپ قويىدۇ.

بىز خوشلاشتۇق. مەن كۆڭلۈمدە سىزنىڭ يۈلۈكۈڭنىڭ بوقاپ كەتكىنىگە ھېسداشلىق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ سەپەرگە چىقىدىغانلىقىڭ ئۈچۈن ئازراق



كـۆڭـۈل بىلدۈرۈش ئۈچۈن يوللۇق تۇتۇپ قويۇش نىيىتىگە كەلگەنىدىم. شۇڭلاشقا چۈشتىن بۇرۇن ئىشتىن چۈشىدىغان مەزگىلدە مەكتىپىڭگە تېلېفون بەردىم. سېنى ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان ھېلىقى قاپىقى يامان ئىلمىي مۇدىر چاقىرىپ بەردى.

ـ ياخشىمۇسىز؟

ـ چـۈشلـۈك دەم ئېلـىـش ۋاقتـىـدا ئـىشخانامغا كېلەلەمسىز؟

ـ نېمە ئىش ئىدى؟

ـ بـاشقىچە ئويلىنىپ يۈرمەڭ. كېلىپ كەتسىڭىز بولىدۇ.

سـەن تـەلىپىمگە قوشۇلدۇڭ. چۈش سائەت ئون ئـىككـىلەر ئەتراپىدا ئىشخانامغا كەلدىڭ. كەيپىياتىڭ ئەتىگەنكىگە قارىغاندا خېلىلا روھلۇق كۆرۈنەتتى.

ـ تاماق يېدىڭىزمۇ؟

ـ ھـەئـە، مـەكتـەپنـىڭ ئاشخانىسىدىن تاماق يەۋالدىم.

ـ سىزگە ئازراق يوللۇقۇم بار ئىدى...

ـ نېمىلەرنى قىلىپ يۈرىسىز؟

ـ بـۇ مېـنـىڭ كـىچىككىنە كۆڭلۈم، تونۇشۇپ قالغانلىقىمىزنىڭ يۈزىسىدىن بولسىمۇ قوبۇل قىلىڭ.

ـ كۆڭۈل دېگەننى پۇل بىلەن ئىزھار قىلمىسىمۇ بولىدىغۇ.

ـ بۇ گېپىڭىزغۇ توغرا، بىراق سىز سەپەرگە چىقمەن دەۋاتىسىز. ئېلىۋالسىڭىز ھەرگىزمۇ ئارتۇقچىلىق قىلمايدۇ.

باشقىلارنىڭ ياخشى كۆڭلىنى ياندۇرۇشنىڭ ھۆرمەتسىزلىك بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغانسىز، قوبۇل قىلمىسىڭىز خاپا بولۇپ قالىمەن.

سەن ئارتۇقچە ئىنكاس قايتۇرمىدىڭ، ئىنكاس قايتۇرۇشىڭنىمۇ زۆرۈرىيىتى قالمىغانىدى. سەن ئىشخانىدا خىنە بىلەن قىزغۇچ بويىۋالغان چاچلىرىڭنى سىلىكىپ ئۇيياقتىن - بۇيياقا ماڭاتتىڭ. نېمىشقىدۇر قاپقارا كۆزلىرىڭنى مېنىڭ تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىمدىن ئېلىپ قاچاتتىڭ. مېنىڭ ساڭا نېمىلەرنىدۇر دېگۈم كېلەتتى. لېكىن ساڭا نېمە دەيمەن، بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. ئالدىمدا پەرىشتە سۈپەت بىر قىز تۇرسا كاللىدەك گەپ قىلماي ئولتۇرۇش تازىمۇ بىمەنە بىر ئىش ئىدى. سېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم دېسەم بۇ سۆز بەكمۇ بالدۇرلۇق قىلاتتى. خۇداغا شۈكرى، ئالدى بىلەن سەن ئېغىز ئاچتىڭ.

- مېنىڭ بۇ يەردە پەقەت تۇرغۇم يوق.

- بۇ يەرنىڭ سىزگە قەيىرى ياقماي قالدى؟ ئۆزىڭىز تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا ماكانىڭىز بۇ.

- بۇ يەردە ئۆمۈر بويى بىر خىل رىتىمدىكى تۇرمۇشقا بويسۇنۇپ ياشايدىغان گەپ. يا ئويۇن - تاماشانىڭ تايىنى يوق، ياكى ئۆگەنگەن نەرسىنىڭ تايىنى يوق. خىزمەتتىن چۈشكەندىن كېيىن كېچە - كېچە ئۇزۇلمەيدىغان ئولتۇرۇشلار. ئادەملەرنىڭ روھى بۇزۇلۇپ كەتتى. ئۆزلىرىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. پۇل تاپتۇقمىكىن دېسەك تېخى. غورىگىل تۇرمۇش... ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە.

- بۇ گەپلىرىڭىزغۇ ئورۇنلۇق.

- ھازىر مەن ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتىمەن، پۇرسەت بولسا چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇپ كېلىمەن.

راستىنى ئېيتسام مەنمۇ بۇ يەردىكى بىكىلانىلىس تۇرمۇشتىن ئاللىقاچان زېرىككەنمەن. ئالىي مەكتەپتىكى مەزگىللىرىمدىلا چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇپ كېلىش ئارزۇيۇم بار ئىدى. ئادەم ئۇچۇن دۇنيادا ئۆزى ياراتقان نەتىجىدىنمۇ زور تەسەللى بولمىسا كېرەك. لېكىن ماڭا چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇپ كېلىش نېسىپ بولمىدى. ھازىر كاتىپلىق قىلىمەن دەپ ئالدىراپ يۈرىمەن. ئۆيدە ئايالىمغا ئەر بولسام، ئىدارىدە باشلىقنىڭ كىچىك خوتۇنىغا ئايلىنىپ قالدىم. باشلىق قىز كاتىپتىن بىرەرنى ئېلىپ مېنى بىرەر بۆلۈمگە مۇدىر قىلىپ قويسا بولاتتى. لېكىن باشلىق قىز كاتىپ ئىشلىتىشنى ياقتۇرمايدۇ. باشلىقنىڭ ئايالىنىڭ ئاچچىقى يامان. بەزىدە ئىشخانىغا

ئېرىنى يوقلاپ كېلىدۇ. باشلىقىم توڭگۈز يىللىق. توڭگۈز يىللىق ئادەملەر تەلەيلىك كېلەرمىش. مەنمۇ بەزىدە بۇ قاراشقا ئىشىنىپ قالىمەن. بەزىدە خىزمەتنىمۇ تاشلاپ، ئائىلىدىن بىر - ئىككى يىل ئايرىلىپ مۇستەقىل ياشاپمۇ باقايمىكىن دەپ قالىمەن. باشقا خەقلەرمۇ بىر - ئىككى يىل ئەمەس، ئون - يىگىرمە يىل يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپ تاپىدىغانىنى تېپىپ يەنە يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ياشايدىكەنغۇ. لېكىن ھازىر مېنىڭ سىرتقا چىققۇدەك جۈرئىتىم يوق. راستىنى ئېيتسام مەن تايىنى يوق خىزمەتكە باغلىنىپ قېلىپ ۋاقتىنىڭ ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئۆكۈنمەي تۇرالمايمەن.

بىز ئىككىمىز كۆپ پاراڭلارنى قىلىشتۇق. شۇ چاغدا مەن سېنىڭ جەينىكىڭدىكى جاراھەت ئىزىنى كۆرۈپ سورىدىم.

- جەينىكىڭىزگە نېمە بولدى؟

- ئىشكىنىڭ گىرۋىكىگە تېگىپ سۈرۈلۈپ كەتتى.

سەن دەرھال سومكاڭدىن دورىلىق پىلاستىرنى چىقىرىپ ماڭا تېڭىپ قويۇشنى ئۆتۈندۈڭ. مەن سېنىڭ ئىنچىكە، سىلىق بىلىكىڭنى تۇتۇپ پىلاستىرنى چاپلىدىم. بىراق پىلاستىر چاپلاشماي قويدى. مەن سېنى قانداق قىلاركىن دەپ بىلىكىڭدىكى يارىنى بوش بېسىپ قويۇۋېدىم، سەن كۆزىڭنى ئاستا يۇمۇپ لەۋلىرىڭنى چىشلەپ قويدۇڭ. شۇ چاغدا سەن مېنىڭ سېنى باغرىمغا مەھكەم بېسىپ تىنالمىغۇدەك دەرىجىدە قۇچاقلىغۇم، ئېپىز لەۋلىرىڭگە سۆيگۈم كەلگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ يۈرىكىم ھاياجان ئىلكىدە سوقۇپ ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇۋالغىنىمنىچۇ؟ ئەسلى مەن شۇنداق قىلسام بولاتتى. مېنىڭ خالايدىغىنىممۇ شۇ ئىدى. بىراق مەن ئىشنىڭ بىسمىللاسىدا سېنى ئۈركۈتۈۋېتىشتىن، سەندىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقاتتىم. يەنە پۇرسەت بار دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم. پىلاستىرمۇ چاپلاشمىدى.

- جەنۇبتىن سىزگە نېمە ئالغاچ كېلىمەن؟

- ئۆزىڭىزنى ئالغاچ كېلىڭ.

سەن مىيىقىڭدا كۈلۈپ قويدۇڭ. بىز خوشلىشىدىغان مەزگىلدە مەن پۇلنى ئىسسىق ئالقىنىڭغا مەجبۇرى تۇتقۇزۇپ قويدۇم.


- خوش، سەپىرىڭىزگە ئاق يول تىلەيمەن. تاماشانى ئازراق ئويناپ ئاخشىمى ئۆيگە بالدۇر قايتارسىز، پۇلنىڭ چېتىدە مېڭىڭ. ھازىر ماشىنا كۆپىيىپ كەتتى. كىشىلەر توپلىشىۋالغان يەرگە بارماڭ.

- بىەنىچۇ، سىز مېنى ئاخشاملىرى تالادىن ئۆيگە

كىرمەيدىغان قىز كۆرۈپ قاپسىز - دە!
- چاقچاق قىلىپ قويدۇم.
- مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تۇغۇلغان كۈنۈمنى سىز بىلەن ئۆتكۈزىمىكىن دەيمەن.
- راستمۇ؟ نېمانداق ئادەمنى خۇش قىلىسىز، قاچان تۇغۇلغان؟
- 77 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى.
- يەتتە، توققۇز دېگەنلەرنىڭ خاسىيەتلىك سان ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟
- ياق.
- يەتتە بىلەن توققۇزنى ئەجدادلىرىمىز ئۇلۇغلاپ كەلگەن سانلار. مەسىلەن، ئاسمان بىلەن زېمىننى يەتتە قات ئاسمان، يەتتە قات زېمىن دەپ بۆلگەن. دوزاخ بىلەن جەننەتمۇ شۇنداق. قىز بىلەن يىگىتنىڭ توينى يەتتە كېچە- كۈندۈز قىلغان. تويغا يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە كىشىلەر قاتناشقان. ئادەملەر ئۆلۈپ يەرلىككە قويغاندا يەرلىكنىڭ ئېغىزىغا يەتتە كەتمەن توپا تاشلايدۇ.
- توققۇزچۇ؟
- ئەينى ۋاقىتتا ئەجدادلىرىمىز ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى توققۇز ئۇيغۇرغا بۆلگەن. ئاياللارنىڭ توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت، توققۇز مىنۇت قورساق كۆتۈرۈشىمۇ توققۇز سانىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
سەن ئىشخانىدىن سىرتقا ماڭدىڭ.
- بارغاندىن كېيىن ماڭا تېلېفون بېرىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.
بۇ چاغدا سەن ئىشخانىدىن چىقىپ بولغانىدىڭ. بىردىنلا ئارقاڭغا يېنىپ كىرىپ دېدىڭ.
- چوقۇم تېلېفون بېرىمەن.
سەن قايتىپ كىرىپ ئىشخانىدا بىردەم تۇرۇپ قالدىڭ. كۆزلىرىڭ شۇنداق خۇمالىق ئىدى. ئەسلىدە سەن مەن بىلەن باشقىچە خوشلاشماقچى ئىدىڭ، بۇنىڭغا مېنىڭ ئىشەنچىم كامىل.
- خوش ئەمىسە.
ئاۋازىڭ تولىمۇ ھېسسىياتلىق ئىدى. بىز خوشلاشتۇق. سەن مېنى يالغۇز قالغاندەك قىلاتتىڭ. مەن ئاشۇ مىنۇتلاردا ئۆزۈمنى خۇشال ھەم ئازادە سېزەتتىم. ئابالىم، ئىككى بالام ئالىقاچان ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. شۇنداق، بەزىدە ئادەمنىڭ ھەممىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان مەزگىللىرىمۇ بولىدۇ. لېكىن مەن تاللاشقا دۇچ كېلىپ قالغىنىمنى سەزگىنىمدە ھەممىسىگە ۋاقىت جاۋاب بېرىدۇ دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى

ئۇرىدىم. سەن جەنۇبقا كېتىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن تېلېفون بەردىڭ. مېنىڭ بۇ بىر ھەپتە جەريانىدا سېنىڭدىن تېلېفون كۈتۈپ قانچىلىك تەقەززا بولغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ ھەر قېتىم تېلېفون كەلسە جىددىيلەشكەن ھالدا تېلېفون تۇرۇبكىسىنى ئالىمەن. ئەپسۇس، مېنىڭ ئاڭلىغىنىم سېنىڭ يېقىملىق ئاۋازىڭ ئەمەس، بەلكى مەن ئەڭ بىزار بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدىكى تېلېفون. باشلىقنى ئىزدەيدىغانلار، ئۇنىڭ كەچلىك ئولتۇرۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئىشلار، مائاش ئالالمىغانلار... ئىشقىلىپ سېنىڭ ئاۋازىڭ ئەمەس، بىر خىل تىنچسىز ئاۋازلار. بىز تېلېفوندا نېمىلەرنى دېيىشتۇق. راست، سەن ئۆزۈڭنىڭ تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشكەنلىكىڭنى، تالاغىمۇ چىقمىغانلىقىڭنى، تۇغقانلارنىڭ تاماققا زورلىغانلىقىنى دېدىڭ. مەن ئەسلىدە تېلېفوندا ساڭا نۇرغۇن گەپلەرنى دېمەكچى بولدۇم. ئويلاپ باقسام دېگۈدەك ھېچنەرسە يوق ئىكەن. سېنى ياخشى كۆرىمەن دەمدىمەن؟ مەن ياخشى كۆرۈپ قالغان تەقدىردىمۇ بۇ سۆزنى ھەرگىز ئېغىزىمدىن چىقىرالمايمەن. مەن ياخشى كۆرۈپ، باشقىلار مېنى ياخشى كۆرمىسە بۇ ئۆتۈپ كەتكەن بىچارىلىق بولمامدۇ.
سەن كېيىنكى ھەپتىسى يەنە تېلېفون بەردىڭ. ماڭا ھال ئېيتىپ نېمىلەرنىدۇر دېدىڭ.
- ئىچىم بەك سىقىلىپ كەتتى.
- زېرىكىپسىز - دە. ئىس - تۈتەك، شاۋقۇن - سۈرەن، ئادەملەر توپى، ئېگىز بىنالار. ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ماشىنا بىلەن تولغان بۇ شەھەر مېنىڭ ئىچىمنى قانداق سىققانلىقىنى بىلەمسىز. سەھراغا بارسىڭىز تۈگىمەيدىغان مېھماندارچىلىق. كوچىلاردا ئەركىن، ئازادە ماڭالمايسىز، كالتە يوپكا كىيىپ يۈرسىڭىز جەنۇبلۇقلار سىزنى «دەردى بار قىز» دېيىشىدۇ.
ئىككىنچى قېتىم تېلېفوندا كۆرۈشكىنىمىزدە بىز شۇنچىلىكلا پاراڭلىشالىدۇق. ئېھتىمال سەن بىرەر تۇغقىنىڭنىڭ ئۆيىدىن تېلېفون بەرگەن بولساڭ كېرەك. ئۇلاردىن بىرەرسى سەن بار ئۆيگە كىرىپ قالدى. شۇڭا سەن «خوش» دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتىڭ. كېيىن سەن شۇ يوقالغانچە ئالتىنچى ئاينىڭ پاقسىدەك يوقالدىڭ. تېلېفونمۇ يوق، چاقىرغۇنىڭمۇ زۇۋانى ئۆچكەنىدى. مەن بىرەر ئوغۇل دوست تېپىۋالغان بولسا كېرەك، ئېھتىمال تويى قىلىنغان قىز بولغاندىكىن ئىختىيارلىقىدىكى ئىشقۇ دەپ ئويلىدىم. لېكىن مېنىڭ ئىشىنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلايدىغان ناچار ئادىتىم بۇنداق بىمەنە خىيالدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلدى.

ماڭا بېغىشلىغان فىلىمسا ئىككى قېتىم تېلېفون قىلالىشىمىز ئۈچۈن ئۆزۈمگە مەجبۇرىي تەسەللى بەردىم. سەن يىلان يىللىق ئىكەنسەن. مەن يىللىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا يېزىلغان كىتابنى ۋاراقلاپ باقتىم. يىلان يىللىقلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى: «نىۋاسىتە تۇيغۇلۇق، پاراسەتلىك، جەزىبىلىك، راھەتپەرەس، چاققان، چېچەن، ئېھتىياتچان، دىلكەش» كېلىدىكەن. كەمچىلىكى: «ئەيىبىنى يوشۇرىدىغان، ئەپسىگۈر، مەمەدان، ھورۇن، بار - يۆلەكسىز» بولىدىكەن. سېنىڭ قايسى قان تىپىغا كىرىدىغانلىقىڭنى بىلمەيمەن. لېكىن سەن بۇغدايىيېشى بولتۇرلۇق يىلان يىللىق ئىكەنسەن. ئالاھىدىكى: «بىخىرامان، ئەمەلىيەتچىل، كۆزى ئۆتكۈر، مۇلازىمەتچىل، ئەدەپلىك، كەمتەر». كەمچىلىكى: «قۇسۇرچى، گېجىك، ئىنكارچى، جىمغۇر، ئادەمگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان، قوشقۇنغا ئولتۇرغاق» ئىكەن، مەن سەندىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى ھازىرچە بايقىمىغان بولسامۇ كېيىنچە ھەممىنى بىلىپ قالىدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم. سەن ماڭا ئوخشاش ئات يىللىقلار بىلەن ئۆزئارا ھال - مۇڭ بولالايدىكەنسەن. سېنىڭ ئات يىللىقلارنىڭ تېرىككەك مىجەزى بىلەن كارىڭ بولمايدىكەن. كەسىپ جەھەتتە مەن كۆڭۈلدىكىدەك شېرىكىڭ بولالايدىكەنمەن. مەن بۇ قۇرلارنى ئوقۇپ سەل خۇشال بولغان بولسامۇ يىلان يىللىق قىزلارنىڭ ئەرلەرنى كولدۇرلىتىشنى ياخشى كۆرىدىغان خاھىشىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئوقۇپ قورقۇپ كەتتىم. ئۆزۈمگە ئارتۇقچە بىر روھىي يۈكنى ئارتىۋالغاندەك ھېس قىلدىم. سەن مېنىڭ مۆچەل يىلىمغا ـ 2002 ـ يىلىغا كەلگەندە سېنى



پالاكەت باسىدىكەن. ئۇلۇغ ئاللا ئىگەم سېنى ئېلىمەك بالا، توقۇناق قازادىن ساقلىغاي. يىلان زەھەرلىك ۋە زەھەرسىز دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئاللا ئىگەم سېنىڭ زەھەرلىك يىلان بولۇپ قېلىشىڭدىن ساقلىغاي! يىلان قىش كەلسىلا ھەممىنى تاشلاپ قىشلىق چۈشەككە كىرىۋالىدۇ. سەنچۇ؟ سەن جەنۇبقا كېتىپ قىشلىق چۈشەككە كىرىپ كەتكەن يىلانغا ئوخشاپ قالغانىدىڭ. بۇ جەرياندا مېنىڭ چۈشۈمگىمۇ كىرمىدىڭ. ئېھتىمال جەنۇبقا كېتىپ مېنى ئويلىمىغان بولۇشىڭ مۇمكىن. يىلان يىللىق ئاياللار ئەرلەرنى كولدۇرلىتىشقا ئامراق كېلىدۇ... تۇۋا، نېمىدېگەن تېتىقسىز سۆزلەر - ھە!... سەن جەنۇبتىن ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرى قايتىپ كېلىپ ئەتىسى ماڭا تېلېفون ئۇردۇڭ.

- ياخشىمۇسىز؟

- ھاياتمۇ سىز، باركەنسىز ئادەمنى ئەنسىرىتىپ...

مەن سۆزۈمنىڭ قوپال چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدىم.

- تۈنۈگۈن قايتىپ كەلگەنىدىم. قانداق، ئۆزىڭىزمۇ ياخشى تۇرۇۋاتقانسىز؟

- جاھىللىق بىلەن ياشاپ كېلىۋاتىمەنغۇ.

- ئۆيىڭىزدىكىلەرچۇ؟

- ئۇلارمۇ بار.

- ئىككى كۈن كېچىكىپ كېلىپ قالدىم. مەكتەپ باشلىقىنىڭ مەندىن ئېلىشى باردەك خاپا بولۇپ يۈرىدۇ. خاپا بولسا مەن قانداق قىلىمەن. ھازىر ئادەملەردىن خاپا بولىدىغان دۇنيا ئەمەسقۇ. راست، دوستلىرىم بۇ يىل تۇغۇلغان كۈنىڭنى قانداق ئۆتكۈزىسەن دەپ سورىۋىدى. مەن بىر دوستۇم بىلەن يالغۇز ئۆتكۈزىمەن دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ كۈنى قانداق كىيىنسەم بولار؟ مېنىڭچە بولىسغۇ پادىچى شىمى ، جىلىتكە، بېشىمغا كۈن نۇرى توسىدىغان چىكىلىكى ئۇزۇن شەپكە كىيەيمىكىن دېگەنتىم. سىزنى قولتۇقلاپ ماڭسامۇ ھېچ كىشى تونۇمايتتى.

- ھەجەپ ياخشى ئويلاپسىز، قەيەرگە بېرىپ ئوينايمىز؟

- كېچىچە شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلالايلىمىكىن دېگەن ئويدىمەن.

- قېنى ۋاقتى كەلسۇن، ھازىر شەھەردە سودا كېڭىشىش يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ. شەھەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى چوقۇم تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتتى. ئازادە، پاكىز كوچىلار ۋە ئىككىمىز قوشۇلۇپ شەھەر، كېچە بىزگە چوقۇم رومانتىك تۇيغۇ

بېرەلەيدۇ.

ـ خوش، ئەمىسە، كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭ.

بىز خوشلاشتۇق. سىنىڭ مېنى قولتۇقلىۋېلىش ھەققىدىكى سۆزۈڭ مېنى ھاياجانلاندۇرماي قويمىدى. لېكىن ئەزەلدىن ئۆز ھېسسىياتىمنى باشقىلارغا ئاسان ئاشكارا قىلمايمەن، ھەتتا مەن ئۆزۈمنىڭ ئاللىقاچان يوشۇرۇن بىر روھىي كۈچنىڭ ئىسكەنجىسىگە باغلىنىپ قالغانلىقىمنى سېزىپ تۇرساممۇ، بۇنى قەتئىي ئېتىراپ قىلغۇم كەلمەيتتى. بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنىڭ قەيەردىن چىقىدىغانلىقىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. ئەتە سەن بىلەن نېمە دېيىشىدىغانلىقىم توغرىسىدىمۇ بىرەر ئېنىق نىيەت ياكى نىشان يوق ئىدى. ئەتىسى مەن 2 ـ سىنتەبىر چۈشتىن كېيىن باشلىقىم بىلەن ئايالىمغا بىرنەچچە ئىدارىغا بېرىپ سۆزلىشىدىغان ئىش بار دەپ قويۇپ بالدۇرلا كوچىغا چىقىۋالدىم. نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. مەن سېنى 7 ـ يول ئاپتوبۇسنىڭ 7 ـ بېكىتىدە ساقلاپ تۇردۇم. يېنىمدا ئىككى دوستۇمنىڭ بارلىقىنى سەنمۇ بىلسەن. دۇنيادا يالغۇز ئادەم ساقلاشنىڭ قانچىلىك ئازاب ۋە زېرىكىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولساڭ بالدۇرلا كېلەتتىڭ. سەن دەل سائەت يەتتە بولغاندا كەلدىڭ. تووۋا، سەن 77 ـ يىلى تۇغۇلغان. مەن سېنى 7 ـ يول ئاپتوبۇسنىڭ 7 ـ بېكىتىدە سائەت يەتتىگىچە ساقلاپتىمەن... سەن ئۇ چاغدا ئاق نېپىز مايكا، ئۈستىگە پادىچىلار رەختىدىن تىكىلگەن كۆلرەڭ سارافان كىيىۋاپسەن. يۈزۈڭگە بىلىنەر ـ بىلىنمەس ماي سۈرتۈپ، لەۋلىرىڭگە سۇس قىزغۇچ رەڭلىك لەۋسۇرۇق سۈرتۈۋاپسەن. چاچلىرىڭنىڭ ئالدى تەرىپىنى ئىككى تەرەپكە ئايرىپ كۆپتۈرۈۋاپسەن. سىنىڭ بۇ تۇرقۇڭ ماڭا قانداقمۇ ياقمىسۇن؟!

ـ كېيىن قالدىڭىزغۇ؟

ـ ئاچقۇچنى مەكتەپتە ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ياتاققا كەلسەم ئادەم يوق. بىرەرسىنى كېلىپ قالامدىكىن دەپ خېلى ساقلاپ باققان بولساممۇ بىرەرسى كەلمىدى. تۇغۇلغان كۈنۈمگە ئاتاپ تىكتۈرگەن كىيىملىرىمنىمۇ كىيەلمىدىم.

ـ بۇ كىيىملىرىڭىزمۇ شۇنداق يارىشىپتىغۇ. بۈگۈن تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز.

ـ رەھمەت.

تووۋا، مەن كاتتىلىق قىلىمەن دەپ يۈرۈپ بىر خۇشامەتچىگە ئايلىنىپ قالدىممۇ ـ نېمە. سىنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ كەتكىنىمنى كۆرمەمسەن.

بىز شۇ ئەتراپتىكى بىر تورتخانىغا كىرىپ تورت ۋە شاملارنى سېتىۋېلىپ چىقىپ يەنە بىر ئاشپۇزۇلغا كىردۇق. بىز دۈملەنگەن قوي پاچىقى، مايدا پىشۇرۇلغان تاسما بېلىق، تۇخۇم شورپىسى دېگەندەك نەرسىلەرنى بۇيرۇدۇق. سەن چايدىن باشقا نەرسە ئىچمەيمەن دەپ تۇرۇۋالدىڭ. مېنىڭمۇ زورلىغۇم يوق ئىدى. ھەركىم ئۆزىنى ئايىمىسا كىم ئايايدۇ دېمەمسەن. يەنە بىر دوستۇم تونۇگۇن كۆپ ئىچىۋالغاچقا ئۇمۇ چايدىن باشقا نەرسە ئىچمىدى. مەن بىر بوتۇلكا پىۋا ئىچىپ قويدۇم. لېكىن سەن ھەتتا سوغۇق ئىچىملىك ئىچىشكىمۇ ئۇنىمىدىڭ.

سۈبھىنۇر، بىز ھېلىقى كىچىك ئاشخانىدا سائەت قانچىگىچە ئولتۇردۇق؟ ئون بىرگىچە. جەمئىيەت، ھازىرقى سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ ساپا مەسىلىسى، ناخشىچى بولماقنىڭ ئاسانلىقى، جەمئىيەتتىكى بۇزۇلۇش، ۋەزىيەت قاتارلىقلار توغرىسىدا پاراڭ سېلىشتۇق. ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن دوستۇممۇ ئۇيقۇم كېلىپ بولالمىدىم دەپ كېتىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇنىڭ بىزگە كەڭ ـ كۇشادە ئولتۇرۇشىمىزغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگىنى ئىدى. بىز ئۇ كېتىپ بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن سىرتقا چىقتۇق. بىراق قەيەرگە بارىمىز؟ بۇ كېچىدە كوچا ئايلىنىپ يۈرسەك سودا كېڭىشىش ۋاقتى دەپ بىزنى سەۋەبسىز تەكشۈرۈشى، ھەتتا ئايرىپ سولاپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. سىنىڭ مۇشۇ دۆلەتنىڭ پۇقراسى ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلايدىغان كىملىكىڭ يوق ئىدى. گەرچە مەن مۇشۇ شەھەردە ئۆسۈپ چوڭ بولغان بولساممۇ تۈزۈكرەك مېھمانخانىنى بىلمەيتتىم. بىلىدىغانلىرىم ساپلا ئالىي دەرىجىلىك، قىممەت باھالىق، چەت ئەللىك بايلار ياتىدىغان مېھمانخانىلار بولسىمۇ، مەن بۇ مېھمانخانىلارنىڭ ئېگىز بىنالىرىنى سىرتتىن كۆرگەنمەن. ئىچىنىڭ ھەشەمەتلىك، ئاخشاملىرى بەك قىزىپ كېتىدىغانلىقىنى باشلىقىمدىن ئاڭلىغان. ئاشۇنداق مېھمانخانىلاردىن بىرەرسىدە قونايلى دېسەم سەن نېمە دېدىڭ.

ـ مەن مېھمانخانىلاردا قونۇپ باقمىغان. ھازىر ئۆيگە قايتسام ئۆيدىكىلەرنىڭ باشقىچە ئويلىنىپ قېلىشى تەبىئى. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ياتاققا قايتايلى.

مېنىڭ سەن بىلەن بىرگە بولۇپ ئاران قولغا كەلتۈرگەن بۇنداق قىممەتلىك پۇرسەتنى قانداقمۇ قولۇمدىن بېرىپ قويغۇم كەلسۇن.

ـ ئالدى بىلەن مېھمانخانا ئىزدەپ باقايلى، بولمىغاندا قايتىپ كەتسەكمۇ مەيلى.

سەن ئاران دېگەندە ماقۇل كەلدىڭ. بىز كىرا ماشىنىسى توستۇق.

— قەيەرگە؟

— قەيەردە ياخشىراق مېھمانخانا بولسا شۇ يەرگە ھەيدەڭ.

شوپۇر بىزنى شەھەر مەركىزىدىكى بىر مېھمانخانىغا ئېلىپ باردى. مەن شەھەردە بۇنداق مېھمانخانىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈش تۈگۈل ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن. مەن ئىككىمىزگە مېھمانخانىدىن ياتاق بەرمەي قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرىدىم. چاتاق يېرى سېنىڭ كىملىكىڭ يوق. سەن كىرا ماشىنىسىدا شوپۇر بىلەن قالدىڭ. مەن مېھمانخانىغا كىرىپ مۇلازىمەتچى قىزغا ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم.

— مەن مۇشۇ شەھەرلىك، ئۆيۈم شەھەر ئەتراپىدا. ئەتە ئەتىگەن سىڭلىم ئىچكىرىسگە ماڭماقچى ئىدى. شۇڭا بۈگۈن مېھمانخانىلاردا بىر كېچە قونماقچىدۇق. بىراق ئۇنىڭ كىملىكى يوق.

— كىرەك يوق ئەپەندىم. باش مۇلازىمەت ئورنىدا رەسمىيەت بېجىرسىڭىزلا بولدى.

مەن ئىشنىڭ بۇنداق ئوڭۇشلۇق ھەل بولغانلىقىدىن شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتىم.

— ياتاقلارنىڭ باھاسىنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ ئەپەندىم. ياتاقنىڭ ئەڭ ئەرزىنى 420 يۈەن.

مەن مۇلازىمەتچى قىزنىڭ جاۋابىدىن شۈكلەپ قالدىم. 420 يۈەنگە يەنە 200 يۈەن قوشۇلسا مېنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىم دېگەن گەپ. شۇنداق بولسىمۇ سەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېقىش قارارىغا كەلدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرسىنىڭ خىزمىتىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىمەن دەپ باشلىققا ئالغان ئارقا ئىشكىنىڭ پۇلى يانچۇقۇمدا بار ئىدى. مەن مېھمانخانىدىن يېنىپ چىقىپ ساڭا مەسلىھەت سالدىم. سەن زادىلا قوشۇلمىدىڭ. بىز ئارقىدىن يەنە بىر مېھمانخانىغا باردۇق. بىراق ئۇلار ساقچىلار تەكشۈرىدۇ دەپ ئۇنىمىدى. بىز ئامالسىز قالدۇق. سەن جىددىيلىشىپ كەتتىڭ.

— ياتاق تاپالمساق ھېلىقى مېھمانخانىغا قايتايلى.

— ياق.

سەن يەنە ئۇنىمىدىڭ. باشقا قىزلار بولغان بولسا چوقۇم ئەڭ ئېسىل مېھمانخانىنى تاللىغان بولاتتى. تۇۋا دېمەن، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىگە، بالىسىغا خەجلىمىگەن پۇلنى قىزلار ياخالدەك خەجلەيدۇ. ۋېلىسىپىتنىڭ تەپكۈچىنىڭ رېزىنكىسى چۈشۈپ قالسىمۇ ئۇڭشىمايدۇ. قىزلار ئەرلەرنىڭ مۇشۇنداق ئەخمەقلىقىدىن بەك پايدىلىنىپ كېتىدىكەن. شوپۇر بىزنى شەھەرنىڭ چېتىدىكى بىر مېھمانخانىغا ئېلىپ باردى. مېھمانخانىنىڭ بېشىدىكى تاختايغا يېزىلغان «ئەل ئېھرام» مېھمانخانىسى دېگەن خەتكە سەن چوقۇم دىققەت قىلمىدىڭ. يېرىم كېچە بولغاندا كىممۇ بىزگە ئىشىك ئېچىپ بىرەر... مەن بىر خىل ئىشەنچسىز ھالەتتە مېھمانخانىغا كىردىم. مۇلازىمەتچى قوشۇلدى. كۆڭلۈمدە مۇلازىمەتچىگە نەچچە مىڭ رەھمەت ئېيتتىم. ئۇ ياتاقنى بەك ئالىي دەرىجىلىك دېگىلى بولمىسىمۇ تېلېۋىزور ۋە مۇنچىسى بار ئىكەن. تېلېفون يوق. بۇنداق چاغدا بىزگە تېلېفون بولغان ھالەتتىمۇ ئۇنى ئۈزۈۋېتىشىمىز تۇرغان گەپ. يۇمشاق، ئازادە كارىۋات. مەن تورتنى ئېلىپ شاملارنى تىزدىم. سەن تۇغۇلغان كۈندە كىيىدىغان قەغەز باش كىيىمنى كىيىۋىدىڭ، مەلىكىلەرگىلا ئوخشاپ قالدىڭ.

— مەن تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئۆزۈم ۋە يەنە بىر ئادەم بىلەن ئۆتكۈزۈشۈم.

— شۇنداقمۇ، ئەمىسە مەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلسام بولغۇدەك.

— بۇ سۆزىڭىز سەل يالغان بولۇپ قالدىمۇ - قانداق؟

— ئىشەنمىسىڭىز، يۈرىكىمنى يېرىپ كۆرسىتەيمۇ؟

سەن شاملارنى ئۈچ قېتىم پۈۋلەپ ئۆچۈردىڭ. بىلسەڭ، مېنىڭمۇ بىر قىز بىلەن يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈشۈم.

بىز تورتنىمۇ يېمىدۇق. سەن ئايىغىڭنى سېلىۋېتىپ كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتتىڭ. پايپاقسىز پۇتلىرىڭنىڭ تاپىنى توپىدا بۇلغىنىپ كەتكەنىدى. سەن مېنىڭ پۇتۇڭغا قاراپ قالغىنىمنى سېزىپ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدىڭ.

— پۇتۇم مەينەتمىكەن؟

— يۇيۇۋەتسىڭىز بولىدىغۇ.

— بىردەم يېتىۋالاي.

سەن ئۇخلىسىڭ ياتقىنىڭچە كۆزۈڭنى يۇمۇۋالغانىدىڭ. مەن ساڭا تىكىلگىنىمچە ئۆزەمەي ئاماكا چېكىپ ئولتۇراتتىم. مەن سېنى قانداق قىلىش توغرىسىدا ئويلاندىم. بىرلا سۆيۈپ قويسامچۇ؟ مېنىڭچە بۇ بەك قوپاللىق بولۇپ قالاتتى. سېنى ئىمكان قەدەر رەنجىتكۈم يوق ئىدى. مەن ھەرقانداق ئىشنىڭ تەبىئىي ئەمەلگە ئېشىشىنى ياخشى كۆرىمەن. مەن ھەتتا گەپنى

قەيەردىن باشلاشنىمۇ بىلمەي قالدىم. بۇ بىر توي قىلغان ئەرنىڭ ئاجىزلىقىمۇ ـ قانداق؟ سەن كارىۋاتتا كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئۇخلىدىڭ. ئۇخلىغان پىتى، كىچىلەر سەن بىلەن ئەتراپىمدا بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ كۆزلىرىمنى تاقاپ سېنى كۈتۈپ كېتىشمىنمۇ؟ مېنى تازىمۇ جۇرئەتسىز، ھېسسىياتسىز يىگىتكەن دەپ قالغان بولغىيتتىڭ. لېكىن مەن ئىشنىڭ بەك تېز تەرەققىي قىلىشىنى خالىمايتتىم. تېز باشلانغان ئىش بەك تېز ئاخىرلىشىدۇ. بولۇپمۇ قىز ـ ئوغۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شۇنداق. سەن مېنى پۇرسەت يارىتىپ بەرسەممۇ تاماكا چېكىپ ئولتۇرىدۇ بۇ گالۋاڭ دەپ قالمىغان بولساڭلا مەيلى. مەن ئاخىرى ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇنداق تىنچ تۇرۇۋېرىش ياخشى ئىش بولمىسا كېرەك. سېنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ بۇ كېچىنى ئەھمىيەتسىز ئۆتكۈزۈۋەتسەم بولمايتتى.

ـ قانداق، سىز بىرەر يىگىت بىلەن مۇھەببەتلىشىپ باققانمۇ؟

ـ بىرسى بىلەن يۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بەك باي ئىدى. يىگىتمۇ مېنى ياخشى كۆرەتتى. بىراق ئائىلىسىدىكىلەر قوشۇلماي توي قىلىپ كەتتى.

ـ سىز ئۇنى ياخشى كۆرەتتىڭىزمۇ؟

ـ ياخشى كۆرسەممۇ ئامال قانچە. ئۇ توي قىلىپ بولغاندىكىن يەنە ئارىلىشىپ ئۆتەيلى دېدى. نەدىمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن. دەسلەپتە يۈرگەندە ئۇ مەندىن «سىزنى سۆيۈپ قويسام بولامدۇ» دەپ سورايتتى.

ـ سىز نېمە دېدىڭىز؟

ـ شۇنىمۇ مەندىن سورامسىز دېدىم.

سېنىڭ سۆزۈڭ بويىچە بولغاندا مەن سېنى سۆيۈپ قويسام بولاتتى. بۇ مەن ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت ئىدى. مەنمۇ سەندىن «سىزنى سۆيۈپ قويايمۇ» دەپ سوراي دېدىمۇ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. ھېلىقى يىگىت شۇ چاغدا سېنى سۆيۈپ قويغانمۇ، مەن ئۇ چاغدا بۇ سوئالنى سەندىن سورىمىغانىدىم. سۆيۈپ قويغان دەپ قالساڭ مەن بىر قىسىملا بولۇپ قالاتتىم. مېنىڭ ئۇ يىگىتنىڭ توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىغۇم كەلمەي ئايغىمنى سالدىم.

ـ سىز بايا يوتىڭىز مەيىتكەن دەپ مېنى زاڭلىق قىلىۋاتاتتىڭىز، سىزنىڭ پايپىقىڭىزمۇ كىركەنغۇ.

ـ ئاق رەڭنىڭ ئاسان كىرلىشىدىغانلىقىنى بىلمەمسىز؟

ـ پايپىقىڭىزنى يۇيۇپ بېرەيمۇ؟

ـ رەھمەت. سىزنى ئاۋارە قىلمايمەن.

ـ ھېچنەرسە بولمايدىغۇ،

ـ بولدىلا...

سېنىڭ «پايپىقىڭىزنى يۇيۇپ بېرەيمۇ» دېگەن سۆزۈڭنىڭ ماڭا قانچىلىك ياقىدىغانلىقىنى بىلەمسەن. كۆڭلۈمدە بىرنېمە يوچۇنلۇق، يالغۇزلۇق بىراقلا تۈگەپ بىر شۇ قەدەر يېقىنلىشىپ كەتكەندەك شۇنداق خۇشال بولدۇم.

ـ سىز ئىشنىڭ تەرىپىدىكى كارىۋاتتا ئۇخلاڭ.

ـ سىزنىڭچە شۇنداق قىلسام بولامدۇ؟

ـ نېمىشقا بولمىغۇدەك.

ـ مەن دېرىزە تەرىپىدىكى كارىۋاتنى ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتىمەن. ھاۋالىقتەك تۇرىدۇ. ياستۇقىمۇ ئېگىز ئىكەن.

ـ ياق، ئۆزىڭىزنىڭ كارىۋىتىدا ياتىسىز.

ـ بولىدۇ، ئەمىسە چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتەي.

مەن چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ كۆچەپ شورىدىم.

ـ ياتماي ئەجەب ئولتۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ؟

ـ بىلمەيمەن.

مەن ئارقىدىنلا يەنە بىر تال تاماكا چەكتىم.

سەن ئۇخلىغان بولۇپ جىمجىت ياتاتتىڭ. ئېھتىمال مېنىڭ سېنى باغرىمغا مەھكەم بېسىپ قۇچاقلىشىمنى، لەۋلىرىڭگە ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ كېتىشىمنى كۈتۈپ ياتقان بولغىيدىڭ. مېنىڭ ئۇنداق قىلغۇم يوقمۇ، مەنمۇ ئۆزۈمنى ئاران تۇرۇپ ئولتۇردۇم. خۇدا پەرىشتىدەك بىر قىزنى يېنىمغا ئەكىرىپ بەرسە گالۋاڭلىق قىلىپ جىم ئولتۇرۇۋېلىش نېمدېگەن ئازابلىق ئىش ـ ھە! مېنىڭ ئاشۇنداق ھالىتىمنى باشقا بىرسى كۆرسىمۇ ئىچى ئاغرىپ قالار ئىدى. مېنى قامال قىلىۋالغىنى، قايناق ھېسسىياتىمنى، ئەسەبىيلىكىمنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقىنى نېمە؟ ئەخلاقمۇ، نومۇسمۇ، ئائىلەممۇ، ئايالىمنىڭ مېھربانلىقىمۇ؟ زادى نېمە؟ سەن ماڭاسۆيۈپ قويۇش ھەققىدىكى ھېكايىنى ئوقۇپ بېرىپ پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بولساڭمۇ، مەن ئاڭقاۋلارچە ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك ئولتۇرۇپتىمەن. قاراڭغۇ ياتاق، دېرىزە تەرىپتە ئورمانلىق بولسا كېرەك. چېكەتكىلەر مېنى زاڭلىق قىلغاندەك توختىماي چىرىلداشماقتا. دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئايمۇ قەيەرگىدۇر غايىب بولغان، سامانىڭ ئەڭ يىراق جايلىرىدىكى پارقىراپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى كۆرگىلى بولاتتى. كارىدوردىن بىرسىنىڭ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ چۈشۈپ كەتكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ساقچىلار تەكشۈرۈپ كەلگەن بولسا

كېرەك دەپ ئەنسىرەپ يۈرىكىمنىڭ سۇ بولۇپ كەتكىنىنى بىلمەيسەن. توي قىلغان ئادەم ئاشۇنداق قورقۇنچاق، ئېھتىياتچان بولىدىغان ئوخشايدۇ. بىراق سەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم ياتاتتىڭ. كۆزۈڭنىڭ ئوچۇقلىقىنى ياكى يۇمۇقلىقىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. كارىۋاتنىڭ سورۇلۇپ ياتقان كىچىككىنە تېنىڭلا كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. غوۋۋا تەن، ئۇ سەن. سېنىڭ ئادەمنى سىلكىۋەتمەيدىغان مۇلايىم مىجەزىڭ بارلىقىنى بىلسەممۇ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. سەن مېنى ياخشى كۆرمىسەڭ بۇ يەرگە كەلمەيتتىڭ. مېنىڭ بىلەن بىر كېچە بىللە بولمايتتىڭ. مېنىڭ ئىشىنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلايدىغان ناچار ئادىتىم ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى كۆرسىتىپ قولۇمدىكى چېكىپ بولالمىغان تاماكىنى كۈلدانغا تاشلاپ مەجبۇر ئۆچۈرۈۋېتىشكە مەجبۇر قىلىپ ئورنۇمدىن تۇرغۇزدى. نېمە قىلىشىمنى بىلمەي بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن غەيرەتكە كېلىپ نېمە بولسا بولمامدۇ، دەپ سەن ياتقان كارىۋاتنىڭ دېرىزە تەرىپىدىن يېنىڭغا كىردىم. بىراق سەن قانداق قىلدىڭ؟...

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟— دېگىنىڭچە خاپا بولغاندەك قىلىپ ئورنىڭدىن شوخشۇپ تۇرۇپ ئىشىكتەرەپتىكى كارىۋاتقا چىقىپ يېتىۋالدىڭ. ئېھتىمال ناز قىلغان بولۇشۇڭ مۇمكىن. راستىنى ئېيتقاندا مەن بەك ناز قىلىپ كەتكەن قىزلارنى ياقتۇرمايمەن. ئۇلارنى ئالداپ، سىيلاپ ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. بۇ مەن ئۈچۈن ئازابلىق ئىش.

— دېرىزە تەرەپ سالقىن ئىكەن.

بۇ مېنىڭ ئۆزۈمنى ئاقلىماقچى بولغان سۆزۈم. بۇنىڭ يالغانلىقىنى سەنمۇ بىلىسەن. مەن ئۆزۈمنىڭ ئاشۇنداق پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىمدىن قانچىلىك ئەنسىرىگەن، قانچىلىك قورققانىدىم - ھە! ئەلۋەتتە ساپ ھېسسىياتنى قىزىل كۆزلۈك، ئالدامچىلىق بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. بۇ مېنىڭ پەلسەپەم. ئېھتىمال مەن مۇشۇ پەلسەپىگە تايىنىپ ياشايمەن دەپ ئېرىشمەكچى بولغان نۇرغۇن نەرسىلىرىمدىن مەھرۇم قېلىشىم مۇمكىن. لېكىن مەن يەنىلا رازى. مەن تولىمۇ ئوڭايسىزلىق ئىچىدە قالدىم. سەن مېنىڭ ئارىسالدىلىق ئىچىدە قېلىپ نەچچە تال تاماكىنى ئۈزمەي چېكىۋەتكىنىمنى بىلەتتىڭمۇ. مېنىڭچە ھەر ئىككىمىز بۇ يەرگە خالاپ كەلگەندىكىن يالغاندىن كاجلىق قىلغانلىڭ قىلچە ھاجىتى يوق ئىدى. ھەتتا مەن كۆڭلۈمدە سېنىڭدىن رەنجىگەنمۇ بولدۇم.

— مېنى كىم كۆرۈپ قالدىڭىز؟

سېنىڭ بۇ سۆزۈڭ مېنىڭ تېخىمۇ ئۇغامنى قايىنىتىۋەتتى، ئاچچىقىمنى كەلتۈردى. مەن سېنىڭ مۇشۇنداق سۆزنى دەپ سالماسلىقىڭنى كۆڭلۈمدە قانچىلىك ئۆتۈنگەنلىكىمنى بىلمىگەنسەن. بۇ سۆزنى سەن دەيدىغان سۆز ئەمەس ئىدى. چۈنكى بۇ سۆزۈڭ بىلەن مەن شەھۋەتپەرەس، قىشغۇر، پوخۇر، قانداق قىز بولسا ئۆزىنى تۇتالمايدىغان بۇزۇق ئەرگە ئايلىنىپ قالاتتىم. راست، ئەمەلىيەتتىمۇ مەن بىر بۇزۇق ئەرغۇ. بۇزۇقچىلىق قىلمىغان بولساممۇ بۇزۇقچىلىق قىلىشقا ئۇرۇندۇم. بۇ ئەخلاق جەھەتتىلا شۇنداق، مەن تەبىئىتىمدىكى نەرسىلەرنى يوشۇرۇۋالسام بولمايتتى. سەن مېنى باشقا بىر ئەرگە، بۇرۇن بىرگە بولغان بىرەرسىگە ئوخشىتىپ قالغان بولساڭ كېرەك.

— سىز، مېنى كىم كۆرۈپ قالدىڭىز؟

مەن سەندىن ياندۇرۇپ سورىدىم. لېكىن سەن سوئالىمنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ جىمجىت يېتىۋالدىڭ.

— مەن سىزنىڭ يېنىڭىزغا قانچىلىك تەستە كىرگەنلىكىمنى بىلەمسىز؟

مەن يەنە سۆزلىسەم قايناپ كېتىدىغاندەكلا ئىدىم. مەن ئەزەلدىن ئۆزۈمنى ياخشى كۆرگەن، كۆڭلۈمدە سۆيگەن ئادەمگە يات ئادەمدەك مۇئامىلە قىلىشنى، بىكارچىلا كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىمايمەن. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ يەنە بىر تال تاماكا چېكىشنى ئويلىدىم. لېكىن بۇ مېنىڭ ئاجىزلىقىم بولۇپ قالاتتى. گەپ قىلماي جىم يېتىۋالسام قېيىدىغانلىق بولۇپ قالاتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغان، قارشىلىققا ئۇچرىغان غورۇرۇمنىڭ يەنە بىر قېتىم ئوسال ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىنى خالىمايمەن. خېلىدىن كېيىن سەن:

— مېنىڭ كارىۋىتىمنى بېرىپ ئۆزىڭىزنىڭ كارىۋىتىغا بېرىپ يېتىڭ، — دېدىڭ .

لېكىن مەن گەپ قىلماي يېتىۋەردىم. گەپ قىلسام يەنە قايناپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىدىم. مېنىڭچە بىر قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئىكەنمەن، يەنە بىر قېتىم تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ سېنى يالغاندىن ئالداپ بىرگە يېتىشقا ماقۇل كەلتۈرۈش نىيىتىم يوق ئىدى. سېنىڭ قىلىۋاتقىنىڭ ناز بولسىمۇ، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشىم كېرەك ئىدى. شۇنداق، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈش گۇناھ ئەمەس، سەۋەنلىكنى تونۇماسلىق گۇناھ. مېنىڭ مۇشۇنداق ئوسال ھالەتتىكى مەغلۇبىيىتىمنى ئايالىم بىلىدىغان بولسا جوقۇم مەسخىرە قىلىدۇ. مېنىڭ ئايالىملا ئەمەس، باشقا ئاياللارمۇ ئارا لىگناسىما ئەر ئىكەن دەپ

قىلىشى مۇمكىن. بەتقىلىق ئوغۇللار بولسا مېنى ئۆزگىرىپ قالغان ئەر ئوخشايدۇ دېيىشى تۇرغانلا گەپ. ئۇلارنىڭچە بولسا مەن ياتاققا كىرگەندىلا مېكيياننى بوغۇپ كەتكەن خورازدەك سىنىڭ مەيلىڭنى بىر ياققا قويۇپ ئۆزۈمنىڭ شەھۋانىي نەپسىمنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تىركەشسەم بولاتتى.

- ئورنىڭىزغا كىلىپ يېتىڭ دەيمەن...

مەن ئۈنسىز يېتىۋەردىم. مەن بىر قارارغا كىلىشىم كېرەك ئىدى.

- گەپ قىلمامسىز، بوپتۇ، ئەمسە مەيلى...

سەن رەنجىگەندەك قىلاتتىڭ. مەندىن يەنىلا زۇۋان چىقمىدى. مېنىڭ سىنىڭ قېشىڭغا بېرىپ تەسەللى بەرگۈم كەلدى. لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇنداق قىلالمىدىم. مەن ساڭا تەسەللى بەرسەم، سېنى قۇچاقلاپ لەۋلىرىڭگە سۆيۈپ، قۇلىقىڭغا پىچىرلاپ «مەندىن رەنجىدىڭىزمۇ؟ خاپا بولماڭ» دېسەم بولىدىكەن. ئورنىمدا يېتىۋېلىپ ئېغىزىمغا كەلگەننى دەپ تەسەللى بەرسەم كاللىسىنىڭ سۆيى بار نېمە ئوخشايدۇ دېيىشىڭ مۇمكىن. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم.قاپقاراڭغۇ ياتاق، جىمجىت ياتقان، غۇۋا تەن. يېرىم بولغان كۆڭۈل. ئىككىمىز سىرتتا ئاشۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بولساق، مەن بىردىم بولسىمۇ كوچا ئايلىنىپ پەرىشانلىقتىن، بۇرۇقتۇرما كەيپىياتتىن قۇتۇلالايتتىم. يامغۇر ياغقان بولسا كوچا چىرىغىنىڭ ئاستىدا ئۇزاق تۇراتتىم. بۇ مەندىكى رومانتىك خىيال. مەن ئەزەلدىن كۆڭلۈم پەرىشانلىققا تولغان مەزگىللەردە ئۇنداق ئەخمىقانە ئىشنى قىلىپ باقمىغان. ئۆلگۈدەك ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپمۇ يۈرمىگەن. بىر - ئىككى دوستۇمغا ھال - مۇڭۇمنى ئېيتمىغان. ئۆيگىمۇ سوللىنىۋالمىغان. بىر - ئىككى سائەت جىمجىت ئولتۇرۇۋالسام، ھەممىسىدىن قۇتۇلۇپ كېتىمەن. ئايالىم سورىسا «كەيپىياتىم ياخشى ئەمەس، بىردەم يالغۇز قويۇڭ» دەيمەن. تالادا يامغۇر ياغقان تەقدىردىمۇ مەن سېنى ياتاققا تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كېتەلمەيتتىم. «مېنى كىم كۆرۈپ قالدىڭىز» . سەن مېنى كۆرگەنلا قىزلارغا ساقال تاشلاپ بۇرىدىغان ئەر كۆرۈپ قاپسەن - دە! بوپتۇ، بۇمۇ كەلگەن بىرى. مېنى روھىي چىرىگەن، بۇزۇلغان ئەرلەر قاتارىغا قوشۇۋالمىساڭلا بولاتتىغۇ. مەن ساڭا «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن سۆزنى دېمىگىنىم ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭمۇ؟ بۇ سۆزنى دەپ بۇرۇنشىنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ سەنمۇ چوپ چوڭلا بولۇپ قالغان قىزغۇ. بىز نېمىشقا ئۇچراشتۇق؟ توۋا، بىز نېمىگە قېيىدىشىمىز؟ سەن چوقۇم رەنجىدىڭ. كۆچ - قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر يىگىتنىڭ يېنىدا پەرىشتىدەك چىرايلىق بىر قىز ھەمراھ بولۇپ ياتسا قانداقمۇ ئادەمنىڭ ئۆيقۇسى كەلسۇن. بۇنى بەلكىم ئاللا ئىگەم ئورۇنلاشتۇرغان پۇرسەت بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق پۇرسەت بۇرۇقتۇرمىلىق، پەرىشانلىق، جىمجىتلىق، قېيىداش ئىچىدە ئۆز مەنىسىنى، قىممىتىنى



تاپالمىسا - ھە؟ ئۇخلىيالمىدىم. سىنىڭ ئۇخلىشىڭمۇ ناتايىن. مېنىڭ بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە يېتىۋەرگۈم كەلمىدى.

- سۇبھىنۇر!

سېنى چاقىردىم. سەن جىمجىت يېتىۋەردىڭ.

- ئۇخلاپ قالدىڭىزمۇ؟

- ياق.

- نېمە ئويلاۋاتىسىز؟

- بىلمەيمەن.

- يېنىمغا كىلىپ يېتىۋەرسىڭىز بولمامدۇ؟

- سىزمۇ ئۆز ئورنىڭىزنى تېپىۋېلىڭ.

- مېنىڭ ئۇنداق قىلغۇم كەلمەيۋاتىدۇ. بۇ ئىككىمىزنىڭ ئورنى، قېشىمغا كىلىپ ياتسىڭىز بولمامدۇ؟

- ئەمسە، مەن بىلەن ئېيتىشماڭ.

سەن ئاخىرى سۆيۈملۈك كارىۋىتىمىزغا يېنىپ كەلدىڭ. مەن سەن تەرەپكە قاراپ يېتىپ سىنىڭ يانغا تاشلانغان يۇدرۇق قوللىرىڭنى ئاستا تۇتۇۋالدىم. بارماقلىرىمنى بارماقلىرىڭ ئارىسىغا كىرىشتۈردۈم. شۇنداقتىمۇ مەن يەنىلا سىنىڭ «ئايالىڭىز تۇرۇپ نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟» دەپ قىلىشىڭدىن ئەنسىرىدىم. ياق،

سەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتىڭ. بۇ بىر كېچىنى سېنىڭمۇ مەنىسىز ئۆتكۈزۈۋەتكىنىڭ يوق ئىدى. مېنىڭ ئايالىم، ئىككى ئوغلۇم بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ كەلگەنلىكىڭ مېنى خالىغانلىقىڭ ئىدى. سەن مېنى رەنجىپ قالمىسۇن دەپ بېشىمغا كېلىپ ياتتىڭ. مەن ساڭا پۇتۇمنى ئارتتىم. ئارقىدىن بويىنىڭدىن قولۇمنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ سېنى ئۆزۈم تەرەپكە تارتىپ لەۋلىرىڭگە ئەسەبىيلىك بىلەن سۆيۈپ كەتتىم. لەۋلىرىڭدىن ئېلىۋالماقچى بولغان نەرسە نېمە؟ سۆيگۈ. مۇھەببەتنىڭ ئادەمنى مەست قىلغۇچ دورىسى. شېرىنلىك، دۇنيانى ھەممىنى ئۇنتۇش... سەن دەسلەپتە لەۋلىرىڭنى ئېلىپ قاچتىڭ. كېيىن ئاستا - ئاستا ماڭا بويسۇندۇڭ. ساڭا مەن نېمىشقىمۇ پۇرسەت بەرمىدىم؟ ناۋادا سەن لەۋلىرىڭنى ئېلىپ قېچىۋەرگەن بولساڭ، ئېنىقكى مەنمۇ بىرھازادىن كېيىن بوشاپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. مۇھەببەتتىن ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ ھوزۇر ئالمىسا ئۇنى قانداقمۇ مۇھەببەت دېگىلى بولسۇن. مەن ئەسەبىيلىك بىلەن سۆيۈپ يۈرسەم، سەن جىمجىت تۇرساڭ بۇ «چاشقانغا قىيىن مۈشۈككە ئويۇن» دېگەندەك ئىش بولۇپ قالاتتى... كېيىن مەن زورلاپ يۈرۈپ سېنىڭ ساراڭ كۆڭلىكىڭنىمۇ، ئىچىدىكى ئاق مايكاڭنىمۇ سالغۇزۇپ سېنى ياغىرداق ۋە كالتە ئىشتان بىلەنلا قويۇپ قويدۇم - دە، سېنى تېخىمۇ مەھكەم باغرىمغا باستىم. سېنى روھىمغا، تېنىمغا قوشۇۋەتكۇدەك دەرىجىدە قۇچاقلىدىم. مەن ئاخىردا سېنىڭ ئىككى تۈگمىلىك ياغىرداقىڭنىمۇ بوشىتىۋەتتىم. پەسكە قول سوزۇۋىدىم، زادىلا ئۇنىمىدىڭ. مەن تىركەشسەم غەلبە قىلىپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. لېكىن مەن ساڭا بىرىنچى قېتىمدىلا كۆڭۈل ئىزھار قىلىپ بىرگە بولمەن دېيىش قاملاشمىغان ئىش بولاتتى. ساڭىمۇ ياخشى تەسىر بەرمەيتتى. لېكىن مەن يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالسام قىز مېنى يارىماس، بولۇمسىز ئەر ئىكەن دەپ قالارمۇ دېگەنلەرنىمۇ ئويلىدىم. مەن ئاشۇنداق دېلىغۇللۇق ئىچىدە ئۆزۈمنى ئازابلاپ ياتتىم. ئەسەبىيلىك قىلىشنى ئويلايتتىمىۇ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاتتىم. نېمىشقا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالغانلىقىمغا ئۆزۈممۇ جاۋاب تاپالمايمەن، سۇبھىنۇر! مەن بىر كېچە دېگۇدەك كىرپىك قاقماي چىقتىم. سەن بەزىدە پۇتلىرىڭنى ماڭا ئارتىپ ئۇخلىساڭ، بەزىدە قوينۇمدا قوزىدەك تۈگۈلۈپ بېشىڭنى ئېڭىكىمنىڭ ئاستىغا، بوزۇۋىڭنى مەيدەمگە قويۇپ ئۇخلايتتىڭ. ئۇخلىدىڭمۇ، ئۇخلىمىدىڭمۇ بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. ئىشقىلىپ شۇنداق ياتاتتىڭ. مېنىڭ تېنىمدە ئەسەبىي ھېسسىيات قۇتراپ سېنى مەھكەم قۇچاقلىۋالاتتىم. بەزىدە لەۋلىرىڭگە، مەڭزىڭگە، پېشانەڭگە يېنىك سۆيۈپ قوياتتىم. چاچلىرىڭنى سىلايتتىم. سەن مېنىڭ بارلىق يېنىك ھەرىكەتلىرىمگە رايىشلىق بىلەن بويسۇنۇپ مەستخۇش ھالەتتە جىمجىت ياتاتتىڭ. مېنىڭچە بولغاندا سەنمۇ مېنى سۆيۈشۈڭ، قۇچاقلىشىڭ كېرەك ئىدى. لېكىن سەن ئۇنداق قىلمىدىڭ. ئېھتىمال كىچىك بولغاندىكىن مۇھەببەتنىڭ، سۆيگۈنىڭ سېھرىي كۈچىنى تولۇق چۈشەنمىگەن بولۇشىڭ ۋە ياكى بۇ قۇدرەتنى مەن ساڭا كۆرسىتەلمىگەن بولۇشىم مۇمكىن... بىز تاڭ يورۇماستىنلا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كەتتۇق. سەن بىر كېچە ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالغىنىڭ بىلەن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىڭ كېچىچە ئۇخلىمىغانلىقىڭنى ئاشكارىلاپ تۇراتتى. سېنىڭ بىرىنچى سائەتتىلا دەرسىڭ بولغاچقا بالدۇرلا ئورنىڭدىن تۇرۇۋالغانىدىڭ. بىز مېھمانخانىدىن چىققاندا شەرق ئاقىرىپ، ئەتراپ يورۇشقا باشلىغانىدى. بىز بىرىنچى قېتىم قاتنايدىغان ئاپتوبۇسقا ئۈلگۈرۈۋېتۇق. سەن ئايرىلغاندا ماڭا «سىز بىلەن بۇرۇنراق تونۇشقان بولسام توي قىلاتتىم. سىزمۇ توي قىلماي تۇرماپسىز - يە» دېدىڭ.

لېكىن مەن سېنىڭ بۇ سۆزۈڭگە ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدىم. بىز ياتاقتا يەنە نېمىلەرنى دېيىشتۇق.

«مەن تېخى قىز بالا» دېگەنىدىڭ ئۆزۈڭنى كارىۋاتقا تاشلاشىڭ ئالدىدا. مەن شۇ چاغدا سۇبھىنۇر ھەجەپ بۇ سۆزنى دەپ قالدىغۇ دەپ ئويلىغانىدىم. ئەرلەرنىڭ ئېرىشمەكچى بولغىنى قىزلارنىڭ ئىپپىتىمىدۇ. مەن شۇ چاغدا ساڭا يالغان سۆزلىمەك دەپ سالغىلى تاسلا قالغانىدىم. توۋا، سەن ماڭا توينىڭ گېپىنى قىلغاندا قانداق خىياللارنى قىلغانلىقىمنى بىلەمسەن؟... سەن بىلەن مۇشۇنداق ئايرىلىشىۋېرەيدېسەم، سەنمۇ توي قىلىشىڭ كېرەك. توۋا، سەن توي قىلىپ نېمىگە ئېرىشمەكچىدىڭ. ياشاشتىن مەقسەت ئائىلە قۇرۇشلىمۇ، بەزىدە مەن ئادەمنى ئالدىمايدىغان ساپ تۇرمۇشنى سېغىنىپ قالىمەن. بىز ئۆز مەنزىلىمىزگە يېتىپ كېلىپ خىزمەت ئورۇنلىرىمىزغا قاراپ ئايرىلدۇق. ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتكەن بولسىمۇ سەن ئۈن - تىنسىز يوقاپ كەتتىڭ. ماڭا ئۇچراپ قالارمىكىن دېسەم، نېمىشقىكىن كوچىلاردا كۆرۈنمەي قالدىڭ. مەن سېنى ھېلىقى شائىرچاق بىلەن تېپىشىپ قالغان بولسا كېرەك دەپ ئەنسىرىدىم سەن ئۇنداق يوقاپ كەتسەڭ بولمايتتى. راست، يىلان يىللىق قىزلاردىن رەنجىگىلى بولمايدۇ، يىلان يىللىق قىزلار ئەرلەرنى

كولدۇرلىنىشقا ئامراق. ئات يىللىق ۋاپادار، تۈز يىگىتلەر ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا ئاسانلا چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن. كۈتۈش - ئادەمنى گۇمانغا، ئەندىشىگە، ھەرخىل بىمەنە خىياللارنى قىلىشقا زورلايتتى. سېنىڭ ھايات - تىرىكلىكىڭدىن ئەسىر بولماسلىقى مېنى بىر خىل ئىزتىراپقا سالاتتى. پۇلدار بايۋەچچىدىن بىرنى تېپىۋېلىپ باشقا يەرلەرگە كېتىدىغانغا مەبلەغ توپلاۋاتامدىغاندۇ؟ ياكى مەن بىلەن بىر كېچە بىرگە بولۇپ چېقىلمىغىنىم ئۈچۈن مەندىن كۆڭلى سوۋۇپ قالغانمىدۇ دېگەنلەرنى ئويلاپ باقتىم. مەن تىت - تىت بولاتتىم. ئىشخانىنىڭ تېلېفونى جىرىڭلىغان ھامان سېنىڭدىن كەلگەن تېلېفون بولسا كېرەك دەپ ئالدىراش تۇرۇپكىنى ئالاتتىم. باشقىلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىمدا ئۈزۈمچە بوشىشىپ قالاتتىم. ھەتتا چاقىرغۇنىڭ باتارېيىسى قالمىدىمىكىن دەپ ئالماشتۇرۇپمۇ باقتىم. يەنىلا ئوخشاش كۈتۈش، ئۆزىنى ئالداش، كۈتۈش - تەسەللى، شۇ مەزگىللەردە مىجەزىمنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قاپتىمەن. بىر كۈنى ئايالىم:

- مىجەزىڭىز ئۆزگىرىپ قېلىۋاتىدۇ. ئېغىر بېسىق بولۇپ كەتتىڭىز، بىرەر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىزمۇ - نېمە؟- دەپ سوراپ قالدى.

- مەن ياخشى كۆرۈپ قالمىدىم، قىزلار مېنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ.

- تولا ئېشىۋالماڭ.

سېنى ياتىقىڭغا ئىزدەپ بېرىشىم كېرەكمۇ؟ ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. چۈنكى ھازىر ئادەملەر ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقىنى بىلەن ھېسابلاشماي باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشقا ئامراق بولۇپ كەتتى. مەن باشقىلارنىڭ گېپى ئۈچۈن ياشايدىغان ئەرمۇ؟ ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق تاللاش يولى بار ئەمەسمۇ! لېكىن كىشىلەرنىڭ سۆزىنىڭ بىلەن چاتىقى يوق. سەن ياتىدىغان ياتاق بىناسىنىڭ دىجورنىلىق ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى «114» تىن سوراپ بىلىپ زور ئىشەنچ بىلەن تېلېفون بېرىۋىدىم، تېلېفون ئالىدىغان ئادەم چىقماي كۆڭلۈم تولىمۇ بىئارام بولدى. توۋا دېيمەن، سۈبھىنۇر، ئادەملەر، تۇرمۇش ھەممىسى مەن بىلەن قېرىشىپ قالدىمۇ؟ ياق، ئويلاپ باقسام مەن ھاياتتىكى بارلىق نەرسىلەر بىلەن قېرىشىپ قالغان ئوخشايمەن. مەن ئەمدىلا ئېرىشىش ئالدىدا تۇرغان قىممەتلىك نەرسەمدىن ئاسانلا ئادا - جۇدا بولۇپ كېتىشنى خالىمايتتىم. بىلەمسەن، سۆيۈملۈك ئوماق قوزام، سەندىن تېلېفون كەلمىدى، چاقىرغۇمۇ سايرىمىدى. مەن ئۈچۈن ھاياتنىڭ، ياشاشنىڭ قىممىتى قالمىغاندەك، تولىمۇ مەنىسىز تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. بەزىدە كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ ئۆزۈمنى كەچكۈزنىڭ سايىسىدىكى غازاڭ قاپلىغان باغچىسىدا، پايانسىز كەتكەن كۆپكۆك دېڭىزنىڭ قىرغاقلىرىدا ئەمخۇش تويسىنى دەسسەپ تەنھا ھالەتتە يۈرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. ئايالىم، ئىككى ئوغلۇم بار. مېنىڭ يەنە نېمىگە كۆڭلۈم يېرىم بولىدىكىنە؟ سۈبھىنۇر، مەن سەن بىلەن تونۇشماستىن بۇرۇنلا مۇشۇنداق تۇيغۇغا كەلگەنمەن. بىز نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ مەن يازنىڭ بارلىق بەخشەندىلىرىنى ئېلىپ كېتىدىغان ئالتۇن كۈزنى سېغىنىمەن. چۈنكى تەبىئەت ھامان بىزنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزنى، غايىمىزنى، ھەممىسىنى بويسۇندۇرىدۇ. ئالتۇن كۈز. قاسراق تاشلايدىغان يىلان. سەن ھەر يىلى كۈزپەسلىدە يوپۇرماق تاشلاپ باھاردا نوتا چىقىرىدىغان دەرەخكىلا ئوخشاپ قالدىڭ. ئايالىم توي قىلىشتىن ئىلگىرىلا مېنىڭ ھاياتىم ھەققىدە بىرەر پالاكەتچىلىكنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكى يوق بۇ دۇنيادا سەن بىلەن ماڭا نېمە كېرەك، زادى نېمە كېرەك؟ ئادەملەردىن رەنجىگىلى بولمايدۇ... بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى تولىمۇ ئۆزگىرىشچان. بەزىدە قۇياش ساڭا ئوخشاشلا ئاسماندا پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە بىرەر ھەپتىگىچە يوقاپ كېتىدۇ. بىردەم يامغۇر ياغسا، بىردەم كويىقاپنىڭ ھېلىقى يېرى تېشىلىپ كەتكەندەك بىرنەچچە كۈنگىچە بوران چىقىپ توختىمايدۇ. ئادەمنىڭ ئىچىنى ئىلەشتۇرۇۋېتىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا مەن يامغۇرنى ياخشى كۆرىمەن، گەرچە ئۇ ئادەملەرنىڭ گۇناھىنى يۇيۇپ تازىلىيالمىسىمۇ تەبىئەتكە گۈزەللىك ئاتا قىلىپ كىشىلەرگە ئۈمىد، تىنچلىق، ئىشەنچ تۇيغۇسىنى بەخش ئېتىشى، روھنى ئازراق بولسىمۇ پاكلاشتۇرۇشى مۇمكىن. سەن يوقالغان كۈنلەردە مەن تېلېۋىزوردىن يامغۇر ياغىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتىم. ئەپسۇس، يامغۇر ياغماي تېمپېراتۇرا بىراقلا تۆۋەنلەپ كەتتى. تەبىئەت، ئادەم ھەممىسى مېنىڭ بىلەن قېرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. كۆڭلۈم تېخىمۇ پاراكەندە بولۇپ كەتتى. ئارىدىن نەچچە كۈن شۇ يوسۇندا ئۆتۈپ كەتتى. باش كۈز بولسىمۇ سوغۇق كەچكۈزنىڭ سوغۇقى ئىدى. ھەممىمىز قەيەرگىدۇر يوقالغان يۇڭ ئىشتانلىرىمىزنى تېپىپ كىيىۋالدۇق. لېكىن روھىي جەھەتتىكى سوغۇقنى قۇياش ئىسسىتالمايتتى. ئۇنى سېنىڭ پاك سۆيگۈڭ، ئوتلۇق مېھرى - مۇھەببىتىڭ ئىسسىتالايتتى. مەن ئاشۇ كۈنى سىرتقا چىقتىم.

ئايالىمنىڭ «سوغۇقتا قەيەرگە بارىسىز؟» دېگەن سۆزلىرىگىمۇ پىسەنت قىلمىدىم. يانچۇقىمدا ئىككى پارچە ئۇيۇن بېلىتىمۇ بار. ئۇيۇن كۆرگۈممۇ يوق. ئېھتىمال سەن بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرۈشنى خالاپ قالغاندىمەن. ئەسلىدە مېنىڭ بىرەر دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ چىلاشقىچە ھاراق ئىچىش نىيىتىممۇ بار ئىدى. لېكىن مەن قاچان شۇنداق قىلىپ باققان دەيسەن. بۇ بىر ئەخمەقلىقتۇ. مەن كوچىدا مەقسەتسىز كېتىۋاتاتتىم، چاقىرغۇ ئۈنۈپسىزلا سايراپ كەتتى. مەن يالاقلاپ يۈگۈرۈپ ئاممىۋى تېلېفون تېپىپ تېلېفون قايتۇردۇم.

— ياخشىمۇسىز؟ — بۇ سېنىڭ ئاۋازىڭ ئىدى.

— ھاياتمۇسىز؟

— سىز مېنىڭ ئۆلۈممىنى تىلىگەنمۇ؟

— بۇنداق يوقاپ كەتسىڭىز ئادەم بەزىدە ئۆلۈمنىمۇ تىلەپ قالىدىكەن.

— نېمىشقا؟

— قىزىقكەنسىز، سىز ئۈچۈن بىر ئادەم بىلەن ئارىلىشىپ بىر كېچە مېھمانخانىدا بىرگە بولۇش ئاسانغا توختىغان بىلەن ماڭا سەل تەسكە توختايدۇ.

مەن ساڭا بۇ سۆز ئارقىلىق ئۆز كۆڭلۈمدىكىنى ئاشكارا قىلدىم. لېكىن سەن ئارتۇقچە پوزىتسىيە بىلدۈرمىدىڭ. مېنىڭ ئەنسىرىگىنىم، ھازىر ئادەم بىرەر قىز بىلەن ئارىلىشىپ قويسا ئۆزىنىڭ قىلغىنى ئېپسىدىن چىقىپ كېتەمدۇ قانداق، ھەممە ئىشنى ئوغۇللارغا ئارتىپ قويۇپ كەينىگە كىرىۋالىدى دەپ يۈرىدۇ. بۇ ئاھانەتنى مېنىڭدەك ئايالى بار ئەرلەر ئۈن - تىنسىز ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋەتمىسەم بولمايدۇ. شۇنداق، سەن مېنىڭ جاۋابىمغا ئارتۇقچە پوزىتسىيە بىلدۈرمىدىڭ. بەلكى باشقا بىر گەپنى قىلدىڭ.

— سىز ھازىر قەيەردە؟

— كوچىدا، ئاممىۋى تېلېفونخانىدا، كەچتە ئويۇن كۆرەمسىز؟ مەندە ئىككى بېلەت بار.

— بۈگۈن ھاۋا بەك سوغۇق تۇرىدۇ. ياتاقتا ئولتۇرايمىكىن دېگەنىدىم.

— كۆرمەيمەن، دېمەكچىمۇسىز؟

شۇ چاغدا مېنىڭ كۆڭلۈمنىڭ قانداق يېرىم بولغانلىقىنى ئويلىمىدىڭ، بەلكى ئايالىم دائىم توي قىلغاندىن بېرى كىنو، تىياتىرغا بارمايدىغان بولۇپ قالدۇق دەيتتى. توۋا، بۇ مېنىڭ قانداق قۇربان بېرىشىم.

— سىز ياتىقىمنىڭ ئالدىغا كېلەلەمسىز؟

— قانداق دېيسىز؟

— سىزگە بىر نەرسە بېرەي دېگەنىدىم.

— قانداق نەرسە ئۇ؟

— كورلىنىڭ نەشپۈتى، تېتىپ بېقىڭ. شۇنداق تەملىك ئىكەن.

— بولدى، رەھمەت، مەن يېگەندەك بولدۇم. مەن بىلەن كۆرۈشكىڭىز يوقمۇ؟

— تالا بەك سوغۇق تۇرىدۇ.

— مەن ئىسسىتىپ قويىمامدىمەن. راست، قىشمغا كەلگىنىڭىز بولمىسا بەك زورۇقۇپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— خاپا بولۇۋاتىسىز - ھە، بولدى ساقلاپ تۇرۇڭ. مەن باراي.

— قەيەردە ساقلايمەن، باغچىدىمۇ؟

— ئىختىيارىڭىز.

مەن سېنى باغچا دېسە باغچىغا ئوخشىمايدىغان قارىياغاچ بىلەن قاپلانغان ئورمانلىقتا ساقلاپ تۇردۇم. سەن ئالاھەزەل بىرەر سائەتتىن كېيىن كەلدىڭ. قولۇڭدا بىر سومكا نەشپۈت تۇرۇپتۇ. ئۇچاڭدا پادىچىلار ئىشتىنى بىلەن بوغماق چاپان بار ئىكەن. يۈزلىرىڭ، قوللىرىڭ، ھەممىسى سوغۇق. سوغۇق مەڭزىڭگە مەڭزىمنى يېقىپ تۇردۇم. توۋا، ئايالىلار مەڭگۈ ئىسسىماي ئۆتۈپ كېتەمدىكىنە. ئايالىمنىڭمۇ ساغرىسى، قولى، بۇرنى، پۇتى ئىسسىماي ئۆتۈپ كېتىدۇ. مەنچۇ؟ ئىشىنەمەنكى، مېنىڭ ھەممە يەرلىرىم ئوتتەك قىزىق. قىش كۈنلىرىمۇ پۇتۇمنى سىرتقا چىقىرىپ ئۇخلايدىغانلىقىمنى بىلمەيسەن. مەن چاپانلىرىمنىڭ تۈگمىسىنى يېشىپ سېنى باغرىمغا باستىم. سەن ئىككى قولۇڭنى قولتۇقىمغا قىستۇرۇۋالدىڭ. مەن سېنىڭ سوغۇق، ئەمما نەچچە كۈنلەردىن بۇيان تەشنا بولغان لەۋلىرىڭگە لەۋلىرىمنى بېسىپ تۇرۇپ نېمىلەرنى دېگەنلىرىم ئېسىڭدە بارمۇ؟

— ماڭا سىزنىڭ نەشپۈتىڭىز كېرەك ئەمەس. نەشپۈت يېگەن ...

سەن كۈلۈپلا قويدىڭ. مېنىڭ سۆيۈملۈك قوزام قوينىمغا قايتىپ كەلگەندى. سەن شۇ چاغدا چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى قايتا ئېغىزغا ئالدىڭ. خىزمەتتىن ئايرىلىپ قالساڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭ توغرىسىدا سۆزلىدىڭ. ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ كېيىن قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچنەرسە دېمىدىڭ. پەقەت بۇرۇنقى سۆزۈڭنى تەكرارلىدىڭ.

— سىز نېمىشقىمۇ بالدۇر توي قىلىۋالغان بولغىيتتىڭىز؟

مەن سىزنىڭ سۆزۈڭىزگە لېمىدىمەي جاۋاب بېرىمەن. ئېھتىمال سىزنىڭ بۇ سۆزۈڭىز سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم دېگىنىڭىزدۇر. مېنىڭ ئىككى ئوغلۇم بار. سۆيۈملۈك ئىككى ئوغۇل. ئايالىممۇ سىزنىڭدىن قېلىشمايدۇ. بويى سەل پاكار بولغىنى بىلەن كېيىمنى ياراشتۇرۇپ كىيىدۇ. ئارتۇقچە گىرىم قىلمايدۇ. تەبىئىيلىكنى ياخشى كۆرىدۇ. سىلەرنىڭ بۇ تەرىپىڭلار ئوخشىشىپ قالسا كېرەك.

— سىز مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟

بۇ سىزنىڭ كېيىنكى سوئالىڭىز. ناۋادا سەن مېنىڭ «سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن سۆزۈمگە ئىشەنسەڭ ئىدى، مەن چوقۇم شۇ گەپنى دەيتتىم. سەن ئىچىڭدە ئۆزىنىڭ ئايالىنىمۇ، مېنىمۇ ياخشى كۆرۈشى مۇمكىن ئەمەس. «ئىككى باش بىر قازانغا پاتماپتۇ» دېگەندەك بىر كۆڭۈلگە ئىككى ئادەمنىڭ سىغىشى ناتايىن دەپ ئويلىشىڭ تۇرغان گەپ. ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ بۇ سۆزۈڭىز مېنى سىناش ئىدى. مەن ئۆز جاۋابىمدىن ھەرگىزمۇ ئۆكۈنمەيمەن.

— سىزگە مۇشۇ سۆز لازىم بولسا، مەن سىزگە بىرەر دەپتەرگە «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دەپ تولدۇرۇپ بەرسەممۇ بولىدۇ.

راست، يىلان يىللىق قىزلار شۆھرەتپەرەس كېلەتتى. مەن سىزنىڭ «سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن سۆزدە ماختىنىش تۇيغۇسىدا بولغانلىقىڭىزنى ئويلاپمۇ باقماپتىمەن. ئىككىمىز شۇ قېتىملىق كۆرۈشۈشتە نېمە دېيىشكەنلىكىمىزنى مەن شۇنچىلىكلا ئەسلىيەلەيمەن. سەنچۇ؟ راست، بۇ ئىشلارغا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت بولۇپ قالدى. دۆتلىكىمنى قارىمامدىغان. ئىدارىنىڭ يىغىن خاتىرىلىرىنى، باشلىقىمنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى تولۇق يازىدىغان بىر كاتىپ تۇرۇپ نېمىشقىمۇ ساڭا ئاتاپ خاتىرە قالدۇرمىغان بولغىيتتىم. ئەمدى ئۇنداق خاتىرىلەرنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىدى. مەن بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزنىڭ ھېچقانداق بىر سەۋەب نەتىجىسىز ئاياغلىشىشىنى خالىمايتتىم. ئۇن - تىنسىزلا يوقاپ كېتىش باشقىلار ئۈچۈن ھاقارەت بولسا كېرەك. ھېلىقى شائىرچاق توغرىسىدا سىزنىڭ چىشىڭىزغا تېگىپ قويغانلىقىم ئەمدى ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. مەن سېنى سۆيۈپ تۇرۇپ سورىدىم.

— ھېلىقى شائىرچاق سىزنى سۆيۈپ باققانمۇ؟

— نەدىكىنى، قولۇمنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتۇپ باقمىغان. تويى قىلىنمىغان يىگىتلەر تارتىنچاق كېلىدىغان ئوخشايدۇ.

تەۋۋا، ھازىر بۇ ئىشلارنى ئويلىسام ئەرلەرنىڭ تولىسى ئۆتكەن ئىشلارغا ئېسىلىۋېلىشقا، گويا تارىخنى چۇۋۇپ چىقىشقا ئامراق ئوخشايدۇ. شۇڭلاشقا ئەرلەردىن تارىخچى كۆپ چىقىدىكەن. قىزلار تارىخقا قىزىقمايدىكەن. بىر قېتىش ئالدىدا مەن ساڭا:

— مەن سىزگە بىرنەرسە سوۋغا قىلاي، — دېدىم.

— نېمە؟

— بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا چاقىرغۇ قىلسىڭىز «7799» دېگەن نومۇرنى ئۆزىڭىزنىڭ ئىسمىڭىز ئورنىدا مەخپىي نومۇر قىلىپ ئىشلىتىڭ.

— نېمىشقا؟

— سىز 77 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تۇغۇلغانىڭىز؟

— شۇنداق، راست بۇ بولىدىغان نومۇركەنغۇ.

— مەن سىزدىن بىر سوئال سورىسام خاپا بولامسىز؟

— سوراۋېرىڭ .

— توي قىلغان ئەرلەر قىزلارنى ئانچە قىزغىن سۆيۈپ كەتمەمدۇ - نېمە؟

— بىلىپ قاپسىز - دە!

مېنىڭ سۆزۈم ئەمەلىيەتتە سوئالىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇش ئىدى. مېنىڭ قانداق بىمەنە خىياللارغا كېلىپ قالغانلىقىمنى بىلمەيسەن. سۆبھىنۇر توي قىلغان ئەرلەر بىلەنمۇ خېلى ئارىلىشىپ قاپتىكەن دەپ گۇمان قىلدىم. سەن مېنىڭ روھىمدىكى سۆيۈشنى، تېنىمدىكى ئەسەبىيلىكنى، ئۇزلۇكسىز قوتراپ مېنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە قىستاۋاتقان ھېسسىياتنى سېزەلەمتىڭ. ئەسلىدە ھېسسىيات دېگەننى ھەرىكەت ئارقىلىق نامايان قىلىش كېرەك ئىكەندۇق. مېنىڭمۇ ئۆزۈمنى قويۇپ بېرىپ سېنى تىنالمىغۇدەك دەرىجىدە قۇچاقلاپ باغرىمدا بېسىۋالغۇم يوقمۇ؟ بار، لېكىن مەن ئالدىراپ ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەن ئادەم چوقۇم ئاجىز ئەر بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. ئەمەلىيەتتە مەن ئۆزۈمنىڭ ئاجىزلىقىنى يوشۇرىمەن دەپ يەنە بىر ئاجىزلىققا يول قويۇپتىمەن. دۇنيادا ئۆز ھېسسىياتىنى بوغۇۋېلىشتىنمۇ چوڭ ئاجىزلىقنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئەمدى چۈشىنىپ يەتتىم. مەن توي قىلغان بەردەم ئەر تۇرۇپمۇ ئۆزۈمنى قەستەن بوغۇۋالغانلىقىمدىن ئۆكۈنگەن ۋاقتىمدا، ئۆزۈمنى قىزلار ئالدىدىكى ئەڭ ئەخمەق، ئەڭ ئاجىز ئەر ھېسابلىدىم. بىز قايسى تەرەپتىن ماسلىشالمىدۇق؟ ھېسسىيات تەرەپتىنمۇ، تۇرمۇش قارىشى تەرەپتىنمۇ، ھايات قارىشى تەرەپتىنمۇ؟ زادى قايسى تەرەپتىن، مەن بۇنى بايقىيالماي قالدىم. «ۋاقىتنىڭ قەدىر - قىممىتىگە

يېتەلىگەن ئادەمگە شان - شەرەپ نېسىپ بولمايدۇ» دېيدۇ بىزۇرۇن ئۆتكەن دانىشمەنلەر. مەن ۋاقىتنىڭ، يۈرسەتنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يېتەلمەي ساڭا ئېرىشىش شان - شەرەپكە مۇيەسسەر بولالمىغانمەن. لېكىن ساڭا شان - شەرەپنىڭ لازىمى يوق، بەلكى سېنىڭ سەممىيلىكىڭ، پاك سۆيگۈڭ، مېھرى - مۇھەببىتىڭ بولسىلا كۇپايە. ئەلۋەتتە شان - شەرەپمۇ مۇھەببەتنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولمايدۇ. توۋا دەيمەن، مەن ياشلىقلارنىڭ سەممىيلىكىگە، مېھرى - مۇھەببىتىگە نېمانچە موھتاج - ھە!

- سىز خۇددى ئادەمنى كىچىك بالىنى سۆيگەندەك سۆيىدىكەنسىز، دېگەنلىكىم ئېسىڭىزدىمۇ؟ سەن مېنىڭ سۆزۈمگە ئادەمم ھەيران قالغۇدەك جاۋاب بەردىڭ.

- مەن ئادەتتە مۇشۇنداق سۆيىمەن.

سېنىڭ بۇ جاۋابىڭنى قانداق چۈشىنىشنى بىلمەي قالدىم. چوككىدە بىرنى سۆيۈپ قويۇش مېنىڭ سېنىڭ ۋىسالىڭغا يېتىشكە ئىنتىلىۋاتقان ئەسەبىيلىكىمنى، ئۆزگىچە ئەرلىك ھېسسىياتىمنى قانداقمۇ قاندۇرالىسۇن. مەن ھامان سېنىڭ زىتىڭغا تېگىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ سېلىشتىن ئېھتىيات قىلدىم. سەن ئۆز دوستلىرىڭنىڭ بىرەر يۈز يۈەنگە، ھەتتا 50 يۈەنگىمۇ ئىپپەت - نومۇسىنى ساتىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنىڭ بارلىقىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ خېلى بايلىقىنى ئېيتقىنىڭدا مەن يەنە قانداق گۇمان قىلغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ سېنىمۇ بىرەر قېتىم بىلىپ - بىلمەي شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ قالغانمىدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم. شۇنداق، ھازىرقى مەدەنىيەت ئادەملەرنى گۇمانخور قىلىۋەتتى. ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلايدىغانلار ناھايىتى ئاز. جەمئىيەتتە قائىدە كۆپەيگەنسېرى ئادەملەر قائىدىگە قاراپ ئىش تۇتىدىغان ساختا ئادەمگە ئايلىنىپ قالدۇ. مۇھەببەتنىڭ مەقسىتى توي قىلىش بىلەنچەكلىنىشى كېرەكمۇ؟ يېقىندىن بۇيان مەن بەك ئۇنتۇغاق بولۇپ كېتىۋاتىمەن. خاتىرجەم بولغىن، مەن ھەرگىزمۇ سېنى ئويلاپ شۇنداق ھالاتكە چۈشۈپ قالغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلغۇم كەلمەيدۇ. ئات يىللىقلار ئىشتا ئالدىراقسان كېلىدىكەن. لېكىن مەندە ساڭا نىسبەتەن ھېچقانداق بىر زورۇقۇش، ئالدىراقسانلىق دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس. مەن ئەسلىدە مۇھەببەتكەنىسبەتەن بىر خىل تەمكىن پوزىتسىيە تۇتۇپ، مۇھەببەت مېۋىسىنى تەبىئىي ھالەتتە پىشۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتىم. لېكىن ئادەملەر ئالدىرايدۇ. ھەممە نەرسىنى ئۆز قەرەلىدە قىلىۋالمىسا بولمايدىغاندەك ئالدىرايدۇ. ئەسلى يۇرسەت دېگەن مۇھەببەتكە ئېرىشىشنىڭ ياخشى يولى ئىدى. ئويلاپ باقسام ھازىر تەبىئىي ھالەتتە يۇرۇشىدىغان ئىشلار قالمىغان ئوخشايدۇ. كۈندۈزلىرى ھەممە ئادەم خىزمەت بىلەن ئالدىراشتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئاخشاملىرى نامازشام شەپەرىڭىدەك يۇرىشىدۇ. كۈندۈزى ئادەملىكىگە قايتىپ كېلىدۇ. سەنچۇ؟ مەن سېنى قانچىلىك دەرىجىدە چۈشىنەلىدىم؟ بۇ تەرىپى سەن ۋە مەن ئۈچۈن شۇنچىلىك قاراڭغۇ. ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا چۈشىنىش بولمايدۇ. بەلكى ھېسداشلىق، تەسەللى چۈشىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەلۋەتتە گۇمان بىلەن ئوتتۇرىغا كەلگەن قاراشنى ئىسپاتسىزلا باشقىلارغا تېڭىشقا بولمايدۇ. ھەتتا مەن مۇھەببەتنىمۇ ساڭا تاڭالمايمەن. راست، ھازىر نەدىمۇ مۇھەببەت دېگەن مەۋجۇت بولسۇن؟ھازىر ئېھتىمال مۇھەببەت دېگەن سۆز ھېكايە - چۆچەكلەردە سۆزلىنىدىغان پاساھەتلىك ئىبارىگە، ئاددىي ئۇقۇمغا ئايلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مۇھەببەت بولسا مەندە بولسا بولاتتىغۇ. شۇ كۈنى كەچتە مەن سېنى تاكسىغا سېلىپ قويۇپ باغچىدا ئۇزاق ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. مەن نېمىلەرنى قىلىپ يۈردۈم؟ سەن توي قىلمىغان قىز، كىمنى تاللىساڭ ئەركىن ھالەتتە تاللىيالايسەن. شۇڭا ئۆزۈڭگە بولغان ئىشەنچىڭ بار. «قېرى قىز» دېگەن سۆزدىن قورقمىساڭلا مەڭگۈلۈك تاللاشقا ئېرىشەلەيسەن. مەندە گەرچە تاللاش ھوقۇقى بولمىسىمۇ ئايالىم بار، شۇڭلاشقا باشقىلارغا ئانچە بىلىنىپ كەتمەيدىغان ئىشەنچ مېنىڭ روھىي قاتلىمىمنىڭ چوڭقۇر يېرىگە سىڭىپ كەتكەن. دېمەك، ھەر ئىككىمىزنىڭ ئۆزىمىزنى بىر - بىرىمىزگە تۇتقۇزمايدىغان سىر كۆرسىتىپ يۈرەلەيدىغان ئارتۇقچىلىقىمىز بار. سېنىڭ ئايدا بىر قېتىم قاسراق تاشلايدىغان يىلان بولۇپ قېلىشىڭدىن خۇدا ساقلىغاي. تولا قاسراق تاشلاپ ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرىدىغان يىلان ئۆزىنىڭ ھەقىقىي يىلان ئىكەنلىكىنى نامايان قىلالماي، ياخشى يىلان بولالماي ئۆتۈپ كېتىدۇ. نېمىشقا ئۇنداق بولىدىغانلىقىغا جاۋاب بېرەلمەيمەن. ئېھتىمال مەن ئۆزۈمنىڭ قاسراقتا ئايلىنىپ قالغانلىقىمدىن ئاشۇنداق قاراشقا كېلىپ قالغاندىمەن. شۇنداق مەن باش كۈز مەزگىلىدە تاشلانغان قاسراق، سېنىڭ قىشتا، باھاردا، يازدا قانداق قاسراقلارنى تاشلىۋەتكەنلىكىڭ ماڭا تولىمۇ قاراڭغۇ. راست، تاشلاشقا تېگىشلىك قاسراقنى چوقۇم تاشلاش كېرەك. لېكىن ئادەمگە نىسبەتەن دائىم قاسراق تاشلاپ يۈرۈش ئانچە ياخشى ئىش بولمىسا كېرەك. مەن سەندىن قانچە قېتىم قاسراق تاشلىغىنىڭنى سوراپ باقاي دېيمەنۇ، يەنىلا ئېھتىيات قىلىمەن. مېنى دۆت، كارغا

يارىمىلىس ئادەملەرگە ئوخشىتىپ قىلىشىڭدىن ئەنسىرەيمەن، قورقىمەن. راست، مەنمۇ ئاللىقاچان ئەخمەققە ئايلىنىپ قالغان ئادەمغۇ. ئۆزىنى بىلمەي ناشايان يولغا مېڭىش دۆتلۈك. سەن مېنىڭ بېغىمغا كېلىشنى خالايدىغان، لېكىن باغنىڭ ئەتراپىدا ئۇچۇپ باغقا كىرەلمەيۋاتقان ئازغۇن بۇلبۇل... ھاۋا سوۋۇپ كەتتى. قارىغاندا بۇ يىل قىش بالدۇر كېلىدىغان ئوخشايدۇ. قىش بالدۇر كەلسە باھارمۇ بالدۇر كېلىشى مۇمكىن. بۇ قىش يىلانلارمۇ بالدۇرلا قىشلىق ئۇۋۇسىغا كىرىپ ئۇيقۇغا غەرق بولىدۇ. يىلاننىڭ قىشتا قەيەردە ئۇخلايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. بۇ خۇددى سېنىڭ جىمجىت يوقاپ كېتىشىڭگە ئوخشاشلا بىر ئىش .

بىز باغچىدا ئۇچراشقاننىڭ ئەتىسى ئىشتىن چۈشىدىغان مەزگىلدە چاقىرغۇم تۇيۇقسىزلا سايراپ كەتتى. چاقىرغۇمنى ئېلىپ سېنىڭ نومۇرۇڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. سەن ھەپتە - ھەپتىلەپ ماڭا تېلېفون قىلمايتتىڭ.

- ياخشىمۇسىز؟

مەن سېنىڭ يېقىملىق ئاۋازىڭنى بىر كۈندىن كېيىن يەنە ئاڭلىدىم.

- ئېزىپ قالدىڭىزمۇ - نېمە؟

- چاقىرغۇ قىلسام بولمامدىكەن؟

- نېمىشقا بولمىغۇدەك. كۈندە نەچچە قېتىم ئۇرۇپ تۇرسىڭىزمۇ كەملىك قىلىدۇ، ماڭا.

- بۈگۈن مېنىڭ كەيپىياتىم باشقىچە تۇرىدۇ. ئىككىمىز شەھەر ئايلىنىپ چىقساقمىكىن دېگەنىدىم.

- نېمە بولدىڭىز؟

- بىلمەيمەن.

- ئەمىسە بېكەتتە ساقلاپ تۇرۇڭ. مەن ئۆيگە بېرىپ كېلەي.

سەن بىلەن بېكەتتە كۆرۈشتۇق. سەن نېپىزلا كىيىنىۋالغانىدىڭ. ئۇچاڭدىكى تەكتى يېشىل، ئۈستى قارا ھەم ئاق گۈل چېكىلگەن گۈللۈك كوپتا - يوپكا ساڭا شۇنچىلىك ياراشقانىدى. لېكىن كوپتاڭنىڭ مەيدە ئويمىسى سەل چوڭراق ئويۇلۇپ قاپتۇ. مەن كوپتاڭنىڭ ئارقا پېشىنى تارتىپ قويدۇم.

- نېمە بولدى؟

مەن گەپ قىلماي كۆكسىڭنى ئىشارەت قىلىپ قويدۇم. سەن مەندىن نارازى بولغان قىياپەتتە نازلىنىپ كۈلۈپ قويدۇڭ. راست، ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزىدىن باشقا ئەرلەرنىڭ ھۇزۇرلىنىشىغا يول قويغۇسى كەلمەيدۇ. بىلىسەن، ئات يېتىلىغلار بەكمۇ شەخسىيەتچى كېلىدۇ.

- قەيەرگە بارىمىز؟

- شەھەر ئايلىنايلى.

- ھازىر شەھەر ئايلىنىپ ئۆيگە قايتقىچە بەك كەچ بولۇپ كېتىپ، قايتىپ كەتكىلى بولماسمىكىن.

- كىرىپلا قايتىپ چىقايلى ئەمىسە.

- كىرىپلا يەنە ئاپتوبۇس ئالمىشىپ ئارقىمىزغا قايتساق، كىشىلەر بىزنى نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالغانلار ئوخشايدۇ دەپ ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ قويمىسۇن.

- ئەمىسە، قانداق قىلىمىز؟

- ئۆيىمىزگە بارايلى.

- قايسى ئۆيىمىزگە...

- ئەل ئېھرامىغىچۇ؟

- مەن بىلەن ئېيتىشمىسىڭىز بارىمەن.

- ئۆتكەندە كۆرگەنسىز؟

- سىزگىمۇ ئىشىنىمەن.

بىز يولدىن مېۋە - چېۋە ۋە يېمەكلىك ئېلىپ ياتاققا كەلدۇق. سەن كىرىپلا كارىۋاتقا ئۆزۈڭنى تاشلاپ ئۇخلىغىلى ياتتىڭ. مەن ئادىتىم بويىچە تاماكا چەكتىم. ئەسلىدە كىرگەنچە كېلىپ سېنى قۇچاقلاپ ئەسەبىيلىك بىلەن سۆيۈپ كېتىشىم كېرەك ئىدى.

- ئادەمگە ئەجەب قاراپ كەتتىڭىزغۇ؟

- قارىسام بولمامدۇ؟

- كىچىك ۋاقتىمدا دادام شۇنداق قارايتتى.

- لېكىن مەن دادىڭىز ئەمەس.

- بىلىمەن.

سېنىڭ پۇتلىرىڭنى ئۇزۇن سوزۇپ يېتىشلىرىڭ، قاپقارا تىنىق كۆزلىرىڭ، قىزغۇچ مەڭزىلىرىڭ، گىلاستەك لەۋلىرىڭ قانداقمۇ مېنىڭ كۆزلىرىمدىن قېچىپ قۇتۇلالىسۇن؟ مەن يالغان قارىغان بولۇپ قەستەن كۆرمەسكە سېلىپ، تېلېۋىزوردىكى تېتىقسىز ئېلانغا قاراپ ئولتۇرسام توغرا بولاتتىمۇ. مېنىڭ بۇلارنى كۆرگۈم يوق، ئاڭلىغۇممۇ يوق. ئادەم ئۈچۈن ئۆز تەبىئىتىنى ساقلاپ قېلىشتىنمۇ ئۇلۇغ ئىش يوق... سەن ئۇخلىغىلى ياتىسەن.

- سىز يېنىمدا بولسىڭىزلا ئۇيقۇم كېلىپ كېتىدىكەن.

سۆيۈملۈكۈم، سېنىڭ بۇ سۆزۈڭنى ئايالىممۇ كۆپ تەكرارلايدىغان. ئۇ، ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىسىنىڭ يېنىدىلا خاتىرجەم ھالدا شېرىن ئۇخلىيالايدۇ دەيدىغان . مەن يېشىنىپ قىشىڭغا كىرىپ

ياتتىم. سېنى ئەسەبىيلىك بىلەن بىرھازا سۆيدۇم، قۇچاقلىدىم. ئىچ كىيىملىرىڭنى قالدۇرۇپ قويۇپ قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى سالدۇرۇۋەتتىم. كۆڭلۈمدە ئەڭ ئاخىرقى كىيىملىرىڭنى سالدۇرۇۋېتىپ روھىڭغا، تېنىڭگە سىڭىپ كىرىشكە قانچىلىك ئىنتىلگەنلىكىمنى بىلەمسەن؟ سەن بىر سىرلىق قىز. ئېھتىمال بۇ مەن ئۇچۇنلا شۇنداق تۇيۇلغان بولۇشى مۇمكىن. سەن بىرىنچى كېچىدىكى ئادىتىڭ بويىچە ئۇخلىغان بولۇپ جىمجىت يېتىۋالدىڭ. سەن ماڭا ماسلاشمىساڭ تام بىلەن مۇھەببەتلەشكەندەك بولۇپ قالمامدىمەن. مەن ئىشنى ئاسانلا توگىتىۋېتىشنى خالىمايتتىم. مېنىڭ خىيالىم ئاستا قەدەم بىلەن ھېسسىياتنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىرىپ، ھەر ئىككىمىز ۋىسال ئىشقىدا ھېچنەرسىنى سەزمىگەن ھالدا مەست بولۇش ئىدى. مەن قىسقا ئارىلىققا يۈگۈرۈپ بىردەمدىلا توختاپ قالىدىغان تەنھەرىكەتچى بولۇشنى خالىمايمەن. بەلكى، ئاستا بولسىمۇ ئۇزۇنغا، بەك ئۇزۇنغا يۈگۈرەيدىغان تاشپاقا بولۇشنى خالايمەن. ئادىمى قانچە ئۇزۇنغا يۈگۈرگەنسېرى دۇنيانىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ قالالايدۇ. ئەسلى توي قىلمىغان قىزلارغا نىسبەتەن قىسقا ئارىلىققا يۈگۈرۈش ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەن. لېكىن مەن ھەر ئىككىنىسىگە يۈگۈرەلمەي مەغلۇپ بولغان تەنھەرىكەتچىگە ئوخشاپ قالدىم. ھېسسىياتىڭمۇ چېكى بولىدىكەن. سەن كېسەل توخۇدەك جىمجىت ياتساڭ مەن نېمىمۇ قىلالايمەن؟ ئاخىرى كىيىملىرىمنى كىيىپ تېلېۋىزورغا قارىدىم. سېنىڭچە مەن ئاشۇ مىنۇتلاردا يەنە نېمىلەرنى قىلىشىم كېرەك ئىدى. تېلېۋىزورنىڭ ھەممە قاناللىرىنى بىر قېتىم ئايلاندۇرۇپ چىقتىم. سەن ئۇخلىغان بولۇپ جىمجىت يېتىۋەردىڭ. بۇنداق جىمجىت ھالەتتە ئادىمى قانداقمۇ تىت - تىت بولمىسۇن؟ مەن سېنىڭ سىلكىۋېتىشىڭدىن بەكمۇ ئەنسىرىدىم. ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىش غۇرۇرى دەپسەندە قىلىندى دېگەن گەپ. مەنمۇ باشقا ئەرلەردەك قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇۋالسام تامامەن بولاتتىغۇ. لېكىن مەن بۇنىڭدىن قانچىلىك ھۇزۇر ئالالايمەن، ئۆزۈمنى قانچىلىك خۇشال قىلالايمەن. باشقىلارغا سەن بىلەن بىرگە بولغانلىقىمنى ئېيتىپ ماختىنامدىمەن. بۇ سىرنى مەن ھېچ كىشىگە تىنمىدىم. مەن قىلغۇلۇقىمنى قىلىپ جىمجىت يېتىۋالسام، سەنمۇ ئىچىڭدە رازى بولۇپ جىمجىت ياتساڭ بۇ قانداق بولغىنى. سەن پۇل ئۈچۈن ئۆزۈڭنى قۇربان قىلىدىغان پاھىشە ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي بىر ھېسسىيات ئىگىسى بولۇشۇڭ كېرەك ئىدى. ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمىگە ئەركىلەش يامان ئىش ئەمەس. مەن ساڭا ئەركىلەشنى ئەمەس، سېنىڭ ماڭا ئەركىلىشىڭنى كۈتكەنىدىم. لېكىن سەن جىمجىت يېتىۋەردىڭ. سېنى بېشىدىن خېلى ئىشلارنى كەچۈرگەن ھېسسىياتسىز ئايالغا ئوخشىتىپ قالغانلىقىمنى دېسەم رەنجىمەيسەن. ئادەملەر چۈشەنمىگەن نەرسىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ گۇمانى بويىچە خالىغانچە باھا بېرىدۇ. سەن قاسراق تاشلىغان يىلان. مەن سېنىڭ تېنىڭدىن ھەم روھىڭدىن تاشلانغان قۇرۇق قاسراق. مەن يەنە كىيىملىرىمنى سېلىپ يېنىڭغا كىردىم. يوتقان ئىچىدىكى تېنىڭ شۇنداق ئىسسىق تۇرۇپتۇ... مۇھەببەت دېگەن بىرلا ئادەم يەپ ھۇزۇرلىنىدىغان ئاش - تاماق ياكى مېۋە - چېۋە ئەمەس. ھەر ئىككى تەرەپ تاشقى دۇنيانى ئۇنتۇشى كېرەك. سېنىڭ ئىسسىق تېنىڭ، كۆكسۈڭ، لەۋلىرىڭ مېنىڭ ئەسەبىيلىكىمنى قايتىدىن باش كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى... ئاخىر ساڭا قول سېلىش نىيىتىگە كەلدىم...

ـ ئەبلەخ!

سەن تۇيۇقسىزلا ۋارقىراپ مېنى سىلكىۋەتتىڭ ۋە يان تەرەپكە ئىتتىردىڭ. مەن سېنى بۇنداق قىلار دەپ ئويلىمىغانىدىم . ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشكەن ئادەم بىر كارىۋاتتا ياللىغاچ يېتىپ نېمە قىلىش كېرەك؟ ھەر ئىككىسى ئارقىسىنى قىلىپ ئۇخلىشى كېرەكمۇ؟ مەن سېنىڭ ئۇنىمىغىنىڭغا قويماي قوللىرىڭنى قايرىپ ئۆزۈمگە مەجبۇرىي بويسۇندۇرۇشنى خالىمايمەن. «ئەبلەخ» دېگەن سۆز بىر تەرەپتىن مېنىڭ كۈلكۈمنى كەلتۈردى. شۇ چاغدا ئېسىمگە كەلگىنى جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش فىلىملىرىدە تەسۋىرلەنگەن ياپونغا سېتىلغان گومىنداڭنىڭ شىلەپىلىك يالاقچى ئىشپىيونى بولدى. يالاقچىلارنى ياپونلار «ئەبلەخ» دەپ تىللىغانىدى. توۋا، مەن ئەمدى خائىن، ئىشپىيون، سېتىلما



بولۇپ قالدىمۇ؟ مەن شۇ چاغدا خائىنلىق قىلىشنى ئەمەس، بەلكى رەھىمسىز، تېنىمىز خالايدىغان مەستخۇشلۇق ئىچىدىكى ۋىسال شارابىنى ئىچىشكە ئۇرۇنغانىدىم. گەرچە سېنىڭ «ئەبلەخ» دېگەن سۆزۈڭ كىتابى سۆز بولسىمۇ بىزنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتىمىزغا، كەيپىياتىمىزغا، ھەرىكىتىمىزگە ماس كەلمىسىمۇ بۇ سۆز ماڭا بولغان قارشىلىق ئىدى. ئېھتىمال ناز بىلەن قارشىلىق ئارىلاشقان تۇراقسىز پوزىتسىيە بولغان بولۇشى مۇمكىن. ھازىر ھەرقانداق سودا پۇل، مۇناسىۋەت تورى ۋە قىز قاتارلىقلار بىلەن ھەل قىلىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ. مەن خىزمەت مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن داڭلىق رېستوران، قاۋاقخانا، تانسىخانا، كېچىلىك بەزمىخانىلارغا بارغانمەن. ئاشۇ سورۇنلاردىكى پۇلغا بۇزۇلغان قىزلارنىڭ ئالدىدىمۇ ئۆزۈمنىڭ ئىززەت - ئابرويىنى يوقىتىپ قويىدىغان، ئۇلارنىڭ ئالدىدا باشقىلارنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالىدىغان ئىشلارنى قىلغان بەندە ئەمەسمەن. مەندە ئەزەلدىن باشقىلاردىن پايدىلىنىۋېلىش دېگەندەك غەيرىي نىيەت يوق. بۇ ئات يىللىقلارنىڭ تۈز مىجەزلىكىدۇر. ئات يىللىقلار ئاسانلا باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. مەن سېنىڭ يېنىڭدا خېلى ئۇزۇنغىچە پاخشى بولغان خورازدەك جىمجىت ياتتىم. ئەمەلىيەتتە مەن ئەمدىلا رېسىدە بولغان چۈجىدىن پاخشى بولغانىدىم. مەن ئەر بولغاندىكىن تەشەببۇسكارلىق كۆرسەتمىسەم بولمايتتى. بۇ ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە قويغان ئۆلچىمى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى سەن ھەر قانداق ئەھۋالدا كۈلمەي تۇرۇپ يۇمۇرلۇق گەپ قىلىسەن دېيىشىدۇ. لېكىن شۇ تاپتا ھېسسىياتى دەپسەندە قىلىنغان مەندەك بىر ئادەم روھىي بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە قانداقمۇ يۇمۇرلۇق گەپ قىلالىسۇن؟ مېنىڭ يۇمۇرلۇق تۇيغۇممۇ ئاللىقاچان يوقالغانىدى. ناۋادا سەن بىر قىز بولماي ياشلىق بولغان بولساڭ ئىدى، ماختاپ ئۇچۇرۇپ ئۆچكىنىڭ مېيىدەك ئېرىتىۋېتەر ئىدىم. مەن قىز بىلەن ئوغۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە گەپنىمۇ ياكى ھەرىكەتنىمۇ زادى قايسىسىنى تاللاشنى بىلەلمەي قالدىم. مەن ھاياتتا ئۆزۈم ياقتۇرمىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ھەتتا ئادەملەرنىمۇ يۇمۇر ۋە بىمەنىلىك بىلەن بىرلەشتۈرۈۋەتكەن ئەرمەن. بولسا ساڭا كارىۋاتتا يۇمۇر سۆزلەپ بەرگەن بولسام بولاتتى، لېكىن بۇ ئۆز روھىمدىكىنى باشقا ياققا قايرىپ قويۇپ يۇمۇر سۆزلەشنى تولىمۇ بىمەنىلىك. قارىغاندا مەن ھاياتىمدا مۇھەببەتلىشىشتىن باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىسەم كېرەك. بىر ئۇزاققىچە جىمجىت ياتتۇق. دېرىزىنىڭ سىرتىمۇ جىمجىت. ھاۋا سوغۇق بولغاچقىمىكىن چېكەتكىلەرنىڭمۇ زۇۋانى ئۆچكەنىدى. مەن ئاخىرى ئېغىز ئاچتىم.

— ئۇخلاپ قالدىڭىزمۇ؟

مەن ئەسلىدە سەندىن «خاپا بولدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىماقچى ئىدىم. لېكىن سېنىڭ كۆڭلۈڭدە بولسىمۇ زاڭلىق قىلىشىڭدىن ئەنسىرىدىم. سەن مېنىڭ سوئالىمنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ ماڭا ئارقاڭنى قىلىپ، دېرىزە تەرەپكە قاراپ تۈگۈلۈپ يېتىۋەردىڭ.

— ئۇخلاپ قالدىڭىزمۇ دەۋاتىمەن؟

— ياق.

مەن سېنى ئارقاڭدىن مەھكەم قۇچاقلاپ بىردەمدىن كېيىن ئۆزۈم تەرەپكە تارتتىم. ئەسلىدە سەن يىگىرمە بىر ياشقا كىرگەن قىز بولغاندىكىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى توغرا چۈشىنىشىڭ كېرەك ئىدى. لېكىن سەن ئالدىنقى قېتىمدا مېھمانخانىدىن قايتىشىمىزدا ماڭا ئازراق يول قالسۇن دېگەنىدىڭ. مەن ساڭا قالدۇرۇپ قويغان يول مانا ئەمدى مېنىڭ يولۇمنى توسىۋاتاتتى. مېنىڭ يىلىنىم توسۇق يولدىن ئۆتەلمەي ئازاب چېكەتتى. ئۆزۈمنى ئازابلاپ نېمە قىلاي. ئاخىرى بولالماي ئەسەبىي ھېسسىيات ئەۋجىدە ئۆزۈمنى مەستخۇش دۇنياغا، ۋىسال دېڭىزىغا تاشلىدىم... ئات يىللىقلار ئالدىراقسان كېلىدۇ. لېكىن مەن ئالدىرىمىغان قاشاڭ ئات. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. سېنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى بۇلغاشنى خالىمىدىم. سەن بىر چاغدا كۆكسۈڭنى دۈمبەمگە يېقىپ مەھكەم چاپلاشقىنىڭچە پۇتۇڭنى ئارتىۋالدىڭ. مەن ئۆز ھېسسىياتىمنىڭ دۈشمىنى، رەزىل قاتىلى. مەن بىچارە يىلىنىمنى سىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتتىم . مەن سېنىڭ دۈشمىنىڭ...

— ئەمدىغۇ تىنچ ياتارسىز.

— ئەھۋالغا قارايمەن.

سەن بوينۇمغا، مۈرەمگە سۆيۈپ قويدۇڭ. بۇ سېنىڭ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سۆيۈشۈڭ ئىدى. بىرھازادىن كېيىن سەن يېنىك تىنىقىڭچە ئۇيقۇغا كەتتىڭ. سەن شۇنچىلىك خاتىرجەم ئۇخلىدىڭ. مەن سېنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىڭدىن ئەنسىرەپ كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ قالغان تېنىمنى يۆتكەشكىمۇ، ھەتتا يېرىمى سېنىڭ ئاستىڭدا قالغان يوتقاننى تارتىپ ئېچىلىپ قالغان يەرلىرىمنى يېپىشقىمۇ پېتىنالمىدىم. خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئۆرۈلۈپ سېنى ئۆز قوينۇمغا قايتۇرۇپ كەلدىم.

سۆيۈملۈك قىزىم، مەن بۇ كېچىسىمۇ كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزۈۋەتتىم. نېمە خىياللارنى قىلمىغانلىقىم ماڭا نامەلۇم. قاراڭغۇ ياتاق. ھاجەتخانىدىكى جۈمەكتىن چۈشكەن سۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ياتتىم. ئەسەبىيلىكىم تۇتقاندا سېنى مەھكەم قۇچاقلاپ، چاچلىرىڭنى سىلاپ، لەۋلىرىڭگە بوشقىنە سۆيۈپ قويدۇم. لېكىن سېنى ئويغىتىۋېتىشنى خالىمىدىم. چۈنكى سەن ئالدىنقى بىر كېچە ئۇخلىماي دەرس ئۆتۈۋېتىپ ھوشۇڭدىن كەتكەنلىكىڭنى دېگەنىدىڭ. مەن ئۇخلىمىدىم. ھەر ئىككىمىز ئۇخلاپ قالساق كۆن چۈشكىچە ئۇخلاپ كېتىشىمىز مۇمكىن ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، مېنىڭ ھەممە ئىشنى بىر يولىلا پۈتتۈرۈۋېلىش نىيىتىم يوق ئىدى. ئەتىگەندە سېنى سائەت بەش بىلەنلا ئويغىتىۋەتتىم. سەن ناھايىتى روھلۇق ھالدا ئورنىڭدىن تۇردۇڭ. كەيپىياتىڭمۇ نورمال ئىدى. نورماللا ئەمەس، شۇنداق ياخشى ئىدى.

— ئەجەب ياخشى ئۇخلاپتىمەن.

— مەنمۇ شۇنداق.

ئەمەلىيەتتە سەن مېنىڭ بىر كېچە كىرپىك قاقماي چىققانلىقىمنى بىلمەيتتىڭ. مېنىڭچە بولسا ھەر ئىككىمىز ھېچنەرسىنى سەزمىگەن ھالدا پۇت - قوللىرىمىزنى ئارتىشىپ كۆن چۈشكىچە ئۇخلىغۇم بار ئىدى.

— نېمىشقا مېنى ئەبلەخ دەپ تىللايسىز؟

— ئاخشام ئۆزۈم تىللاپ كېيىن ئەپۇ سوراي دېمەمۇ ئويلىدىم.

— بىراق، ئەپۇ سورىغىڭىز كەلمىدى، شۇنداقمۇ؟

سەن تاتلىققىنە كۈلۈپ قويدۇڭ. سېنىڭ ئاشۇ سۆزۈڭ ۋە تاتلىق كۈلكەڭ مەن ئۈچۈن ئەپۇ سوراش ئىدى.

— كېيىنكى نۆۋەت ئەتىسنى دەم ئېلىش كۈنىگە توغرىلاپ كۆن چۈش بولغۇچە ئۇخلاپ كېتەيلى. نېمىدېگەن ئالدىراشچىلىق بۇ.

سەن بېشىڭنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدۇڭ. بىز ئايرىلدۇق. سەن يەنىلا يەر يۇتۇپ كەتكەندەك يوقاپ كەتتىڭ. سېنى دەرس ئۆتۈۋېتىپ يەنە ھوشىدىن كېتىپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرىدىم... يىلان قىشتا ئۇۋىسىغا كىرىپ كېتىدۇ. سەن يىلان يىللىق قىز... سەن يوقالغانسېرى ساڭا ئۆچ بولۇپ قالدىم. يىلان يىللىق قىزلار ئەرلەرنى كولدۇرلىتىشقا ئامراق، بۇ ئۇلارنىڭ خۇيى دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەتتىم بەزىدە. بۇمۇ كەلگەن يېرى بولسا كېرەك. سەن جوقۇم ماڭا ئۆزۈڭنى پىغىشلىيالمايسەن. بۇ تەرىپى ماڭا بەكمۇ ئايدىڭ. مېنىڭ ئەخمەققە ئايلىنىپ قېلىشىمدىن خۇدا ساقلىغاي. كىم بىلىدۇ، ئاللىقاچان ئەخمەققە ئايلىنىپ بولغاندىمەن. سەن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىگە يەڭگىلتەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقاندەك قىلاتتىڭ.

سەن شۇ يوقالغانچە ماڭا يېرىم ئايدىن كېيىن تېلېفون ئۇردۇڭ. مەن بۇ جەرياندا نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىمنى ساڭا دېمەيلا قوياي. ئىشقىلىپ سەن توغرىسىدىكى بولمىغۇر خىياللار... ئىككىمىز جۈمە كۈنى كەچتە «ئەل ئېھرام» مېھمانخانىسىدا كۆرۈشمەكچى بولۇپ پۈتۈشتۇق. مەن شەنبە كۈنى چۈشكىچە ئۇخلارمىزمىكىن دېگەن ئارزۇ بىلەن جۈمە كۈنىنى تاللىغانىدىم. شۇڭلاشقا جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن مېھمانخانىغا بېرىپ ياتاق ئېلىپ قويدۇم. ياتاقنىڭ دېرىزە تەرىپى راستىنلا ئورمانلىق ئىكەن. ھاۋاسىمۇ سالقىن بولۇپ، ئاندا - ساندا ۋىچىرلىشىپ قويىدىغان قۇشقاچلىرىمۇ بار ئىكەن. مەن شۇ كېچىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ ئاجايىپ گۈزەل ئارزۇلارنى قىلىپ كېتىپتىمەن. ئەپسۇس، سەن ماڭا سائەت ئالتىدە تېلېفون بېرىپ جەنۇبتىن تۇغقانلىرىڭنىڭ كەلگەنلىكىنى، ئۆيگە قايتمىساڭ بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ كۆڭلۈمنى تولىمۇ يېرىم قىلدىڭ. ماڭا تەسەللى بەرمەكچى بولغاندەك مەن بىلەن بىر سائەتلا بىرگە بولالايدىغانلىقىڭنىمۇ قوشۇپ قويدۇڭ.

— مەن ياتاقنى ئېلىپ بولغانىدىم.

— بولىدۇ، سىز بىلەن بىر سائەت بىرگە بولاي.

— بىر سائەت بولسا بولدى، مەنمۇ ئۆيگە قايتاي.

— ياق، سىز خاپا بولۇۋاتىسىز. مەن سىز بىلەن كۆرۈشمەن.

سەن بىر خىل ئەركىلەش ھەم ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا شۇنداق دېدىڭ.

— مەيلى ئەمسە، مەن سىزنى ياتاقتا ساقلايمەن. يولدا كەلگىچە قېشىمدا قېلىش - قالماسلىقنى ئويلىنىپ باقارسىز.

راستىنى ئېيتقاندا، ئائىلىسى بار بىر ئادەمنىڭ بىر كېچىنى تالادا ئۆتكۈزۈشى ئانچە كىچىك قۇربان بېرىش ئەمەس ئىدى. مەن كاللامنىڭ گاراڭلىقىدا توخۇجىغا بەرگەن بۇ زور پۇلۇمنىڭ ئاشقان قىسمىنى ئېلىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. تاماكا ئالدىغان چاغدا پۇلنىڭ يوقلۇقىنى ئاندىن بىلدىم. مەن ساڭا تەقدىم قىلغان ھېلىقى ئەتىر ماركىسىنىڭ نېمىلىكىگە دىققەت قىلدىڭمۇ، «مۇھەببەت». مەن ئۆزۈمنىڭ پارىسلىق ئەر

ئىكەنلىكىمنى شۇ كۈنى ئېنىق ھېس قىلدىم...
سائەت سەككىزلەرگە يېقىن سەن «ئەل ئىبراھىم» مېھمانخانىسىغا يېتىپ كەلدىڭ. ئۈستۈڭگە سىرىق رەڭلىك بوغما چاپان كىيىۋالغانىدىڭ. پۇتۇڭدا ھازىر مودا بولۇۋاتقان پاشنىسى بەش سانتىمېتىر كەلگۈدەك ئېگىز، چەمى قېلىن ئاياغ بار ئىدى. چاچلىرىڭنىڭ ئالدى تەرىپىنى ئىككى ياققا ئايرىپ، كۆپتۈرۈپ چوك - چوك بۇدۇر قىلدۇرۇۋاپسەن. سەن مېنى كۆرۈپ:
- ئەجەب قېتىپ ياسىنىۋاپسىزغۇ!- دېدىڭ.
ياخشى كىيىنىش ساڭا بولغان ھۆرمەت. ئەسكى كىرلەشكەن كىيىم كىيسەم كۆزۈڭگە ئىلماسلىقىڭ تامامەن مۇمكىن. مەن كىيىنىشكە ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمىسەممۇ، شۇ كۈنى يېڭى كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىۋالغانىدىم. بىز ياتاققا كىردۇق. تۇرقىڭدىن ئالدىراۋاتقانلىقىڭ مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. سەن ياتاققا كىرىپلا قولۇڭدىكى سومكىنى تاشلاپ بۇرۇنقى ئادىتىڭ بويىچە بىزنىڭ ھېلىقى سۆيۈملۈك كارىۋىتىمىزغا ئۆزۈڭنى تاشلاپ، بىرھازا كېرىلىپ يېتىۋالغاندىن كېيىن تازىلىق ئۆيىگە كىرىپلا يېنىپ چىقتىڭ.
- سىزنى سۆيۈپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.
سەن كەلگەنچە قۇچىقىمدا ئولتۇرۇپ بېلىمدىن تۇتۇپ بىرنى سۆيۈپ قويدۇڭ ۋە «ۋاقتىنى چىڭراق تۇتايلى» دەپ چاپىنىڭنى، قارا رەڭلىك سارايان كۆڭلىكىڭنى سېلىپ يوتقانغا كىردىڭ.
- كەچلىك تاماق يېمىدىڭىز، ئازراق توخۇ گۆشى يەۋالامسىز؟
- بولدىلا، كەچ قالسام ئۆيدىكىلەر مېنى ئۆيگە كىرگۈزمەي قويمىسۇن - يەنە!
- كىرگۈزمىسە تېخى ياخشى ئەمەسمۇ؟ قېشىمغا قايتىپ كېلىسىز، بۇندىن كېيىن سىز بىلەن كۆرۈشمەك تەسكە توختايدىغان ئوخشايدۇ.
- نېمىشقا؟
- بىلمەيمەن. كۆڭلۈم بىرنەرسىنى تۇيۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.
- نەدىكى بىر گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسىزغۇ.
- ئەمىسە، كىيىملىرىڭىزنى سېلىڭ، مەن ياردەملىشەمدىم - يا.
- ھاجىتى يوق.
ئاخىرى سەن مېنىڭ تەلىپىمگە قوشۇلدىڭ. مەن سېنىڭ ئىنچىكە بەللىرىڭنى سۇندۇرۇۋەتكۈدەك دەرىجىدە ئۆزۈمگە تارتىپ باغرىمغا باستىم- بىلىم ئاغرىپ كەتتى. ئاستىراق...

سەن ئاغرىپ قالغانىدىڭ. شۇڭلاشقامەن ئارتۇقچە زورۇقۇپ كەتمىدىم. شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈمدە سېنى ياتاقتا قالدۇرۇپ قېلىش نىيىتى تېخى يوقۇنلەي يوقالمىغانىدى. سەن يىلان، مەن سېنىڭ ئۇۋاڭ، سەن ئىسسىق ئۇۋاڭدا يېتىپ تۇرۇپ:
- تووۋا دەيمەن، - دېدىڭ.
- نېمىگە؟
- تېخى توي قىلمىغان بىر دوستۇم بولىدىغان. ئۇ توي قىلىدىغان يىگىتى بىلەن بىر سىنىپتىكى قىزغا كۆرۈپتىمىش. تېخى ماڭمۇ كۆرستىپ قويايمۇ دەيدۇ.
- ماقۇل دېگەنسىز؟
- نېمىشقا ماقۇل دېگۈدەكمەن.
- تووۋا، جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ھازىر. ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارنىغۇ مەيلى، تېخى توي قىلمىغان قىز - يىگىتلەر ئاشۇنداق بىمەنە نەرسىلەرنى كۆرۈپ يۈرسە. بۇ ئۆزىگە ئىشەنمىگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەسقۇ. ھازىر ئادەملەرنىڭ روھى بۇزۇلۇپ كەتتى.
بىز بىرگە بولغان بۇ دەقىقىلەر شۇنداق تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. سەن مەندىن بىرنەچچە قېتىم سائەتنىڭ قانچە بولغانلىقىنى سوراپ بولدۇڭ. مەن سېنىڭ چاچلىرىڭنى ھەرخىل كۆپتۈرۈۋالغانلىقىڭغا قاراپ ھەرخىل گۇمانلارنى قىلىپ بېقىپ ئاخىرى چاقچاق ئارىلاش:
- باشقا يەرگە ئولتۇرۇشقا بارامسىز - نېمە؟- دەپ سورىدىم.
- ئىشەنمىسىڭىز مېنىڭ بىلەن ئۆيۈمگە بىرىڭ قەيەرگە بارىدىكەنمەن، شۇ چاغدا كۆرىسىز.
سەن مېنىڭ چاقچىقىمدىن نارازى بولغاندەك قىلاتتىڭ.
- بولدى، خاپا بولماڭ، سىز دېگەن ئەركىن ئادەم.
بىز ئاشۇنداق پاراڭلار بىلەن سائەتنى توققۇزغا ئۇلىدۇق. مېنىڭ زادىلا ئورنۇمدىن تۇرغۇم يوق ئىدى. سەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مېنى چىڭ قۇچاقلاپ لەۋلىرىمگە لەۋلىرىڭنى چىڭ بېسىپ سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ كەتتىڭ.
- مەيلى سىز كېتىڭ، مەن مۇشۇ يەردە بىر كېچە يوتقاننى قۇچاقلاپ ئۇخلايمەن. مېنىڭ بۇ كارىۋىتىمىزدىن ئايرىلغۇم كەلمەيۋاتىدۇ.
- ھەندىن رەنجىپسىز - دە! مېنى ئۆزىتىپمۇ قويامسىز؟

مەن گەپ قىلماي دۈم يېتىۋالغانىدىم. مەن ئاشۇ كۈندىكى ئىشقا خېلى يۇرۇن روھىي تەييارلىق قىلىپ قويغاچقا ئىككىمىز ئۇچراشقاندا ئۇ يۇرسەتنى راستىنلا قولدىن بېرىپ قويغۇم كەلمىگەنىدى. سىنىڭ تىلادىيى ئۆزگىرىپ قالغان ھالىتىڭ مېنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. سەن مېنى يەنە بىر قېتىم سۆيۈپ قويۇپ:

— تۈگمىسىنى ئېتىپ قويۇڭ — دېدىڭ. مەن ئامالسىز ئورنۇمدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇ مېنىڭ ياغىرىنىڭنىڭ تۈگمىسىنى 3 — قېتىم ئېتىپ قويۇشۇم ئىدى. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ كىيىملىرىنى كىيدىم. توساتتىن دېرىزىدىن ئاينى كۆرۈپ قالدىم. ئاي مېنى زاڭلىق قىلغاندەك تۇتۇلۇپ كەتتى.

بىز ياتاقتىن چىقىشنىڭ ئالدىدا يەنە بىر قېتىم قۇچاقلاشتۇق. سەن كۆكرىكىمگە بېشىڭنى قويۇپ رايىشلىق بىلەن تۇردىڭ. ھالبۇكى، بىزنىڭ شۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشىمىزنىڭ «ئەل ئېھرام» مېھمانخانىسىغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كېلىش بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن. بىز «ئەل ئېھرام» مېھمانخانىسىدىن ئايرىلدۇق. ھېلىقى سەن كىرىپلا ئۆزۈڭنى تاشلايدىغان كارىۋىتىمىزدىن ئايرىلدۇق. بىز ماشىنىغا چىققاندا سەن مېنىڭ قولۇمنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدىڭ. ئېھتىمال سېنىڭ بۇ قىلىقىڭ مېنىڭ رەنجىشلىرىمگە بولغان تەسەللىرىڭ بولسا كېرەك. ئادەملەردىن رەنجىگۈدەك ھېچقانداق ھەققىم يوق. رەنجىسەم ئۆزۈمدىن رەنجىسەم بولاتتى. سەن ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن:

— سىز مەندىن رەنجىمىسىڭىز — دېدىڭ.

— رەنجىسەممۇ ئامال قانچە، ۋاقتىڭىز يەتسە تېلېفون ئۇرارسىز.

— نېمانچە زەھەردەك گەپ قىلىسىز.

— راست گەپنى دېدىمغۇ...

شۇنداق، راست گەپ ئاسانلا ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ. مەن ساڭا يەنە بىرمۇنچە سېسىق گەپ قىلدىم. نېمە دېگەنلىكىم ئېسىمدە يوق. ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغىنىنى ئاسانلا ئۇنتۇپ باشقىلارنىڭ قىلغىنىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. مەن كۆڭلۈم يېرىم ھالەتتە ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. ئامال قانچە، سەن مېنىڭ نىكاھىمدىكى ئايالىم ئەمەسقۇ. قارىغاندا سەن يېڭى قاسراق تۇتۇشقا باشلىغانىدىڭ. كەچكۈز يېقىنلاشماقتا. سەن يەنە يېرىم ئاي يوقالدىڭ. ماڭىدىغان يولۇڭنىمۇ ئۆزگەرتىۋالدىڭ. بىزدائىم ئۇچرىشىپ قالىدىغان تۆت يولنىڭ دوقمۇشىدىكى قارىياغاچنىڭ يوپۇرماقلىرى ئەمدى سارغىيىشقا باشلىدى.

بۇ يوپۇرماقلار پۈتۈنلەي سارغىيىپ غولىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزمۇ تۈگەيدىغان ئوخشايدۇ. ئاغىنىلەر بىلەن ئىچىشىپ مەست بولۇپ قالغان ۋاقتىمدا سەندىن تېلېفون كەلدى، مەستلىكىمدە ساڭا باشقا سۆزلەرنى دەپ سالماي دەپ شۇنداق ئېھتىيات قىلدىم. تېلېفوندا خۇددى سەن مېنى ياخشى كۆرمەيدىغاندەكلا گەپ قىلىپ كۆڭلۈمنى تېخىمۇ يېرىم قىلدىڭ.

— مېنى كۆرگىڭىز كەلمىدىمۇ؟

— سىزنىڭچۇ؟

مەن قايتۇرۇپ سورىدىم. قارىغاندا سەن ئۆزۈڭگە بەك ئىشىنىپ كەتكەن ئوخشايسەن. ئۈن – تىنسىز يېرىم ئاي يوقاپ كېتىپ ئارقىدىن «مېنى كۆرگىڭىز كەلدىمۇ؟» دېگەن سوئالنى سوراش سەل ئېشىپ كەتكەنلىكمۇ قانداق، بۇ مېنى ئەخمەق كۆرۈپ قالغانلىق ئەمەسمۇ. شۇ كۈنى مەستلىكتىن يېشىلىپ يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىدىم. ئۇياقتىن – بۇياققا ئۆرۈلۈپ جىم يېتىپ بېقىشلىرىممۇ ھېچنەرسىگە ئەرزىمىدى. زورۇقۇشلىرىم بىكارغا كەتتى. ھاراق ئىچىپ بىر كېچە تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىسام ئەتىسى چىرايىم سولغۇن ھالەتتە يۈرىمەن. ساقاللىرىممۇ ئۆسۈپ كېتىدۇ. لېكىن تاڭ ئاتارىغا ئۇخلاپ قېلىپ ئۈجمە يەپ چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. كېيىن قەتئىي ئۇخلىيالمىدىم. كونىلارنىڭ دېيىشىچە ئۈجمە يەپ چۈش كۆرسە خاسىيەتلىك چۈش بولۇپ، ياشلىقتىن بېشارەت بېرىدىكەن. يېڭى باشلىنىش ئىكەن. مەن بۇلارنى ئويلاپ كېچىدىكى بىئاراملىقىم قەيەرگىدۇر يوقالدى. ئۆتكەندە ئاقسۇ كۆلىدە نۇرغۇن ئاققۇلار ئارىسىدىن بىرەرمۇ ئاققۇنى تۇتالماي چۈش كۆرۈپ كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولغانىدى. ئەتىگەندىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ بىر ھەپتىدىن ئېلىنمىغان ساقىلىمنى ئېلىۋەتتىم. كاستۇم – بۇرۇلكامنى كىيىپ گالستۇك تاقىدىم. ئۆزۈمگە تېخى ئازراق ئەتىرمۇ چېچىۋالدىم. قارىغاندا مەن ئىشنى باشقىدىن باشلىماقچى بولسام كېرەك. ئايالىم ساقال – بۇرۇتۇم ئۆسۈپ قالسىلا:

— ساقال – بۇرۇتىڭىزنى ئالمىسىڭىز سولاقتىكى جىنايەتچىگە ئوخشاپ قالىسىز — دەيدىغان. راست، مەن ئەمەلىيەتتىمۇ روھىي مەھكۇملۇقتا قالغان، تۈرمە سىرتىدىكى جىنايەتچىمۇ؟! سەن ئۆتكەندە ماڭا بىر ساقال ئالغۇچ تەقدىم قىلاي دېگەندە مەن ساقال ئالغۇچۇم بار دەپ رەت قىلغانىدىم. ئويلاپ باقسام مېنىڭ بۇ رەت قىلىشىم تارىمۇ ئاقىلانىلىق بولۇپتىكەن. سەن بەرگەن

ساقال ئالغۇچنى كۆرگۈم كېلىپ كۈندە ساقال ئالىمەن دەپ يۈرسەم تازىمۇ كۆلكىلىك ئىش بولمامدۇ. ئۇيلاپ باقسام يەنىلا كونا ساقال ئالغۇچ ياخشىكەن. مەن ئەينەك ئالدىغا كەلدىم. چىرايىم راستتىنلا تاتىرىپ بىر - ئىككى ياش قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنسىمۇ ئۇيقۇسىزلىق ۋە هاراقنىڭ تەسىرىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىم خاسىيەتلىك چۈشۈمنىڭ قۇدرىتى بىلەن يەنىلا ئۈمىدۋار، يەنىلا روھلۇق بىلىنىپ كەتتى. ياخشى ئۇخلىمسام چاچلىرىمۇ پۈرلىشىپ تاغاقتا بويسۇنمايدۇ. چېچىمنىمۇ نەمدەپ يۈرۈپ بىر ئامال قىلىپ ئاران دېگەندە ئۆز ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدىم. دۇنيادا قانۇنىيەتكە بويسۇنمايدىغان بىرەر نەرسە بولمىسا كېرەك. مەنمۇ هازىر بويسۇنىۋاتىمەن. ئويلاپ باقسام پەسكويغا چۈشۈپ قالغاندەك قىلىمەن. مەن سېنىڭدىن هېچنەرسە كۈتمەسلىك نىيىتىگە كەلدىم. سەن قوبۇل قىلساڭمۇ، قىلمىساڭمۇ ساڭا بىر سۆزنى دېگۈم كېلىۋاتىدۇ. سەن پانىي ئالەمدە ھەتتا باقىي ئالەمدىمۇ ئۆزۈڭگە يارىغۇدەك نۇقسانسىز يىگىتنى تېپىشىڭ ناتايىن. مەنمۇ ھەم شۇنداق. بىر خىل تۇرمۇش، بىر خىل ياشاش، بىر خىل هايات هامان سېنى تاللاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. هېچبولمىسا روھى دۇنيارىڭدا ئەخلاقىڭ بېسىمى بىلەن ئاشكارىلاشقا پېتىنالمايسەن. مەن هاياتىمدىكى بارلىق نەرسىلەرنى يېڭىدىن باشلىماقچى بولىمەن. لېكىن ئەخلاقىڭ، مەجبۇرىيەتىڭ، ۋىجدانىڭ بېسىمى، سەممىي - ئاق كۆڭۈللىكىم هامان بىمەنە تاللاشتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. مەن نېمە دېگەن بىچارە ئەر - ھە!... مەنمۇ باشقا ئەرلەردەك هېچنەرسىنى ئويلىماي هايات يولۇمنى ئۆز رىتمى بويىچە قويىۋەتسەم بولماسمىدى. ئادەمنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى ئۆزىنى تولۇقلاش دېگەنلىكتۇر. مەن شۇنىڭغا هەيران قېلىۋاتىمەن. سېنىڭ بىلەن شۇنچە تېز تونۇشۇپ، ئازراقلا ئارىلىشىپ ئارقىدىنلا ئاستا ـ ئاستا يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىڭ مېنى ئامالسىز قالدۇرۇپ قويىدى. هېچنەرسىنى چۈشەنمىدىم. تېڭىرقاپ قېلىۋاتىمەن. خىيالىمدا ھەممە ئىشلارنى سېنىڭ ئەركىڭگە، مەيلىڭگە قويىۋەتمەكچىمەن. مەن باشقىلارنىڭ ئازابلىشىغا، خورلىنىشىغا، غۇرۇرىمنى دەپسەندە قىلىشىغا روھى جەھەتتىن بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك غەيرەت، روھى تەييارلىق ۋە ئىرادە بار. هېچبولمىسا ئادەملەردىن رەنجىگىلى بولمايدۇ دېمىدىغان ئەقىدە ئارقىلىق ئۆزۈمگە ئۆڭ زور تەسەللى بېرىپ ياشىيالايمەن. قارىغاندا روھى جەھەتتىن ئۆزۈمگە بەك ئىشەنگەندەك ئوخشايمەن. بۇزۇلۇشقا يۈزلەنگەن ئادەملەرگە پۈرسەت بېرىپ سەممىيلىك قىلىۋەرگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مەنمۇ يوق ئەمەس. لېكىن سەنچۇ؟ بىلىمەن، سەن ھەممىنى سىرتقى كۆرۈنۈشىڭگە ئەخلاق ئۆلچىمى بىلەن بىر تەرەپ قىلىۋەتمەكچى بولساڭ كېرەك. سەن ئەقىللىق، سەن ئەنئەنىۋى ئەخلاق بىلەن هازىرقى مەدەنىيەتنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدا بوغۇچلانغان قۇشتەك تېپىرلاپ قالغان قىز. سەن ئېھتىمال مېنىڭ ماختىشىمنى، خۇشامەت قىلىشىمنى كۈتكەن بولغىيتتىڭ، مەن ئۇنداق قىلالمىدىم. سەن بىلەن قىزىرىشىپ قالغان يەرلىرىمۇ بولدى. بەزىدە قاپىقىمۇ ئېچىلمىغان مەزگىللىرىمۇ بولدى. ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئادەمدىن ئاسانلا رەنجىسە كېرەك. ئېھتىمال مېنىڭچە بۇ بىر تۇكى يوق سەۋەب. بەزى قىزلار قاپىقى يامان، ئەرلىك غۇرۇرى كۈچلۈك يىگىتلەرنى ياخشى كۆرىدىكەن. مەن ئاشۇنداق قىزلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن قاپاق تۈرۈپ يۈرمەمدىغاندىمەن؟ مەن سېنى يالغان - ياۋىداق گەپ - سۆزلەر بىلەن ئالدىشىم كېرەكمۇ؟ بۇنداق ئالداش ئارقىلىق نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ بەخت دېگەن نېمە؟ بەخت ئادەم ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسىگە يېتىش بولسا كېرەك. بىز بۇ هېكايىمىزنى قاچانغىچە داۋاملاشتۇرالايمىز؟ بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. سەن «بەك تەرەققىي قىلىپ كەتمەيلى» دېگەندەك قىلىۋىدىڭ. بۇ سۆزۈڭ بىر تەرەپتىن مېنىڭ كۆڭلۈمنى سەل يېرىم قىلغان بولسىمۇ يەنە بىر تەرەپتىن قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا سېنى ئويلاشقا، سېغىنىشقا تەقەززا قىلىۋاتقان روھىي كىشەندىن قۇتۇلغىنىم ئۈچۈن خۇشالمەن. ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئازابلىق ئىش باشقىلارنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش. لېكىن مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. مەن هېچنەرسىدىن ۋاز كېچەلمەيدىغان ئادەم. ئادەم ئۈچۈن ئۆز تېنى، ئۆز روھى ياقتۇرغان ئىشنى قىلالماسلىق ئازاپلىق بىر ئىش. مەن ئەسلىدە سېنى بەكلا رومانتىك، هېسسىياتچان كۆرەتتىم. بۇ سېنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىڭلا ئىكەن. روھىي هالىتىڭ مۇقىم، ھەممە نەرسىگە ئېھتىماللىق قالدۇرىدىكەنسەن. بىرەر ئاۋارىچىلىق ياكى ئازابقا قېلىشنى خالىمايدىكەنسەن. ئۆزۈڭنىڭ روھىي ئازابىنى باشقىلارغا ئەركىن، ئازادە سۆزلەشنى، دەرد تۆكۈپ يۈرۈشنى خالىمايدىكەنسەن. راست، يىلان يىللىقلار ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرىدۇ. مەن ئالاھىدە ئادەم ئەمەس، شېئىر يېزىشىمۇ قولۇمدىن

كەلمەيدۇ. سەن پەخىرلەنگۈدەك باشقىلارغا ماختىنىپ يۈرگۈدەك داڭلىق ئەرباب ئەمەس، بەلكى ئاددىي بىر كاتىپ. يىلان يىللىق قىزلار يولۋاس يىلىدا جەنۇبقا سەپەر قىلىدىكەن. راست، سەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى ئايلىنىپ كەلدىڭ. يىلان يىللىقلار يولۋاس يىلىغا كەلگەندە بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقىدىكەن. سەن قانداق كۆڭۈلسىزلىككە يولۇققىنىڭ توغرىسىدا ھازىرغىچە ماڭا ھېچنەرسە دېمەي باقمىدىڭ. سۇبھىنۇر، بىز تەڭرى ئالدىدا ھەتتا باشقىلارنىڭ ئالدىدىمۇ ھېچقانداق سەۋەنلىك ۋە گۇناھ ئۆتكۈزمىدۇق، بەلكى ۋاقىتلىق ئالدىنىشقا يانداشىپ ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ۋە ھېسسىيات ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردۇق. بىز ئەخلاق ئالدىدا تېڭىرقاپ قالدۇق. ئاخىرى بولماي ھېچقانداق سەۋەب-نەتىجىسىزلا جىمىپ قالدۇق، ئادەم ياخشى كۆرگەن ئادىمىگە ئەترە سوۋغا قىلسا مۇھەببىتى ئەتىردەك چېچىلىپ تۈگەيدىكەن. مېنىڭچە ھازىر ئادەملەر ھەممە نەرسىگە گۇمان ۋە ساختىلىق بىلەن قارايدىغان دۇنيادا كونىلىقنىمۇ ئېتىراپ قىلىپ كەتمەيدۇ. بىراق يېڭىلىق ئارقىلىق ئۆزىنى گۈللەتسىمۇ روھىي جەھەتتە ھامان ئىزتىراپچىلىق ئىچىدە ياشايدۇ. ھېچنەرسىنى قوبۇل قىلالمايدۇ... مۇھەببەت، مۇزىكا ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ئالداش دورىسى. ئادەملەر ھازىر ھېچنەرسىگە ئالدانمايدىغان بولۇپ قالدى. مېنىڭچە بولسا تەكلىماكاننىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى توغراقلىق ئارىسىغا كىرىۋېلىپ مۇڭلۇق ساتار كۈيى ياڭرىغان تۇپراقتا ياشىغۇم بار بولسىمۇ پىسخىك ئادىتىم بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. ھەر قانداق بىر ئادەم مەلۇم جەمئىيەتتە ياشىغان ئىكەن، شۇ جەمئىيەتكە مەسئۇل بولۇپ ياشىشى كېرەك ئىدى . لېكىن بىز نېمىگە مەسئۇل بولدۇق؟ باشقىلارچۇ؟ ھەممىمىز زەھەرلىك يىلانغا ئايلاندۇق. كونىلاردا «قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق» دېيىدىغان گەپ بار. لېكىن قول يەتمىگەن شاپتۇل مەن ئۈچۈن ئاچچىق ئەمەس، بەلكى شېرىن مېۋە، ئۈمىد ۋە بەختتۇر. ئادەم ئۈچۈن يېتەلمىگەن نەرسە ئەڭ بۈيۈك نەرسىدۇر. سەن ئېھتىمال قول يەتمىگەن شاپتۇل. سەن قولۇم يەتمىگەچكىلا سۆيۈملۈك. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ تەن بەرگەن ۋاقتى ئۆلگەن ۋاقتىدۇر. شۇڭلاشقا ئۇلار بىر يولدا مەغلۇپ بولسا يەنە بىر يولنى تاللايدۇ. مەنچۇ؟ ھېچنەرسە دېيەلمەيمەن. مەن سېنىڭ ۋىسال دېڭىزىڭنىڭ يېرىمىغا بېرىپلا قارشى قىرغاققا يېتەلمەي قايتىپ كەلدىم. سەن چوقۇم ئويلىدىڭكى، مەن قارشى قىرغاققا چىقىپ قالسام مەن ئۈچۈن سىرلىق تۇيۇلغان دېڭىز مېنىڭ ئىرادەم، ئېتىقادىم ئەزەلدىن ماڭا بويسۇنغان بولۇپ ھېچقانداق بىر سىرلىق قىممىتى قالمايدۇ. مەن يىلان يىللىق قىزلارنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ئۇلارنىڭ ھېسسىياتقا بايلىقى، پاراسەتلىكى، جەزبىدارلىقى، چېچەن، ئەقىللىقلىقى مېنى سۆيۈندۈردى. ياخشى كۆرۈشكە، سۆيۈشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇلارنىڭ ئېھتىياتچانلىقى، راھەتپەرەسلىكى، ئۆز ئەيىبىنى يوشۇرسىمۇ كۆڭلۈمنى يېرىم قىلدى. مەمەدانلىقى، ئوغۇللارنى كولدۇرلىتىدىغانلىقى غەزىپىمنى كەلتۈردى. يار - يۆلەكسىزلىكى، دىلكەشلىكى چوڭقۇر ھېسداشلىقىمنى كەلتۈردى. تۇۋا، مېنىڭ بۇ خىل ھېسداشلىقىم يىلان



يىللىقلاردىنمۇ بەكرەك دىلكەش ئىكەنلىكىمنى چۈشەندۈرمەمدۇ. سەن ماڭا قانچىلىك دىلكەشلىك قىلالىدىڭ. يار - يۆلەكسىز قالغاندا مېنى ئىزدىسەڭ مەن ساڭا ئەڭ چوڭقۇر تەسەللىي بېرەلەيمەن.

سەن ئۆتكەندە بىر قېتىم تېلېفون بېرىپ يوقاپ كەتكەنچە يېرىم ئايدىن كېيىن يەنە پەيدا بولۇپ تېلېفون ئۇردۇڭ.

— قانداق ئەھۋالىڭىز؟

— سىزنىڭكىدىن ياخشى، مەن ھازىر ئېغىر بېسىق ياخشى ئادەم بولۇپ قالدىم. كۆڭلۈمنى خاتىرجەم.

— مېنى كۆرگىڭىز كەلمىدىمۇ؟

— سىزنىڭچۇ؟

ــ مېنىڭ كۆرگۈم كەلدى. ئىككىمىز كۆرۈشمەمدۇق.

ــ ۋاقتىنى ئۆزىڭىز بېكىتىڭ.

ــ دۈشەنبە كۈنى بولسا بولامدۇ؟

ــ ياق، ــ مەن ئەتىسى دىم ئالغىلى بولىدىغان جۈمەنى تاللىدىم.

ــ مەيلى ئەمىسە. ئارىلىقتا سىزگە تېلېفون بېرىمەن.

بىز شۇنچىلىك پاراڭلاشتۇق. مەن بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتمىدىم. چۈنكى سېنى يەنە يېرىم ئاي يوقاپ كېتىدۇ دەپ ئويلىدىم. بىزنىڭ ھېكايىمىز تولىمۇ بۇرۇقتۇم، جىمجىت ھالەتتە مەنىسىز داۋام قىلىدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭلاشقا مەن سەن بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدىم. سېنىڭ چۈشىنىكسىز مىجەزىڭ مېنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىدى. يىلان يىللىق قىزلار ئەرلەرنى كولدۇرلىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ قېلىۋاتىمەن، يەنە كىملەرنى كولدۇرلىتىۋاتقانلىقىڭ ماڭا قاراڭغۇ. يىلان يىلدا بىر قېتىم قاسراق تاشلايدۇ. مەن سەندىن تاشلانغان قاسراق. ئەلۋەتتە مەن سەن خالىغاندا كىيىدىغان، خالىغاندا سېلىپ تاشلايدىغان چاپان ئەمەس. ئادەمنى مودا قاتارىدا تاللىغىلى بولمايدۇ. سەن ئۆزۈڭ ياققان ئوتنى ئۆزۈڭ ئۆچۈرسەڭ بولاتتى. مېنىڭ ھەرگىزمۇ ئوتنىڭ سىرتىدا كۆيگۈم يوق. مەن قاسراق بولۇشنى خالىمايمەن. ھەممە ئادەم يىلاندىن قورقىدۇ. سەن زەھەرلىك يىلان! ياق، بۇ گەپ بەك ئېشىپ كەتتى. سەن زەھىرى ئاستا ـ ئاستا تەسىر قىلىدىغان يىلان. ئېھتىمال ھازىر ھەممە ئادەم زەھەرلىك يىلانغا ئايلىنىپ كەتكەندۇ. مەن ئالدىمىزدىكى جۈمە كۈنىنى كۈتىۋاتىمەن. قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى قاراڭغۇ. ئېھتىمال قىسقا ئارىلىقتا يۈگۈرۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ھازىر ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى ئۆزىنى يۈگۈرۈشكە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. يىلان قىشلىق ئۇيقۇسىغا كىرىۋالغۇچە بىر قېتىم بولسىمۇ تۇتىۋالسام بولمايدۇ. چۈنكى كېلەر يىلى ئۇ يەنە قاسراق تاشلاپ قېلىشى مۇمكىن. مەن يەنە ئېزىۋاتىمەن. ئات يىللىقلارنىڭ ۋاپادارلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولسام كېرەك. ئۇچىمە بەپ چۈش كۆرۈش ئىككىمىزگە قالدۇرۇلغان پۇرسەت ئوخشايدۇ. بىز «ئەل ئىبراھىم» مېھمانخانىسىدىكى سۆيۈملۈك كارىۋىتىمىزغا يەنە قايتىدىغان بولدۇق. مەن سېنىڭ باغرىڭنىڭ تۆگمىسىنى 4 ـ قېتىم ئېتىپ قويۇشۇم مۇمكىن. مەن ئېھتىمال ئەھمىيەتسىز بىر ئىشقا زورۇقىۋاتقاندىمەن.

ــ ياخشىمۇ سىز؟

ــ ...

ــ سىز نېمىشقا بۇرۇنلا توي قىلىۋالغان بولغىيتتىڭىز؟

ــ ...

ــ مېنى كۆرگىڭىز كەلمىدىمۇ؟

ــ ......

بۇلار سېنىڭ دائىم تەكرارلايدىغان سۆزۈڭ. سەن يىلان يىللىق قىز. يىلان يىللىق قىزلار ئەرلەرنى كولدۇرلىتىشقا ئامراق. مەن ئېھتىيات قىلمىسام بولمايدۇ. مەن ئىرادەمگە خىلاپ ئىش قىلىۋاتىمەن. ئۆزۈمنى تۇتىۋالسام بولاتتى. لېكىن سەن خالىغاندىكىن ھېچنەرسە بولمايدۇ. بىز «ئەل ئىبراھىم» مېھمانخانىسىغا يەنە باردىغان، سۆيۈملۈك كارىۋىتىمىزدا ئۇخلايدىغان بولدۇق. مەن سېنىڭ باغرىڭنىڭ تۆگمىسىنى 4 ـ قېتىم ئېتىپ قويىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكىلىرىگە بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. بۇ ساڭا باغلىق. مەن روھىي مەھكۇملۇققا دۇچار بولدۇم. مەن قىسىلىپ قالدىم. مەن ھېچقايسىسىدىن كېچەلمىدىم. قارىغاندا مەن بەك شەخسىيەتچى ئوخشايمەن. شەخسىيەتچىلىك ئادەمنى ئۆز ـ ئۆزىدىن تۈگەشتۈرۈپ ھالاك قىلىشى مۇمكىن. مەن بۇ يولنى بىلىپ تۇرۇپ مېڭىۋاتىمەن. لېكىن سەن مېنىڭ قەدىرلىشىمگە، ھۆرمىتىمگە، ياخشى كۆرۈشىمگە ئەرزىسەڭ بولاتتى. نەزىرىمدىن چۈشۈپ كېتىشىڭدىن خۇدا ساقلىغاي! تۇتامى يوق، تەنتەك مىجەز ئادەم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن ئاسانلا چۈشۈپ قالىدۇ. سەن ئۆز ئەيىبىڭنى مىڭ يوشۇرساڭمۇ بىر كۈنلەردە ئاشكارىلىنىپ قالىسەن. ئۇ چاغدا بىراك مال قاتارىغا كىرىپ ھېچكىم ساڭا قاراپ قويمايدۇ. يىلان يىللىق قىزلار ئەرلەرنى كولدۇرلىتىشقا ئامراق. ئېھتىمال مەنمۇ كولدۇرلىتىلىۋاتقاندىمەن. بىز ھەممەيلەن يىلانغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىمىز. بىر يىلدا نەچچە قېتىم قاسراق تاشلايدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرىۋاتىمىز: سەن ئۆزۈڭنى پەرىشتىدەك چاغلاپ يۈرمە! مەن ساڭا ئانچە ئىشىنىپ كېتەلمەيۋاتىمەن. مېنى ھېچ ئىشنى ئۇقماي يۈرىمىدىكىن دېمە. ساڭا نۇرغۇن گەپلەرنى دەپ ئولتۇرمىدىم. ئىشلارغا ئېھتىماللىق قالدۇرۇپ قويغانلىقىم ئېسىڭدە بولسۇن. ئىچىم كۆچلۈك ئادەممەن. ئىچى كۆچلۈك ئادەم ھەر قانداق روھىي زەربىگە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن بەك سۆزلەپ كەتتىممۇ ـ نېمە؟ ئېھتىمال مېنىڭ بۇنداق زورۇقۇشلىرىم سېنىڭ نەزىرىڭدە بىر ئەخمەقلىق ھېسابلىنىشى مۇمكىن. مەن نېمىلا دېمەي مەن ئۈچۈن ئۆزۈم تاللاپ ماڭغان يول ئەڭ توغرا يول. ئېھتىمال سەن خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرمىگەن گەپلەرنى دەپ كۆڭلەكنى قىستاپ قويغاندىمەن. بولدىلا، خوش، بىز «ئەل ئىبراھىم» مېھمانخانىسىدىكى سۆيۈملۈك كارىۋىتىمىزدا قالغان گەپنى دېيىشەيلى. قارىغاندا مەن خېلى ئۆزۈڭغا يۈگۈرمەيدىغان ئوخشايمەن...

# لۆكچەك

جېلىل خېلىل

روھىمغا يېتەلمەي قالىمەن ھامان،
ياراتماس ئۇ زىنھار ياۋاش تېنىمنى.
ئۇ ئارىلاپ ئۆلكىمدىن كېتىدۇ قېچىپ،
بىلمەيمەن قىلىدۇ نېمە ئىشلارنى...

تېنىم بەك قائىدىلىك ھەممە ئىشلارنى،
قىلىدۇ رېئاللىق تەرتىپى بويىچە.
بەزىدە ياۋاش ئۇ بەزىدە مەككار،
ماختىلار ھەممىنىڭ يىقىپ كۆڭلىگە.

روھىمغا ھەيرانمەن پۈتۈمنى سۆكەر:
نېمانداق گالۋاڭسەن ماڭسەن ئاستا.
قولۇمنى سۆكەر ئۇ: بۇلغاندىڭ تۇگەل
ئىلىشتا ھېچ نەرسە تۇرمىدىڭ ئايرىپ
تەگسىلا مۇناپىق ئىنگەڭگە پايدا.

ئاغزىمنى سۆكەر ئۇ: سەن تۆھمەت غارى
ماختاپلا ئۆتىسەن ۋە ياكى قاخشاپ.
ھاجىتىڭ چۈشسە گەر قانداق نېمىگە
سۆزلەپلا تۇرىسەن چاچرىتىپ مازغاپ...
تېنىمنى سۆكەر ئۇ: سەن ئوغرى قىلىپ
ئۆزۈڭدەك كېرەكسىز قىلماقچى مېنى.
قۇلۇڭ بوپ چاپسام گەر مۇددىئايىڭ بويلاپ،
قىل دەيسەن مۇقەددەس پەرمانىم بويىچە
ئېھتىياج چۈشكەندە ھەممە ـ ھەممىنى...

1

روھىمغا يېتەلمەي قالىمەن ھامان
ياراتماس ئۇ زىنھار مەككار تېنىمنى.
ئۇ ئارىلاپ ئۆلكىمدىن كېتىدۇ قېچىپ
بىلمەيمەن قىلىدۇ نېمە ئىشلارنى.

2

قاقشال قوللىرىمدا يىرتىمەن يۈرەك،
يېرىلدىم قاغجىراپ چاڭقاق يەر كەبى.
بىلمەن ئۆزۈمنىڭ توغرا ئۆزۈمگە
روھىمنىڭ ئۆزىگە توغرىدۇر بەلكى.

چۈشىمۇ روھىم ھەتتا تۇرمىگە
يەنىلا بوي بەرمەس كېتەر قۇتۇلۇپ.
گاھىدا ئادالەت غالىپ ئىكەن دەپ
ئويلاپ قالىمەن دېلىغۇل بولۇپ.

ۋە لېكىن ئۆزۈمنىڭ توغرا ئۆزۈمگە
تەمەسىز ياشىسام قالىمەن ئۆلۈپ.
شۇڭلاشقا ياشىشىم كېرەك ساختىپەز
كۆز ياش ۋە كۈلكىنى نىقاب قىپ يۈرۈپ.

مەن بەدەن، ماددا مەن، يوقالسام ئەگەر
روھىمۇ تەلتۆكۈس ئۆلەر تۇنجۇقۇپ.
روھىمنىڭ ئۇزاقراق ياشىشى ئۈچۈن
خالىدىم يېقىشلىق نىقاب ئىچىدە
ياشاشنى تەمەنىڭ قۇربانى بولۇپ.

بىلىمەن ياشىسام رەڭۋازلىق بىلەن
ئالمايدۇ ئەل ـ ئاۋام مېنىڭ تەرىپىم.
كۆمۈشەر ئەڭ چوڭقۇر لەنەت گۆرىگە
سىبزىلمەس ئاداققى تامغان كۆزيېشىم.

شۇڭا مەن ياشايمەن تەرتىپ ـ قائىدىلىك،
ئالداپ ۋە ئالدىنىپ ياشاشقا ئۆتىسىز
جاھىمىنىڭ بارىچە تۈيغۇنلىشىمەن.

ئىش - ھەرىكەت سۆزلىمەستىن چىقمايدۇ قۇسۇر
روھىمدەك چاتاقچى ئەسلا ئەمەسمەن.

3

روھىمغا بېتەلمەي قالىمەن ھامان
ياراتمىلىش ئۇ زىنھار مەككار تېنىمنى.
ئۇ ئاربىلاپ ئىلكىمدىن كېتىدۇ قېچىپ
بىلمەيمەن قىلىدۇ نېمە ئىشلارنى.

تۇيۇقسىز خەۋىرى كەلدى روھىمنىڭ
تۇغدۇرغان ئىمىش ئۇ غايەت بىر ماجىرا
رەقىبى كاتتا بىر ئەمەلدار ئىمىش،
روھىم تىنىك تۇرغۇنچە ئاۋام ئالدىدا
قىلىپتۇ باشلىقنى رەسۋايى راسا.

كايىدىم روھىمغا – نېمە قىلىسەن؟
چېقىلىپ باشلىقتەك ئالىي نەسەپكە.
بارمۇ - يوق، مەن ئۈچۈن خاتىرجەم ياشاش
يوللايمەن ئۆزۈملا سېنى لەھەتكە.

– كەلمەيدۇ قولۇڭدىن، – دېدى روھىم شاد:
– بىلىمەن ئەڭ بۈيۈك شەخسىيەتچى سەن.
ئالدىڭدا مېنىڭ جان بېرىشىم ئۈچۈن
ئاۋۋال سەن ئۆلۈشۈڭ كېرەكتۇر جەزمەن.
يوق سەندە ئۈنچىلىك باتۇرلۇق سۇبات
ئۆزۈڭنى ئىلاھتەك كۆرسەن ئۆزۈڭ.
مەن ئۆلۈم كۆرمەيمەن سەن ئۆلمەي تۇرۇپ،
شۇڭلاشقا ساختىلىق، ھىيلە - مىكرىڭنى
مۇلايىم ۋە ياۋاش تەرق - تۇرقۇڭنى
مۇشۇنداق بىرمەھەل قىلىمەن ئىنكار
قېلىپسىز ۋە غەيرىي شەكىللەر بىلەن.

– بىلىپ قال، ئەي لوكچەك ياشىيالمايسەن،
بىر ساڭا مەن ئۆزۈم بولمىسام ھامى.
– ئەي مەككار سېنىڭدەك ياشاپ ئۆتكىچە
مېنىڭدەك لوكچەك بوپ تۇغۇلغان ياخشى.

ناھەقلىق ئالدىدا سۈكۈتنىڭ ۋەزنى،
بىلەمسەن قانچىلىك ئەي رەسىپ بەدەن.
شۇ سەۋەب رەڭگىلىك چىرمىغان بىزنى،
يامانلار يامانلىق قىلىدۇ ھەردەم.

قىلىدۇ ھەر ئىشنى ئۆزىنى ئويلاپ
يۈتكەيدۇ ھەركىمنى بارىغا قاراپ.
ئەۋلادى ئۇيغانلىق، قۇلايلىقا يار،
سەندەكلەر ئۇلارنى ئۇچۇرۇپ كۆككە،
ئالانت، ئەقلىنى كېيگۈزەر ماختاپ.

بىلمەيسەن ۋە بەلكىم بىلمەيدۇ ھېچكىم
تۇنۇگۈن بىر قىزغا قۇردى ئۇ قىلتاق.
سەۋەبى بۇ قىزنىڭ يوقتى خىزمىتى
قويماقچى بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ،
كەتسىمۇ ئىلكىدىن قىزنىڭ پاكلىقى
دېمەس قىز بۇ سىرنى ئەبەدلىك ساقلاپ.

بىلمەيسەن ۋە بەلكىم بىلمەيدۇ ھېچكىم
تۈنۈگۈن بىرسىدىن ئالدى زور پارا.
ئېرىشتى بىر گۆشباش ياخشى ئورۇنغا
قۇتلۇقلار دوستلىرى ئۇنى شۇ تاپتا،
ئۇمۇ ھەم تىنمايدۇ بۇ سىرنى ئەبەد
ۋە ھېچكىم كۆڭلىنى بۆلمەس بۇ ئىشقا...

ۋە يەنە باردۇر كۆپ بىچارە قۇرتلار
ھەل بولماس ئىشلىرى ئۆلگەنگە قەدەر.
ئۇلارغا سىياسەت سۆزلەيدۇ باشلىق:
موھتاجدۇر بەك سىزگە، سىز ئىشلىگەن يەر.
گاھىلار مەستلىكتە قويىدۇ تىللاپ
سەن باشلىق پارىخور ھەم خوتۇنباز دەپ.
دەم ئۆتمەي كەچۈرۈم سورايدۇ يەنە
(قورقىدۇ باشلىقنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن):
مەستلىكتە قاپتىمەن بىمەنە سۆزلەپ.

كەلمەكتە ئەزەلدىن غەزىپىم تېشىپ
بۇنداق قوش ماكانلىق رودىپايلارغا.
ھوقۇقتا ئۆلگۈدەك ئالار چاپلىشىپ،
تۆھپە بار جايلاردا تۇرار يەنە دەس
تۆۋەندە يوشۇرۇن ئاۋامنى بېسىپ.

باردۇر ئۇندىمۇ سەندەك بىر بەدەن
ۋە لېكىن يوق ئىكەن مەندەك بىرەر روھ.
قىلاركەن جىنايەت نىقاب ئاستىدا
بەدەندە بەركامال، ئەقلىدە مەجرۇھ.

شۇڭا مەن ئاۋامنىڭ كۈچىنى ئاڭا
كۆرسىتىپ قويدۇمەن بىر ھەيۋەت بىلەن.

سەن بەدەن قورقسەن بۇنىڭدىن بەلكىم
مۇھەببەت، ئەيىبلەپ، ئەپرەتتىن بەكمۇ يىراقتا
بىپەرۋا، مۇغەمبەر، ھايات يولىنى
بىر سەگەك ئەرۋاھتەك ئەگىپ يۈرسەن.

ئۇلىشتىم روھ بىلەن يەنە روبىرو:
ـ ئەي لوكچەك، چىقىپ كەت تېنىمدىن ھازىر.
ئاخىرى مېنىمۇ يەپ كەتكۈدەكسەن
قالمىدى ئاھ خوشۇم سەن بىلەن ھېچبىر.

قەيەردە بالا بار سەن شۇ يەردە بار،
سانجىلار سۆزلىرىڭ يۈرەككە بەتتەر.
بىلەمسەن ئەي لوكچەك، بۇندا ھەر كىمنىڭ
ئۇتقاندۇر مەيلىنى ھىيلە ـ مىكىر، زەر.

سەن تەلۋە ئەخمەقتەك ياشاپ ئىش تېرىپ
نە قىلاي مەنپەئەتتىن قۇرۇق قول قىلىپ.
ھەر ئىشنىڭ ئۆز يولى، ئۆز ئەمەلى بار،
ئەۋزەلدۇر مەن ئۈچۈن قولاقنى ئېتىپ
كۆيلىمەك داپ چالماق شېئىرلار يېزىپ.

ـ ئەي بەدەن، مۇنداقمۇ گەپلىرىم بار-دە،
دەيتتىڭ شائىرمەن يازمەن ئەينى.
مەن مۆكۈپ قويغاندا قۇرلاردىن بەزەن
گېلىمنى سىقاتتىڭ بېرىپ ئەدەپنى.
شۇندىمۇ يوشۇرۇن گۆڭگا تۇس ئېلىپ
شېئىر قىپ تۇرغانتىم يازغان نەرسەڭنى.

مېنىڭدىن ئايرىلىپ يازسەن قانداق
بىرەلمەس سىياھىڭ قەلەمگە قانات.
ياخشىسى ئۆزۈڭنى تاپشۇرغىن ماڭا
مەندىدۇر رېئاللىق يۈكلىگەن سوراق.

سەن مېنى ھەمىشە بوغۇپ قويسەن
كېڭەيمەس ئىلكىڭدە مېنىڭ كەڭلىكىم.
ئۆزۈڭمۇ يارىلىپ تۇرمايسەن زىنھار
چۈشەيسەن تور يېيىپ ھەممىنى بەلكىم.

زامان ۋە مەڭگۈلۈك ئاراشلىرىدىن
چىقارمەن بولدۇقلاپ ئەلمىساق كەبى.
بوۋايمەن ھەممىنى يەتكەن چۈشىنىپ
بوۋاقمەن سىرلارغا چۆمگەنلىكەن سەبى.
بىر گۈزەل ئەپسانە ماڭا بۇ دۇنيا

رىلىڭ بىلەن تىنىقتا چىقىمەن قورۇپ.
بىھاجەت مەن ئۈچۈن سىستىما ئەندىز،
ھاياتنىڭ بىقىياس چەكسىز ئېقىمى
كەۋدەمدۇر تارىخقا چىقىلغان ئويۇپ.

ئاھ، ئايان بولسەن چاڭقاشلىرىڭدا
كېزىمەن ئىچىڭنى قۇرغاق شامال بوپ.
ئىچىسەن ئاتەشنىڭ زەم ـ زەم شەكلىنى
تاشقىنلار كۆزۈڭدە چۆللەر ئۆلگىيىپ.

بىردىنبىر چىنلىقمەن ئىنسانلارغا خاس
بىراۋغا ئەگىشىپ چالمايمەن ناغرا.
ھېچكىممۇ مەيلىمنى ئالالماس سېتىپ
ئورنۇم بار خۇدادەك يۈكسەكتە گويا.

ئەگەر مەن گېپىڭگە كۆنسەم ھازىرلا
قالىمەن گۈپپاڭچى سولتەككە ئوخشاپ.
ئۆزۈڭدەك چۈپرەندە ئەيلەيسەن مېنى
نەزەربىيە ۋە ھەرخىل رامكىغا سولاپ.
سەنئەتلىك تەركىبىم تاشلىنار ئېلىپ
چاچىمەن ۋاستە بوپ مۇددىئايىڭ بويلاپ.

دەيسىنا سەن تېخى مەن ئۇلۇغ شائىر
نەدىمۇ شائىردەك بولسۇن سىياقىڭ.
ياشايسەن خۇشپىچىم بەچچىدەك ئەپلەپ
ۋە كوت ـ كوت خوتۇندەك سېنىڭ يۈرىكىڭ...

ئۆتتى ئاھ بۇ گەپلەر جېنىمدىن بەك جاق
ئۆلەي دەپ ئۆزۈمنى بوغدۇم گېلىمدىن.
بىر ياندا كۆلگىنچە تۇراتتى روھىم
ـتېزئۆل، ـ دەپ، ـ ئىچىمەن سېنىڭ قېنىڭدىن.

لېكىن ھېچ ئۆزۈمنى ئۆلتۈرەلمىدىم
قورقتىم مەن ئۆلۈمدىن تاتلىقكەن جېنىم.
بىلدىمكەن بۇنىمۇ مۇنەكباش روھىم
چۆمۈلۈپ مەسخىرە، مازاققا سۈدەك
روھىمنىڭ ئالدىدىن دەربەدەر قاچتىم...

4

بولدۇمغۇ ئاھ ئەمدى رەسۋايى ـ ئەزىم
ئېچىنىق بۇ روھىمغا بولدۇم مەن ماكان.

يا مۇزدۇر بولسامچۇ پاكى بىر ئاشپەز
ئىشقا سېپ ئەقلىمنى يول تېپىشقىلا
بۇنداق دەرد ـ ئەلەمگە قالمىسام هامان.

يا بولۇپ قەلەندەر قاسماق چاپانلىق
تىلسەم ئۆيمۇ ـ ئۆي چېلىپ ساپايى.
شۈكرى قىپ ياشىسام بىر پارچە نانغا
دۇنيادىن، هاياتتىن بولۇپ هەم خالى.

روھىمغا چەكتۇرۇپ قويسام نەشىنى
كۈنۈ ـ تۈن مەست ـ ئەلەس يۈرسە ئۇيقۇلۇق.
بىرئۆمۈر جەننەتتەك ياشار ئىدىم مەن
ئۆتمەستى كۈنلىرىم بۇنچە قايغۇلۇق.

تاك قىلىپ چېكىلدى تېنىم شۇ مەھەل
تۇراتتى ئالدىمدا روھىم بەھەيۋەت.
ئىچىمنى ئۇ ئەينى تۇرۇپتۇ كۆرۈپ
چاچقىنچە ئەتراپقا نۇر ۋە سەلتەنەت.

قېنى خوش دېدىم مەن روھىمغا شۇئان
بىزارلىق ئىلكىدە تېنىمگە چىللاپ.
ئۇ دادىل يامرىدى تېنىمگە تامام
ۋە ئالدى بېشىمدىن مەھكەم قاماللاپ:

ـ ئەمدى سەن مۇغەمبەر ياشاپ مۇردىدەك
مېنىمۇ بىقەرەل قەستلىمەكچىمۇ.
بىلىپ قال لۈكچەك دەپ ئېتىم بار مېنىڭ
ئەمدىكى رىت ـ تەرتىپ كەپقالدى ساڭا
يانمايمەن پەيلىمدىن ئىلاھ كەلسىمۇ.

... ...
تېنىمدىن هەر تەرەپ چاچرىدى نالە:
ـ ۋاي ئۆزۈڭ ئىدىڭغۇ مېھرىبان ئادىل.
بەردىڭغۇ باغرىمدىن مەڭگۈلۈك ماكان،
ياخشىغا يامانلىق قىلامسەن ئەمدى
مەن ئۆلسەم كىم ساڭا بولىدۇ كېپىل.

سېنى دەپ ياشىدىم ئەي لۈكچەك روھىم
سېنى دەپ يارالدىم ئالەمگە بالدۇر.
سېنى دەپ ھەممىگە كەلدىم مەن كۆنۈپ
مۇغەمبەر هەم ناپاك ئاتىلىپ مەغرۇر.

سېنى دەپ ئەسكەرتىپ كەلدىم شەكلىڭنى
سېنى دەپ سىرماقچى بولدۇم بولۇڭنى.
سېنى دەپ ئۆزۈمنى كەلدىم خورىتىپ
چاچتىڭسەن مەن بىلەن هەرنە نۇرۇڭنى.
مەن ئۆلسەم ئۆزۈڭمۇ ئۆلىسەن تەھقىق
ساڭا شان بېرىلمەس قايتىلاپ زامان.
ياۋاش بول ئۇزاقراق ياشاي دېسەڭ گەر،
ھەمدەمدە بولماي مەن مېنى ئۆلتۈرۈش
كەلمەيدۇ شەكلىسىز قولۇڭدىن هامان.

ـ ئۆلۈشنىڭ شەكلىمۇ ئوخشىماس هەرگىز
مەن ئۆلسەم قالىدۇ ئەكس ساداھىم.
مەن سېنىڭ ئەبەدلىك ئاسىيىڭ بىلسەڭ
ئايلىنار بايرامغا هەر بىر گۇناھىم.

دەل ئۆزۈڭ ئۆزۈڭگە قەتلىگاھ بۇندا
جاللاتمەن ئىلاھتەك يۈكسەكتە تۇرغان.
ئۆلسەن، مەن يەنە كۆرمىڭ شەكلىدە
تەبىئەت روھىدا بولىمەن ئايان.

تاشلاندى هەر تەرەپ روھىم بۆرىدەك
ئېتىلدىم مەنمۇ هەم ئاڭا دىرىلدەپ.
قايسى خىل گۈمپىنى ئىشلەتسە روھىم
مەنمۇ شۇ شەكىلدە توستۇم تىرمجەپ.

ئاھ قاتتىق ئېلىشىش قىلماقتا داۋام
مىڭ ئۆلۈپ، تىرىلىپ ياشىماقتىمىز.
روھىمغا مەن رەقىب، روھىم ماڭا هەم
ۋاقىتقا قاسراقلار تاشلىماقتىمىز.

سۆكىمەن روھىمنى ، روھىم هەم مېنى
ئېتىراپ قىلمايمىز قىيامەتكىچە.
روھىمغا مەن شەكىل روھىم ماڭا هەم
دوزاخ ۋە جەننەتنى سىزىپ قايتىدىن،
ئۇرۇشقاق، قىمارۋاز، هاراقكەشلەردەك
بارىمىز ئىلاھنىڭ ئىشىكىگىچە.

بىلىمەن ۋە لېكىن شۇنى بەك ئېنىق
ئۆزۈمنىڭ شەكلىدە هاسىل قىپ مېنى
روھىمنىڭ ئىلكىدە سوقار يۈرىكىم.
روھىممۇ بىلىدۇ شۇنى بەك ئېنىق
ئۆزىنىڭ لۈكچەكلىك قىلىشى ئۈچۈن
بىر مەنلا ئەڭ ياخشى بېپايان زېمىن!...

# تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى ئىنسان قارىشى توغرىسىدا

نۇرمەتجان ئابدۇراخمان

ئىنساننىڭ ئەسلى ماھىيىتى نېمە؟ ياكى ئىنسان دېگەن نېمە؟ ــ بۇ ئىنسانىيەت ئۆز تارىخىدا ئۈزلۈكسىز ھالدا جاۋاب ئىزدەپ كېلىۋاتقان بىر چوڭ سىر. كارل ماركس «تارىخ ــ ئۆز مەقسىتى يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىنتىلىپ كېتىۋاتقان ئىنساننىڭ پائالىيىتىدىنلا ئىبارەت» دېگەنىدى.(1) شۈبھىسىزكى، ئىنتىلىۋاتقان بۇ مەقسەتلەرنىڭ ئالدىنقىسى يەنىلا ئىنساننىڭ ئۆزى ئىدى.

ئىنسانىيەت تارىخى ــ ئىنساننىڭ ئۆزلۈك تارىخى. شۇڭا مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى بىلىش تارىخى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بىز بۇ تارىخنىڭ ھەربىر بەتلىرىدە مەيلى روشەن ۋە مەيلى غۇۋا بولسۇن، ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ ئىزلىرىنى كۆرىمىز.

مەلۇمكى، تارىختىكى ھەرقانداق بىر دىنىي، پەلسەپىۋى ياكى ئىجتىمائىي تەلىماتلاردا ئىنسان ھەققىدىكى قاراشلار ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ «ئىنسان»دىن ئىبارەت بۇ سىرنى يېشىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرى يارقىن ئىپادىلەنگەن. دىنىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسىمۇ مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى تونۇش يولىدىكى ئىنتىلىشلىرىنىڭ نەتىجىسى.

قەدىمكى يۇناننىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى V ئەسىردە ئۆتكەن پەيلاسوپى پروتاگور (Protagoras) ئىنساننى كائىناتتىكى شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكىنىڭ ئۆلچىمى قىلغان بولۇپ، «ئىنسان كائىناتنىڭ مىزانى» دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئۆتكەن ماتېرىيالىست پەيلاسوپى ۋاڭ فۇجى (1616 ــ 1692) بولسا، «ئىنسان كائىناتنىڭ روھى» دەپ تەبىر بەرگەن. ھىندىستاننىڭ ئەڭ قەدىمكى دىنىي، پەلسەپىۋى ئەسىرى بولغان «ئۇپانىشاد»دا «ئىنساندىن مۇھىمراق ھېچنەرسە يوق» دېيىلگەنىكەن.

«قۇرئان»دا ئېيتىلىشىچە، ئاللا ھاياتلىقتىكى تۇنجى ئىنسان ــ ئادەمنى ياراتقاندىن كېيىن ئەرشتىكى بارلىق مەلائىكە، پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا (ئادەمگە) باش ئېگىپ سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان. ئىبلىس (شەيتان) سەجدە قىلىشتىن باش تارتقىنى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك لەنەتكە دۇچار بولغان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئىسلام دىنىدىمۇ ئىنساننىڭ يارىتىلىشتىنلا ئاللا تەرىپىدىن ئۇلۇغلانغانلىقى سۆزلەنگەن.

مانا شۇ زېمىن ئىچىدە دۇنياغا كېلىپ راۋاجلانغان تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدە ئەڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان مەسىلە ــ ئىنسان ئىدى.

تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ قارىشىچە، ئىنسانمۇ ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسى بولۇپ، كۆرۈنۈشتە (سۈرەتتە) مەۋجۇت، ئەمەلىيەتتە بولسا پەقەت ئەسلى بارلىق بولغان «ۋۇجۇدى مۇتلەق»لا مەۋجۇتتۇر. لېكىن «ۋۇجۇدى مۇتلەق»نىڭ تەجەللىسى دەپ قارالغان ئىنسان، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدە پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەنىدى. شۇڭا بەزى تەتقىقاتچىلار تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى «ئىنسان مەركەزلىك» پەلسەپە دەپمۇ ئاتىغان.(2)

تەسەۋۋۇپنىڭ قارىشىچە، كائىناتتىكى باشقا شەيئىلەر ئاللا سۈپەتلىرىنىڭ («سىفاتى ئىلاھىيە») تارقاق ياكى قىسمەن ھالدىكى تەجەللىسىدىن ئىبارەت. ئەمما ئىنسان بولسا ئاللانىڭ پۈتۈن سۈپەتلىرى تولۇق مۇجەسسەملەشكەن ھالدىكى تەجەللىسى بولۇپ، ئىنساندا ئاللانىڭ ھەممە سۈپەتلىرى مۇجەسسەم ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، ئىنسان «نۇسخەئى ئەسرارى ئىلاھى» (ئاللا سىرلىرىنىڭ نۇسخىسى) بولۇپ، «ھۆسنى مۇتلەق» ئىنسان ئارقىلىق ئۆز گۈزەللىكىنى (ھۆسنىنى) كۆرگەن، يەنى ئاللا

ئىنساندا ئۆز سىرلىرىنى نامايان قىلغان. ھەتتا غەززالى ئۆزىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ئەسىرى «ئىھيائى ئۇلۇم ئەددىن» (دىن ئىلىملىرىنىڭ تىرىلىشى)دە، پەيغەمبەرنىڭ «ئاللا ئادەمنى (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) ئۆزىگە ئوخشىتىپ خەلق ئەتكەن (ياراتقان)» دېگەنلىكىنى قەيت قىلىپ، بۇ سۆزنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى (روھىي جەھەتتىكى) ئوخشاشلىقتا، يەنى ئەقىل بىلەن ئىدراك قىلىشقا بولىدىغان، ئەمما كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ئىچكى ئوخشاشلىقتا قارىتىلغانلىقىنى ئىزاھلايدۇ.(3)

ئىبن ئەرەبىمۇ «فۇسۇسۇل ھىكەم» ناملىق ئەسىرىدە «ئىنسانغا ئىھتىمام كۆرسەتكەن (يەنى ئىنسانغا ئەھمىيەت بەرگەن) كىشى ئاللاغا ئىھتىمام كۆرسەتكەن بولىدۇ»، «ئاللا ئىنساننى شۇقەدەر ئۇلۇغلىغانكى، كۆكلەر ۋە يەرلەردىكى ئەڭ ئالىيدىن ئەڭ تۆۋەنگىچە قەدەر ھەممە شەيئىنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بەرگەن» دەپ يازىدۇ.(4) ئۇ يەنە ئىنسان «زاتەن ۋە سۈرەتەن (ماھىيەت ۋە سىرتقى شەكىل) جەم ۋە تەپسىلىي، زاھىرەن ۋە باتىنەن (تاشقى ۋە ئىچكى جەھەتتە) ھەقنىڭ تولۇق تەجەللىسىگە ئېرىشكىنى ئۈچۈن، ئىنسانسىز ئالەمنىڭ كامالى زۇھۇرغا (تولۇق كۆرۈنۈشكە، تولۇق نامايان بولۇشقا) قابىلىيىتى يوقتۇر... ھەزرىتى ئىلاھىيەتتە بولغان جەمئىيەتى ئەسمائىييە ئىنساندا زاھىردۇر. (يەنى ئىلاھىيەت مەرتىۋىسىدىكى بارلىق ئىسىملارنىڭ يىغىندىسى ئىنساندا نامايان بولغان)... زۇھۇر جەھەتى بىلەن (كۆرۈنۈش جەھەتتىن) ئادەم ئالەمنىڭ نەتىجىسى ۋە سەمەرىسىدۇر» دەيدۇ.(5)

بۇ پىكىرنى بىز ئىبن ئەرەبىيدىن ئىلگىرى ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ئۆمەر ھەييام (1048 ـ 1122)دىمۇ ئۇچرىتىمىز:

دۇنيانىڭ تىلىكى، سەمەرىمۇ بىز،
ئەقىل كۆزىن قارىسى ـ جەۋھىرىمۇ بىز.
دۈگىلەك جاھاننى ئۈزۈك دەپ بىلسەك،
شەكسىز ئۇنىڭ كۆزى ـ گەۋھىرىمۇ بىز.(6)

مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ قارىشىچە، كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇدات ئىنساندا مۇجەسسەملەشكەن. چۈنكى كائىناتتىكى باشقا شەيئىلەردە قىسمەن، تارقاق ھالدا تەجەللى بولغان ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنساندا توپلانغان. شۇڭا كائىناتتىكى ھەرقانداق شەيئىنىڭ بەلگىلىرى ئىنساندا بار. جالالىددىن رۇمى بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ:

ھەر نېمىكى مەۋجۇت بولسا ئالەمدە،
ئىمسالى ئۇنىڭ باردۇر ئادەمدە.(7)

شۇڭا ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بارلىق شەيئىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كائىنات «ئالەمى كۇبرا» (ماكرو ئالەم) بولسا، مانا شۇ ماكرو ئالەمدىكى ھەممە نەرسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئىنسان «ئالەمى سۇغرا» (مىكرو ئالەم) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياكى كائىنات بىر «چوڭ كىتاب» بولسا، ئىنسان مانا شۇ كىتابنىڭ ھەممە مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «كىچىك كىتاب»تۇر.

لېكىن بىر قىسىم مۇتەسەۋۋۇپلار خۇددى دوكتور فۇئاد كۆپرۈلۈ ئېيتقاندەك، بۇنىڭغا قانائەتلەنمەستىن ئىنساننىڭ «ئالەمى كۇبرا» كائىناتنىڭ بولسا «ئالەمى سۇغرا» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. جالالىددىن رۇمى ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىدى.

«گەر كۆرۈنۈشتە بولساڭمۇ ئالەمى ئەسفەر،
ھەقىقەتتە سەندۇرسەن ئالەمى ئەكبەر.»(8)

دېمەك، جالالىددىن رۇمىنىڭ نەزىرىدە، ئىنسان گەرچە كۆرۈنۈشتە «ئالەمى ئەسفەر» (كىچىك ئالەم، مىكرو ئالەم) بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە «ئالەمى ئەكبەر» (چوڭ ئالەم، ماكرو ئالەم)دۇر.

تەسەۋۋۇپتا ئىنساننىڭ بۇ قەدەر يۈكسەك ئورۇنغا قويۇلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى ـ ئىنساننىڭ كۆڭلى (قەلبى)نىڭ ئاللانىڭ سىرلىرىنىڭ ماكانى دەپ قارالغانلىقىدا ئىدى. يەنى ئىنسان «نۇسخەئى ئەسرارى ئىلاھى» بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق مۇقەددەس دەپ قارالغان. جالالىددىن رۇمى بۇنى تۆۋەندىكى مىسرالىرىدا ئېنىق بايان قىلىدۇ: «سەن ئىلاھى سىرلارنىڭ نۇسخىسىدۇرسەن؛ سەن شاھ جامالىنىڭ (ئاللا گۈزەللىكىنىڭ) ئەينىكىدۇرسەن. ئالەمدىكى ھەرقانداق نەرسە سەندىن تاشقىرى ئەمەستۇر. سەن نېمىكى ئىزدىسەڭ ئۆزۈڭدىن ئىزدىگىن».(9)

شۇڭا ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ئىنسان ئاللانى سىرتقى ئالەمدىن ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ ئۆزىدىن ئىزدىشى لازىم. چۈنكى ئىنساننىڭ قەلبى ئاللانىڭ كەبىسى، يەنى ئاللانىڭ ئۆيىدۇر. شۇڭا جالالىددىن رۇمى «مەسنەۋى»سىدە:

ئاياسىز جان چېكىپ ھەرلەھزە ئىزدەيسىز ئىلاھىنى،
ئانى ئىزدەشكە ھاجەت يوق، ئىلاھى ـ سىز، ئىلاھى ـ سىز!(10)

دەيدۇ. ئۇ يەنە:

بىر جان بار جىسمىڭدا ئۇ جاننى ئىزدە،
بەدەن تېغىدىكى سىرلىق جەۋھەرنى ئىزدە!
ئەي كېتىۋاتقان دوست، پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن

ئىزدە،
ئەمما سىرتتىن ئەمەس، ئىزدىگىنىڭنى ئۆز ئىچىڭدىن ئىزدىما(11)

دەپ خىتاب قىلىدۇ. يۇنۇس ئەمرامۇ (1240 ـ 1320) ئۆز شېئىرلىرىدا:

ھەق جاھانغا تولغاندۇر، كىمسىلەر ھەقنى بىلمەس،
ئۇنى سەن سەندىن ئىزدە، ئۇ سەندىن ئايرىم بولماس.(12)

دەيدۇ. ئۇ بۇ پىكىرلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بايان قىلىپ شۇنداق دەيدۇ:

كۆپ تىرىشىپ ئىزدىدىم، يەرۇ ـ كۆكنى ئىزدىدىم.
ھېچبىر ماكاندىن تاپالمىدىم، تاپتىم ئىنسان ئىچىندە.(13)

ئەزەربەيجان شائىرى سەيد ئىمادىددىن نەسىمى (1369 ـ 1417) مۇ ئىنساندا ئاللانىڭ سىرلىرى بارلىقىنى قەيت قىلىپ شۇنداق دېيدۇ:

ھەرنە بار ئادەمدە بار، ئادەمدىن ئىزدە ھەقنى سەن،
ئولما ئىبلىس شەقى ئادەمدە سىررۇللاھ بار.(14)
(ھەر نېمە بولسا ئادەمدە بار، ھەقنى ئادەمدىن ئىزدە،
ئىبلىس (شەيتانغا)قا ئوخشاش شەقى بولما، ئادەمدە ئاللانىڭ سىرلىرى بار) نەسىمىمۇ ئىنساندا ئاللانىڭ سىرلىرى بار، سەن شەيتانغا ئوخشاش ئادەمگە باش ئېگىشتىن بويۇن تاۋلاپ لەنەتكە ئۇچرىمىغىن، دېيىش ئارقىلىق ئىنسان قەلبىدە ھەق سىرلىرى بارلىقىنى ئېيتىدۇ.

پەرىدىددىن ئەتتارمۇ «مەنتىقۇت تەير» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە، «نېمىكى ئىزدەۋاتقان بولساڭ، نېمىكى ئېيتىۋاتقان بولساڭ، ئۇ سەن ئۆزۈڭسەن، ئۆزۈڭنى چۈشەن، يۈز مەرتىۋە ئۆزۈڭنى چۈشەن»(15) دەپ خىتاب قىلسا، ئۇنىڭ مەزكۇر ئەسىرىنىڭ تەسىرىدە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى بايان قىلىپ، «لىسانۇت تەير»نى يازغان ئەلشىر ناۋائى شۇنداق دەيدۇ:

مۇندە گەر ياخشى تەخەييۇل ئەيلەسەڭ،
ياكى ئىشق سىرىن تەئەممۇل ئەيلەسەڭ،
مۇتتەسىف بولساڭ سىفاتىللاھ ئىلە،
جەزىم ئېتەرسەن خاتىرى ئاگاھ ئىلە.
كىم سەن ئۇق، سەن ھەرنەكىم مەقسۇد ئېرۇر،
سەندىن ئۆزگە يوق نېكىم مەۋجۇت ئېرۇر.
زاتىڭ ئىجمالىغە تەفسىلسەن،
ھەم ۋۇجۇت ئىشكالىغا تەۋىلسەن،
ئۆز ۋۇجۇدۇڭنى تەفەككۇر ئەيلەگىل،
ھەرنە ئىستەرسەن ئۆزۈڭدىن ئىستەگىل.(16)

بۇ مىسرالارنىڭ مەنىسىنىڭ تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن موللا سىدىق يەركەندىنىڭ نەسرى يەشمىسىنىمۇ ئىلاۋە قىلىمىز: «ئەگەر سەن بۇنى چوڭقۇر ئويلاپ كۆرسەڭ ياكى ئىشق سىرلىرىنى دىققەت بىلەن مۇلاھىزە قىلساڭ، ئۆزۈڭ ئاللانىڭ سۈپەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ كېتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكىنىڭدە، ھوشيار دىلىڭدا مۇنۇ سۆزلەرنى ئېيتىشقا جۈرئەت ھاسىل بولغانلىقىنى سېزىسەن: ياراتقان ھەممە نەرسىدىن ئاساسىي مەقسەت پەقەت سەن ئۆزۈڭ! سېنىڭ زاتىڭدىن باشقا ھېچنەرسە مەۋجۇت ئەمەس! سەن ئۆز زاتىڭ بىلەن ھەم ئىخچام، ھەم تەپسىلىيسەن. شۇنداقلا بارلىق مۈشكۈللەرنى چۈشىنىپ يەتكۈچىدۇرسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ۋۇجۇدۇڭ ھەققىدە تەپەككۇر قىلغىن، نېمىنى ئىزدىمەكچى بولساڭ ئۆزۈڭدىن ئىزدىگىن»(17).

تۈركىيىلىك ئالىم ئەھمەد ھىلمى ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئىسلام تارىخى» ناملىق ئەسىرىدىكى تەسەۋۋۇپقا دائىر بايانلاردا تۆتىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەلىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ:

«دەردىڭنىڭ چارىسى سەندە ۋە چۈشىنىشكىدىدۇر،
خەستىلىكىڭمۇ ئۆزۈڭدىن ۋە كۆرۈنۈشكىدىدۇر.
سەن ھەر شەيئىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان شۇنداق بىر كىتابسەنكى،
يوشۇرۇن سىرلار سېنىڭ ھەرپلىرىڭ بىلەن زۇھۇرغا كېلۇر.
سەن ئۆزۈڭنى كىچىككىنە بىر جىسىم ھېسابلايسەن،
ھالبۇكى، ئەڭ بۈيۈك ئالەم سەندە توپلانغاندۇر.
ئۆز سىرتىڭدا ھېچبىر نەرسىگە ئېھتىياجىڭ يوقتۇر،
چۈشەنچەڭ سەندە ۋە چۈشەنگەن نەرسەڭ سەندىدۇر»(18).

ئېھتىمال ئەلىنىڭ بۇ سۆزىمۇ تەسەۋۋۇپتىكى يۇقىرىدىكىدەك پىكىرلەرنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىدىكى ئىنساننى ئۇلۇغلاش ئىدىيىسى شۇقەدەر يۇكسەك گۇمانىستىك روھنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنىدىكى، بۇ روھنىڭ تېگىدە يوشۇرۇن ئىنسانىيەتكە بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببەت

يـوشۇرۇنغانىدى. بىز بۇ خىل ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ئىچىدە دىن، مىللەت، ئىرق، تەبىقە ئايرىمىسى بولمىغان ھالدىكى پۈتـۈن ئىنسانىيەتكە بولغان ئىنسان سۆيگۈسىنى؛ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ قەلبى ئەسلىدە بىر، ھەممە ئىنسانىنىڭ قەلبى تۇتاش، شۇڭا ھەممە ئىنسان بـاراۋەر، ئـوخشـاش دېيدىغان ئۇلۇغۋار ئىدىيىلەرنى كـۆرىـمىـز. بـۈيـۈك مۇتەپەككۇر جالالىددىن رۇمى «ئىنسانىنى سۆيمەك ئاللانى سۆيمەكتۇر» دەيدۇ. شۇڭا ئۇ پۈتكۈل ئىنسانلارغا قارىتىپ:

كەل، كەل! مەيلى كىم بولساڭ كەل!
كاپىرسەن، ئاتەشپەرەس ۋە ياكى بۇتپەرەس بولساڭمۇ كەل!
بـۇ بىـزنىـڭ دەرگاھىمىز ئۈمىدسىزلىك دەرگاھى ئەمەستۇر،
مـەيلـى يـۈز مـەرتە تەۋبەڭنى بۇزغان بولساڭمۇ كەل!(19)

دەپ خىتاب قىلىدۇ. بۇ بۈگۈنكى كۈندە ئەمەس، بۇنىڭدىن يەتتە يۈز يىل ئىلگىرى ياڭرىغان خىتابلار! بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇنداق روھ بىلەن تولغان يارقىن خىـتـابلار كـەمدىـنكـەم ئـاڭلىنىدۇ. شۇڭا تۈركىيە تـەتقىـقـاتچىسى مۇئەممەر يىلماز «مەۋلانىدا ئىنسان سۆيگۈسى» ناملىق ماقالىسىدە ناھايىتىمۇ ھەقلىق ھالدا: «مـەۋلانـىـنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەر سۆزى بىرلىك، قېرىـنداشلىق بىلەن تولغان. خىتاب قىلىشى پۈتۈن ئىـنسانغا، ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان، ئۇنىڭ ئىنسان ۋە ئىـنسـانىيەت چۈشەنچىسى باش - ئاخىرى بولمىغان چەكسىز بىر دېڭىزدۇر» دەپ يازىدۇ.(20)

جـالالـىددىـن رۇمـى يـەنە شۇنداق مۇراجىئەت قىلىدۇ:

ئاشۇ ئەھمەدمەنۇ، ئەمما بۇرۇنقى ئەھمەد ئەمەسمەن،
سەمەندەر قۇشمەنۇ، لېكىن بۇرۇنقى دانىنى يېمەسمەن.
بار ئىدىكىم شۇنداق بىر شاھ، ئارزۇ قىلار ئىدى ئۆزگە شاھلار،
ئاشۇ شاھ - ئۆزۈم، لېكىن بۇرۇن سەن كۆرگەن ئەمەسمەن.
ئۇنىڭ دەۋرانى ئۆتتى، ھەق بۈگۈن مەن، بىر بەنى ئادەم،
ئېيتىپ بۇ نۇقتىنى شۇنداق، يېقىلدى نەچچە دانىشمەن.
ئىچەرمەن قەدەھ - قەدەھ بۇ ھەقىقەت شەربىتىن،
ئەمما،
تۇرارمەن مۇستەھكەم قەدەمنى شىردەك تۇتۇپ ياتا.
ۋەلىيدۇرسەن ۋە يا مەستۇخۇمار - بۇ مەن ئۈچۈن پەرقسىز،
كۈنگە جۈمەمۇ، يەكشەنبىمۇ - بۇ سەن ئۈچۈن پەرقسىز.

بۇ مىسرالار ھەققىدە رادى فىش «جالالىددىن رۇمى» ناملىق كىتابىدا «جۈمە - مۇسۇلمانلارنىڭ، يەكشەنبە خرىستىئانلارنىڭ مۇقەددەس كۈنى. لېكىن شائىر ئۈچۈن بارلىق دىن، مەزھەب باراۋەر. ئۇ پۈتۈن دۇنياغا، ئىرقى، دىـنـى، مـىللـىتى، تەبىقىسىدىن قەتئىينەزەر، بارچە ئىـنسـانلارغـا ئـورتـاق مـۇراجـىئەت قىلىدۇ» دەپ يازىدۇ.(21)

مـەۋلانىنىڭ يېقىن سىردىشى بولغان شەمسىددىن تەبرىزى بولسا بۇ پىكىرلەرنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، «ماڭا كاپىرنى كۆرسەت، مەن ئۇنىڭغا سەجدە قىلاي. مېنى كاپىر دەپ ئاتا، مەن سېنى تاۋاپ قىلاي. كۇپۇر - ئىماندا، ئىمان - كۇپۇردىدۇر» دەيدۇ.(22) ئۇ يەنە، «ھەممىنىڭ يۈزى كەئبىگە قارىغان، كەئبىنى ئېلىۋەتسەڭ مـەلـۇم بولىدۇكى، ئىنسانلار بىر - بىرىنىڭ قەلبىگە سېـغـىـنـىـدۇ. بىـرىـنـىـڭ قەلبى - باشقىسى ئۈچۈن سـەجدىـگـاھ» دېـگـەنىدى.(23) مەۋلانە بولسا بۇ پىكىرلەرنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەپ، «سەن مەندۇرسەن، مەن سەندۇرمەن. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۆزىمىز بىلەن مۇنچە سوقۇشۇشنىڭ نېمە پايدىسى؟... دۇنيادا نەچچە خىل تىللار بار، ئەمما مەنە نۇقتىسىدىن ھەممىسى بىر» دەيدۇ.(24) ئۇ بۇ ئىدىيىسىنى ناھايىتىمۇ ئوبرازلىق قىلىپ تۆۋەندىكى بىر ھېكايەت بىلەن بايان قىلغانىدى:

مېڭىشقانىدى تۈرك، ئەرەب، پارس ھەم يۇنان،
شۇندا كىمدۇر بىرى ئىشقىلىپ بىر مېھرىبان -
سەدىقە، دەپ بىر تەڭگە سوۋغات قىلدى ئاڭا.
پارس دېدى: «بارايلى بازارغا دەرھال،
ئەنگۇر(3)(2) ئۈزۈم دېگەن سۆز.ئالايلى بۇ پۇلغا ھەممىدىن ئاۋۋال!»
«قـوي بـۇ گېـپـىڭنى، - دېدى كېسىپ سۆزنى ئەرەب،
ئـەينـەب (2) ئالساق بۇ پۇلغا، ياخشى بولمامدۇ ئەجەب!»
تۈرك دېدى: «بىھۇدە بۇ گەپلەرنىڭ بەرى،
مېنىڭلەر ئىچىدە ئۈزۈمدۇر سەردارى!»
شۇندا بۇيانلىقمۇ قىستۇردى بىر سۆز:

قاراڭلار، ستاقىل(3) ئالايلى بۇنىڭغا ھەممىمىز!»
بەس، ئۇلار بىر قارارغىمۇ كېلىشتى،
لېكىن چۈشەنمەي ئالاشتى، غەۋغا قىلىشتى.
ھەممىسىنىڭ ئارزۇسى پەقەت ئۈزۈم ئىدى،
پەرقىلا پەقەت ئۆز تىلىدا ئۈزۈم دېدى.
لېكىن ئارىغا چۈشتى بىر شۇم جاھالەت،
جىڭ، قوۋۇرغا يەپ ئەدەپ، بولدى جاراھەت.
غاپىلۇ غەپلەت، سۆزدىن ماجىرا!
بىزنىڭكى بىرلىك بىلەن سۇلھۇ سالاھ...(25)

جالالىددىن رۇمى ئۆزىدىكى يۈكسەك ئىنسان سۆيگۈسى بىلەن يەنە شۇنداق دەيدۇ: «ماڭا ۋەھدەت (بىرلىك) مەيىنى تۇتقىن. باشقىلارنىمۇ ئۇنىڭدىن بەھرىمەن قىل، تاكى جامائەت جەم بولۇپ، پەقەت سۈرەت شەكلىدىكى پەرقلەرنى بىر تەرەپ قىلايلى. بىز ھەممىمىز بېگانە دەرەخنىڭ شاخلىرى، بېگانە قوشۇننىڭ نەۋكەرلىرىمىز».(26). شۇڭا مەۋلانە ئىنسانىي يۇقىرى - تۆۋەن، باي - كەمبەغەل، مەلىكە - دېدەك دەپ ئايرىمايدۇ. ھەممە ئىنسان ئوخشاش، باراۋەر دەپ قارىغانىدى. ئۇ قىزى مەلىكە خاتۇننىڭ ئۆز دېدىكىگە ئازار بەرگىنىنى كۆرىدۇ - دە، ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ قىزىنى ئەيىبلەشكە كىرىشىدۇ: «نېمىشقا كېنىزەكنى ئازابلايسەن؟ نېچۈن ئۇنى يىغلىتىسەن؟ مۇبادا ئۇ خانىم (خېنىم)، سەن دېدەك بولۇپ قالغان بولساڭ قانداق قىلار ئىدىڭ؟ ياكى ساڭىمۇ دۇنيادا ئاللادىن باشقا ھېچبىرسىنىڭ قۇل - دېدىكى مەۋجۇت ئەمەس دەپ پەتىۋا بېرىشىم كېرەكمىدى؛ بىلگىنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز، بىزنىڭ قىزلىرىمىزدۇر...» بۇنىڭدىن قاتتىق خىجالەت بولغان مەلىكە خاتۇن ئۆزىنىڭ ئۈستۈبېشىدىكى زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى دېدىكىگە بېرىپ، ئۇنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىۋەتكەنىكەن.(27)

شۇڭا جالالىددىن رۇمىنىڭ نەزىرىدە، دۇنيادىكى ھەممە ئىنسانلار بىر، پەقەتلا ئىنسان، خالاس. «يەتمىش ئىككى مىللەت سىرلىرىنى بىزدىن ئاڭلايدۇ. بىز خۇددى بىر نەيگە ئوخشايمىز. ئىككى يۈز مەزھەب ئەھلى بىلەن بىر پەردە سۆزلىشىمىز»، «بىر پۈتۈم بىلەن ئىسلام پرىنسىپلىرى ئۈستىدە، يەنە بىر پۈتۈم بىلەن يەتمىش ئىككى مىللەتنى كېزىمەن» دەيدۇ مەۋلانە.(28)

ئۇنىڭ بۇ «يەتمىش ئىككى مىللەت بىلەن بىرمەن» دېگەن سۆزىدىن غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارىغان شۇ ۋاقىتتىكى قازى سىراجىددىن قەزۋىنى مەۋلانىنىڭ يۈزىنى تۆكۈش ئۈچۈن قول ئاستىدىكىلەردىن بىرىگە «سەن جامائەت ئارىسىدا مەۋلانىدىن شۇنداق دېسەڭ دەپ سورىغىن، ئەگەر ئىقرار قىلسا ئاغزىڭدىن كېلىشىچە سۆك، تىللاپ شەرمەندە قىل» دەپ بۇيرۇغانىكەن. ئۇ كىشى بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن كىشىلەر تازا يىغىلغان يەردە، مەۋلانىدىن يۇقىرىدىكى گەپنى سوراپتۇ. مەۋلانە «ھەئە، شۇنداق دېگەنمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن، ھېلىقى كىشى مەۋلانىنى ھاقارەتلەپ تىللاشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، مەۋلانە ئۇنىڭغا قاراپ تەبەسسۇم بىلەن «سېنىڭ دېگەنلىرىڭ بىلەنمۇ بىرمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.(29)

ئەلشىر ناۋائىينىڭ «نەسايىمۇل مۇھەببەت» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىنغان بۇ ھېكايەتتىنمۇ بۈيۈك مۇتەسەۋۋۇپ شائىرنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئىنسان سۆيگۈسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يۇنۇس ئەمرامۇ مەۋلانىگە ئاۋاز قوشۇپ شۇنداق دەيدۇ:

يەتمىش ئىككى مىللەتنى بىر كۆز بىلەن كۆرمىگەن،
شائىرنىڭ ئەۋلىياسى بولسىمۇ ھەقىقەتكە ئاسىيدۇر.

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى بۇنداق ئىنسانپەرۋەرلىك روھنىڭ يىلتىزى ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى «ئىشق» چۈشەنچىسىدە ئىدى. ئۇلار ئاللانىڭ سىرلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئىنساننى ئۇلۇغلاش ماھىيەتتە ئاللانى ئۇلۇغلاش دېگەنلىك؛ ياكى جالالىددىن رۇمىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «ئىنساننى سۆيمەك ئاللانى سۆيمەكتۇر» دەپ قاراشقانىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرىدا پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ قەلبى بىر تۇتاش، ئىنسانلار بىرلىشىشى، دوستلۇقتا ئۆتىشى كېرەك دېگەنگە ئوخشاش دىن، ئىرق، مەزھەب، مىللەت چەكلىمىسى بولمىغان ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ئەكس ئەتكەنىدى. ئۇلار مەنىۋى جەھەتتىن تاكامۇللىشىپ، مەنىۋىيەتتە ئەنە شۇنداق يۈكسەك روھنى ئورغۇتالىغان، ئەخلاقىي جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن ئىنسان — «كامىل ئىنسان» (ئىنسانىي كامىل) بولۇشنى ئۆزلىرىنىڭ غايىسى قىلغان. شۇڭا شەمسىددىن تەبرىزى، «ئىنسانىي كامىل — مەقسەت، ئالەمنىڭ گۈلتاجىدۇر» دەيدۇ.(30)

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدە ئىنسان پەۋقۇلئاددە ئۇلۇغلانغان بولۇپ، بۇ بىزگە تەسەۋۋۇپنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى تەپەككۇرىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلىغانلىقىنى، ئىنساننىڭ كائىناتتىكى

ئۇرنىنىڭ نەقەدەر يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى بۇنداق «ئىنسان مەركەزلىك» تەلىمات بىلەن دىسلەپكى قەدەمدە ئۇچراشقان كىشىدە، ئۇلارنىڭ بۇ قاراشلىرى ھەققىدە «ئىنسان دېمەك ئىلاھ دېمەكتۇر، خۇدا ــ ئىنساننىڭ ئۆزىدۇر...» دېگەنگە ئوخشاش چۈشەنچە ھاسىل بولۇپ، ئۇلارنى «خۇداسىزلار، ئاتېئىستلار...» دەپ ئاتىشى تۇرغانلا گەپ. ئورتودوكساللارنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى بۇ ئىدىيەلەرنى «دەھرىيلىك، بىدئەتلىك» دەپ ئەيىبلەشلىرىنىڭ ھەم بۇ پىكىرنى ياقلىغانلارغا زىيانكەشلىك قىلىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ يەردە ئىدى. چۈنكى، تەسەۋۋۇپتىكى ئىنسان قاراشلىرى ئەھلى سۈننەت ئەقىدىلىرىدىن خېلىلا چەتنىگەن بولۇپ، ئورتودوكساللار يول قويغان تەپەككۇر دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى.

لېكىن، بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ھازىرغا قەدەر بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ئىجتىمائىي - پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخىغا دائىر تەتقىقاتلىرىمىزدا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ئىنسان ئۇلۇغلانغان ئىدىيەلەر كۆپىنچە ھاللاردا مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ ئىدىيىسىدىكى «خۇداسىزلىق خاھىشى»، «ئاتېئىزملىق دۇنيا قاراش»نىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە ئىزاھلىنىپ كەلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە، شۇ مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيىسىنى ياخشى چۈشەنمەستىن، مىسرالارنىڭ زاھىرى مەنىسىگىلا ئاساسلىنىپ چىقىرىلغان بىر تەرەپلىمە خۇلاسە ئىدى، خالاس. ھەقىقەتتە بولسا، بۇنداق مەزمۇنلار بىز ئىزاھلىغاندەك «خۇداسىزلىق خاھىشى»نى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بىر خاھىشنى ئىپادىلەيتتى. شۇڭا، زۆرۈرىيەت تۇپەيلىدىن بۇ مەسىلىگىمۇ قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ قالغاچقا، بىز بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزنىمۇ ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز.

تەسەۋۋۇپتىكى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزگە ئوخشاش ئىنسان ھەققىدىكى قاراشلار، گەرچە كۆرۈنۈشتە مەنتىقە جەھەتتىن «ئىنسان دېمەك خۇدا دېمەكتۇر، ئىنسان خۇدا بولغانىكەن، دېمەك خۇدا يوق. ئىنساننىڭ ئۆزى خۇدادۇر» دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا ئىمكان بېرىپ، ئاتېئىزمغا پاكىت ئىزدىگۈچىلەرنى «يېمىرىلمەس» پاكىتلار بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارغا دەستەك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ پىكىرلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتى «ئاتېئىزملىق خاھىش»نىڭ تامامەن ئەكسىچە بىر خاھىشنى دەللىلەيتتى. يەنى خۇداسىزلىقنى ئەمەس، بەلكى خۇدا بارلىقىنى، بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىقنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى دەلىللەش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلارنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

مەلۇمكى، تەسەۋۋۇپ بىر دىنىي پەلسەپە (ئەلۋەتتە، دىنىي پەلسەپە بولسىلا ئۇنىڭدا ئاتېئىستىك ئىدىيە، خاھىش بولمايدۇ دېمەكچى ئەمەسمەن)، يەنە كېلىپ مونىستىك دىن (بىر خۇدالىق دىن) بولغان ئىسلام دىنى ئىچىدە بارلىققا كېلىپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان. ئۇنىڭ تەلىماتىنىڭ ئۇل تېشىنى ئىسلام دىنىدىكى ئاللانىڭ يەككە - يېگانىلىقى ھەققىدىكى ئەقىدىلەر تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئىسلام دىنىدىكى تۈپكى ئېتىقاد بولغان «لااله‌الاالله ــ ئاللادىن باشقا ئىلاھ (خۇدا) يوقتۇر» دېگەن ئەقىدىنى راۋاجلاندۇرۇپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «لاموجودالاالله ــ ئاللادىن باشقا مەۋجۇتلۇق (بارلىق) يوقتۇر» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. بۇ ئەمەلىيەتتە خۇدانىڭ يېگانىلىقىنى، ئۇنىڭ تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللەشكە تىرىشىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىقنىڭ يېگانە ئاللا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق بارلىقنىڭ ماھىيەتتە مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، پەقەت قۇرۇق سايە ئىكەنلىكىنى قەتئىي مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئارقىلىق، پۈتۈن ئالەمنىڭ پەقەت بىر ئاللا بىلەن مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، يەنى بارلىق مەۋجۇتلۇقنىڭ ئەسلى مەنبەسى ئاللا ئىكەنلىكىنى، ئاللا بولغاچقا ئالەمنىڭ بار ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، كائىنات پەقەت بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىق بولغان ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسىدىنلا ئىبارەت، يەنى ئاللا قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى دەپ قارىلىدۇ. ماقالىمىزنىڭ بېشىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئىنسان ئاللانىڭ بارلىق سۈپەتلىرىنىڭ مۇجەسسەم ھالدىكى تەجەللىسى بولغىنى ئۈچۈن، كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنىڭ بەلگىسى ئىنساندا بار (يەنى، كائىناتتا قىسمەن ھالدا تەجەللى بولغان سۈپەتلەر ئىنساندا جەملەنگىنى ئۈچۈن)، «ۋۇجۇدى مۇتلەق» ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئالەمگە تەجەللى قىلغان سۈپەتلىرىنى ئىنساندىن ئىبارەت بۇ كىچىككىنە «شەكىل» ئىچىگە ئىخچاملاپ، ھەممىنى ئۇنىڭغا سىغدۇرۇپ كۆرسەتكىنى ئۈچۈن، ئۇ ئۆز ھۆسنىنى (جامالىنى) مانا شۇ ئىنساندا كۆرگەن. شۇڭا ئىنساندا ئاللانىڭ قۇدرەت سىرلىرى جەملەنگەن بولۇپ، ئىنسان قەلبى ئەنە شۇ سىرلارنىڭ ماكانىدۇر. شۇڭا ئۇ سىرتقى

كۆرۈنۈشتە ئىنسان (يەنى يارىتىلغۇچى) بولغىنى بىلەن ھەقىقىي ماھىيەتتە بار بولغىنى، بەنىلا ئاشۇ قۇدرەت ئىگىسىدىن ئىبارەت، دەپ قارىغان. ئىبن ئەرەبىنىڭ بىز كۆرۈپ ئۆتكەن سۆزلىرىدىمۇ ئىنسان ھەممە تەرەپلەردە ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگىنى ئۈچۈن تەجەللى ئېتىبارى بىلەن كائىناتنىڭ جەۋھىرى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئۇ يەنە «بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز، پەقەت ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىلا دەلىللەيدۇ» دەيدۇ.(31)

مۇتەسەۋۋۇپلار ئىنساننىڭ مۇنداق مۇقەددەس، ئۇلۇغ بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى يەنە ئادەمنىڭ يارىتىلىشتىنلا ياراتقۇچى تەرىپىدىن ئۇلۇغلانغانلىقى (ئەرشتىكى بارلىق مەلائىكە، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا تەزىم قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى) ئۇنىڭ ھەتتا مەلائىكىلەردىنمۇ ئۈستۈن قويۇلۇپ، مەلائىكىلەر بىلمەيدىغان ئىلىملەر ئىنسانغا بىلدۈرۈلگەنلىكى قاتارلىق تەپسىلاتلارنىمۇ دەلىل قىلىپ كۆرسىتىمىز.

تەسەۋۋۇپتىكى ئىنسان قەلبىنىڭ ئاللانىڭ ماكانى ئىكەنلىكى، شۇڭا ئىنسان خۇدانى ئۆز قەلبىدىن ئىزدىشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى پىكىرلەرمۇ ھەدىسلەردە ئېنىق ئېيتىلغان. بىر ھەدىس قۇدسى (مۇقەددەس ھەدىس)دە، ئاللا نامىدىن شۇنداق دېيىلگەنىكەن: «مەن تۆۋەنگىمۇ، يۇقىرىغىمۇ، ئاسمانغىمۇ، زېمىنغىمۇ ماكان تۇتقان ئەمەسمەن. مەن ھەتتا ئەرشتىمۇ ئەمەس. بىلگىنكى، مانا بۇ ـ ھەق يولى، مەن ئەركىن ھالدا ئېتىقادى كۈچلۈك ئىنساننىڭ قەلبىگە جايلاشقانمەن. ئەگەر سەن مېنى ئىزدىسەڭ، ئېتىقادلىق ئىنساننىڭ قەلبىدىن ئىزدە»(32).

دېمەك، تەسەۋۋۇپتىكى «خۇدانى تاشقىرىدىن ئەمەس، ئۆزۈڭدىن ئىزدە» دېگەنگە ئوخشاش خىتابلار، ئىچكى ماھىيەتتە «خۇدا مەۋجۇت ئەمەس، ئىنسانلا مەۋجۇت» دېگەن پىكىرنى ئەمەس، بەلكى «ھەقىقەتتە ئىنسان مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت خۇدالا مەۋجۇت» دېگەن «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» قارىشىنى ئىپادىلەيتتى. شۇڭا ئۇلۇغ تۈرك مۇتەسەۋۋۇپ شائىرى يۇنۇس ئەمرا:

Her gelen oldur giden lo gorinen oldur goren lo

ULvi ve sufli cumleten oldur bana gorinen (33)

( ھەربىر كېلىۋاتقان ئۇدۇر، كېتىۋاتقانمۇ ئۇ، كۆرۈنۈۋاتقانمۇ ئۇدۇر، كۆرۈۋاتقانمۇ ئۇ،

ماڭا كۆرۈنگەن ئەڭ ئالىيدىن ئەڭ تۆۋەنگە قەدەر جىمى ئىنسان ئۇدۇر.)

دەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ قارىشىدا، ئىنسان ئۆزلۈكىنى يوقىتىۋېلىپ يوقلىشىپ، ئەسلى ۋۇجۇدقا قوشۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، «مەن»، «سەن» دېگەن ئۇقۇملار مەۋجۇد بولمايدۇ، ئۇ ۋاقىتتا پەقەت بىرلا ۋۇجۇد، يەنى «ۋۇجۇدى مۇتلەق»لا مەۋجۇت بولىدۇ. يەنى ئاشىقمۇ، مەشۇقمۇ ئاشۇ بىرلا ۋۇجۇدتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا سۆزلەنگەن سۆز پەقەت ئاشۇ يېگانە ۋۇجۇدنىڭ (بارلىقنىڭ) سۆزى بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، بۇنداق ۋەھدەتكە ئېرىشكەن ئاشىق، ئەسلىدە ئاشىقنىڭمۇ، مەشۇقنىڭمۇ بىر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ ـ دە، مەنسۇر ھەللاجىغا ئوخشاش «ئەنەل ھەق» (مەن ھەقمەن) دەپ خىتاب قىلىدۇ. بايەزىد بەستامىغا ئوخشاش «سۇبھانى مائەزىمە شانى ـ ئۇلۇغمەن، شانۇ شەرەپكە تولۇقمەن، شۇڭا ئۆزۈمگە تەسبىھ ئېيتىمەن» دەپ جار سېلىشىمۇ، جۇنەيد باغدادىغا ئوخشاش، «مافىل ـ ۋۇجۇدى سىۋاللاھ ـ ۋۇجۇدۇمدا ئاللادىن باشقا ھېچنەرسە يوق» دېيىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق سۆزلەر پەقەت ھەقىقىي بارلىقنىڭ ئاللا ئىكەنلىكىگە قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ «ئىنسان خۇدادۇر» دېگەن مەنىنى بەرمەيدۇ. شۇڭا ئىبن ئەرەبى بۇ ھەقتە، «فىرئەۋننىڭ ‹مەن خۇدا› دېيىشى بىلەن ھەللاجىنىڭ ‹ئەنەل ھەق› (مەن ھەق) دېيىشى ئوتتۇرىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار» دەيدۇ.(34)

مەلۇمكى، فىرئەۋن ـ رىۋايەتتىكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشىغا كۆنمەي، خۇدالىق دەۋاسى قىلغان شەخس. مەنسۇر ھەللاجى ـ تەسەۋۋۇپ تارىخىدىكى ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە دۇچار بولغان بىر سىما. ئۇنىڭ دارغا ئېسىلىشىغا سەۋەب بولغان «ئەنەلھەق» سۆزى ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن يوقالماستىن، ئەكسىچە تېخىمۇ كەڭ تارقالغانىدى. ھەللاجىدىن كېيىن ياشىغان تەسەۋۋۇپ نامايەندىلىرىدىن جالالىددىن رۇمى، ئەھمەد يەسەۋى، يۇنۇس ئەمرا، ئابدۇراخمان جامى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەنسۇر ھەللاجىنىڭ سۆزى خاتا چۈشىنىلگەنلىكى، ئۇنىڭ «ئەنەلھەق» دېيىشى، ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي بارلىقنىڭ ئۆزى ئەمەس، ئاللا ئىكەنلىكىگە قارىتىلغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. يۇنۇس ئەمرا «ئەنەلھەق»لى مەنسۇر ھەللاجىدىنمۇ كۈچلۈكرەك سادا بىلەن ئېيتىپ:

مىڭ يىل تۇپراقتا ياتسام قويمايسەن «ئەنەلھەق»ـ نى،

نە ۋاقىت كېرەك بولسا ئىشق نەپسىنى ئۇرۇپ كېلىمەن.(35)

دېسە، ئەھمەد يەسەۋى ئەپسۇس ئىچىدە،

بىلمەدىلەر موللىلار «ئەنەلھەق»نى مەناسىن،
قال ئەھلىگە ھال ئىلمىن ھەق كۆرمىدى
مۇناسىپ.(36)

دەيدۇ. يەسەۋى «ئەنەلھەق»نىڭ ئەسلى مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن دانا بولۇش كېرەك، ئادەتتىكى مولللار ئۇنىڭ مەنىسىگە يېتەلمەيدۇ دەپ شۇنداق ھېكمەت ئېيتىدۇ:

ئەنەلھەقنى مەناسىن بىلمەس نادان،
دانا كېرەك بۇ يوللارنى بىلىپ باشىدىن،
مەنى بىلگەن خاس ئاشىقلار بولدى جانان،
بۇ سىرلارنى ئەرش ئۈستىدە كۆردۈم مانا.

ئەپسۇس مەنسۇر، ھۆرلۈك بىلەن بولدى ئەدا،
بىر سۆز بىلەن يارەنلەردىن بولدى جۇدا،
ھالى دىلىن ھېچكىم بىلمەس، تەڭرى گۇۋاھ،
قانلار يۇتۇپ مەن ھەم گۇۋاھ بولدۇم مانا.(37)

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ بۇ سۆزلىرىمۇ ئىبن ئەرەبىنىڭ سۆزلىرى بىلەن ئوخشاش مەنىدە بولۇپ، «ئەنەلھەق»نىڭ ئەسلى مەنىسى «مەن خۇدا» دېگەننى ئەمەس، ئەكسىچە «ھەقىقىي بار بولغىنى مەن ئەمەس، بەلكى ھەقدۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقى بايان قىلىنغانىدى.

دېمەك، يۇقىرىدىكى مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسى «خۇدا سەن ئۆزۈڭدۇرسەن، خۇدانى سىرتتىن ئىزدىمەي ئۆزۈڭدىن ئىزدە» دېگەنگە ئوخشاش پىكىرلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە، «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» (بارلىقنىڭ بىرلىكى) تەلىماتىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، تەسەۋۋۇپتىكى ئىنسان ئۇلۇغلانغان قاراشلارنى، ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدىن ئايرىپ، سىرتقى ئىپادىلىنىش شەكلىگىلا قاراپ «خۇدانى ئىنكار قىلغان...»، «خۇداسىزلىق خاھىشى»نى ئىپادىلىگەن دەپ تەھلىل قىلىش، ئۇ پىكىرلەرنىڭ ئەسلى مەنىسىگە ئانچە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

توغرا، مەنسۇر ھەللاجى «ئەنەلھەق» ئۈچۈن دارغا ئېسىلدى. ئىمادىددىن نەسىمىنىڭ تېرىسى سويۇلدى. بابارەھىم مەشرەپمۇ ھەللاجىغا ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق گۇناھىمۇ «كۇپۇرلۇق، دەھرىيلىك، بىدئەتلىك» ئىدى. شۇ «گۇناھلىرى» بىلەن دارغا ئېسىلغىنى، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى «ئاتېئىستىك ئىدىيە»، «خۇداسىزلىق خاھىشى»نى ئىپادىلىگەن دەپ تەھلىل قىلىش توغرا بولامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق يۈزەكى تەھلىل قىلىنسا، ئۇ ھالدا مەنسۇر ھەللاجىنى «ئاتېئىستلارنىڭ پېشىۋاسى» دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولىدىغان بولسا، ھەللاجىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن قان يۇتۇپ ئەلەم چەككەن ئەھمەد يەسەۋى، يۇنۇس ئەمرا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەللاجىغا ئاۋاز قوشۇپ «مەنسۇر سۈپەت» بولغان كلاسسىكلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىدىيىسىدە «خۇداسىزلىق خاھىشى» ئىپادىلەنگەن بولامدۇ؟! شۇنداق تەھلىل قىلىشقا توغرا كەلسە، جالالىددىن رۇمىنىڭ:

ئايا سىز جان چېكىپ ھەر يەردە ئىزدەيسىز ئىلاھىنى،
ئانى ئىزدەشكە ھاجەت يوق، ئىلاھى ـ سىز، ئىلاھى ـ سىز.

دېگەن مىسرالىرىغا مەۋلانىنىڭ ئىدىيىسىدىكى «خۇداسىزلىق خاھىشى»نىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسى دېيىش كېرەك بولامدۇ؟

ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە ھېچقانداق «ئاتېئىستىك خاھىش» ئىپادىلەنمىگەن. يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن جالالىددىن رۇمى ئۆز سۆزىنى خاتا چۈشەنگۈچىلەرگە جاۋابەن شۇنداق دېگەنىدى:

جانىم تېنىمدە بولغانچە «قۇرئان»نىڭ قۇلىدۇرمەن،
مۇھەممەدنىڭ يولىغا چېچىلغان تۇپرىقىدۇرمەن.
بىرسى سۆزلىرىمدىن بۇنىڭدىن باشقا مەنە چىقارسا،
ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىدىنمۇ بىزارمەن، چىقارغان مەنىسىدىن ھەم بىزارمەن.(38)

توغرا، يۇقىرىدا ئەسكەرتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆز ـ ھەرىكەتلىرى، ئەھلى سۈننەت تەرىپىدىن «كۇپۇرلۇق، دەھرىيلىك، بىدئەتلىك...» دەپ ئەيىبلەنگەن. ئەمما يەنە شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، ھەرقانداق بىر دىن، شۇ دىندا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان مەزھەب، ئېقىمنىڭ قېلىپلىشىپ، ئادەت تۇسى ئېلىپ كەتكەن دىنىي ئەقىدىلىرىگە، دوگمىلىرىغا، مەنپەئىتىگە زىت كېلىدىغان ھەرقانداق سۆز ـ ھەرىكەتنى «كۇپۇرلۇق، بىدئەتلىك» دەپ ئەيىبلەيدۇ ھەم قارشى تۇرىدۇ. ئۇلار بۇنىڭدا كۆپىنچە ئېتىقاد شەكلى، دىنىي ھېسسىياتقا ئاساسلىنىدۇ. لېكىن تەتقىقاتنىڭ تەلىپى بولسا، مەسىلىگە ئىلىم نۇقتىسىدىن قاراپ، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى يورۇتۇپ بېرىشتىن ئىبارەت. شۇنداق ئىكەن، بىز تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى ئىنسان قاراشلىرىغا دائىر

مەزمۇنلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە، مىسرالارنىڭ سىرتقى شەكلىدىكى مەنىگىلا ئەمەس، ئىچكى مۇھىمى ئۇنىڭ ئىچكى مەنىسىنى چۈشىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

تەسەۋۋۇپتىكى ئىنسان قاراشلىرى گەرچە نۇرغۇن تەرىپلەردە ئەھلى سۈننەت ئەقىدىلىرىدىن خىلىلا چەتنىگەن، سىرتقى ئىپادىلىنىش شەكلىدە ئەھلى سۈننەت ئەقىدىلىرىگە زىت كېلىدىغان بىر قىسىم قاراشلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ئىنساننى ئۇلۇغلاپ ئىنساننىڭ كائىناتنىڭ گۈلتاجى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ماھىيەتتە ئىنسان ئاللانىڭ ئەڭ زور مۆجىزىسى بولغىنى ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئارقىلىق، بۇ ئۇلۇغلۇقنىڭ يەنىلا ئاللاغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ بۇ قاراشلىرى يەنىلا خۇدانىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى، ئۇلۇغلۇقىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشتىنلا ئىبارەت، خالاس.

مەلۇمكى، ئاتېئىزم بولسا ھەرقانداق دىن، ئىلاھقا قارشى تۇرىدۇ. ھەرقانداق بىر ئىلاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ. ئاتېئىست مانا شۇ خۇداسىزلىق تەلىماتىنىڭ ياقىلىغۇچىسى، تەرەپدارلىرىدىن ئىبارەت.

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى گەرچە دىنىي ئەقىدىلەر دائىرىسىدىن ھالقىپ پەلسەپىۋى تەپەككۇرنىڭ يۈكسەكلىكىگە قاراپ راۋاجلانغان بولسىمۇ، يەنىلا ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبىنى ئاللا دەپ قەتئىي مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە يەنىلا ئاللا تۇرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىجاد قىلىپ، تەسەۋۋۇپنىڭ ئۆزىگە خاس تەپەككۇر ئۇسۇللىرى، سىمۋوللىرى ئارقىلىق خۇداغا بولغان ئىنتىلىشىنى ئىپادىلىگەن، ئەسلى ھەققىي بارلىقنىڭ ئاللا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان بەزى ئەسەرلەر ۋە مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ ئىدىيىسى ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بارغاندا، بۇ ئىدىيىنىڭ ئەسلى مەنبەسىگە، ماھىيىتىگە ئەھمىيەتسىز قاراپ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان خۇلاسىلەرنى چىقىرىش، تەھلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، مېنىڭچە ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس.

ئېنسىكلوپېدىيىلەردە، «ئاتېئىست» سۆزى «ئەركىن مۇتەپەككۇر» دېگەن سۆز بىلەن مەنىداش قوللىنىلغانلىقى ئىزاھلانغان.(39)

توغرا، تەسەۋۋۇپ بىر دىنىي پەلسەپىۋى تەلىمات بولۇش سۈپىتى بىلەن، دىن يول قويمايدىغان ئىنچىكە مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەركىن تەپەككۇر قىلىشقا بەلگىلىك زېمىن ياراتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى مۇسۇلمان شەرقىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئىدېئولوگىيىسىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ۋە گۇمانىستىك ئىدىيىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا مۇتەسەۋۋۇپلارنىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە مەلۇم مەنىدە «ئەركىن مۇتەپەككۇرلار» دېيىشىمىز مۇمكىن. ئەمما، بۇ يەردىكى «ئەركىن مۇتەپەككۇر» سۆزى ھەرگىزمۇ «ئاتېئىست» (خۇداسىز) سۆزى بىلەن مەنىداش ئورۇندا تۇرالمايدۇ. چۈنكى، تەسەۋۋۇپتىكى بۇ ئەركىن مۇتەپەككۇرلارنىڭ «ئەركىن تەپەككۇرى» ئەمەلىيەتتە قاتمال، شەكىلۋازلىققا پېتىپ قالغان دىنىي ئەقىدىلەرگە قارىغۇلارچە ئەگەشمەستىن، بەلكى ھەقنى بىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن سادىقلىقىنى ئىپادىلەش يولىدا قاناتىيايغان بولۇپ، بۇ تەپەككۇرنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە يەنىلا ئاللا تۇراتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى مانا شۇ ئەسلى ماھىيىتىدىن ئايرىپ قاراپ، ئۇلارنى «ئاتېئىست»، «خۇداسىزلىق خاھىشى»نى ئىپادىلىگەن دەپ تەھلىل قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئا.د.كىنىش كلاسسىكلار ئىدىيىسىدىكى بۇ خىل كۆرۈنۈشتىكى «دەھرىيلىك»كە قاراپلا ئۇلارغا «ئاتېئىست» دەپ نىسبەت بېرىش توغرا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، «مېنىڭچە، ئۇنىڭ دىۋانىدىكى (بۇ يەردە ئا.د.كىنىش، سەئدى، ھافىز شىرازى، نىزامىغا ئوخشاش شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى بىر تەرەپلىمە تەھلىللەرگە قارىتىۋاتىدۇ ـ ھ.ئا) بىر قىسىم «دەھرىيلىك» ئىپادىلىرىگە نىسبەتەن، ئۇنىڭغا «پانتېئىستىك» قاراشلار دەپ نىسبەت بېرىش ۋە تېخىمۇ ئاشۇرۇپ «ماتېرىيالىستىك ۋە ئاتېئىستىك خاھىشلار» دەپ مۇلاھىزە قىلىشقا بولمايدۇ» دەيدۇ.(40)

ئەلۋەتتە، يۇقىرىدىكى پىكىرلىرىمىز بىلەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدە ئىنساننىڭ ئۇلۇغلىنىپ، يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكى، تەسەۋۋۇپنىڭ «ئىنسان مەركەزلىك» پەلسەپە بولغانلىقىنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمىز. يۇقىرىدىكى پىكىرلەرنى تەكىتلەشتىكى مۇددىئايىمىز، پەقەت مەسىلىنى ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ئىچىگە قويۇپ تەھلىل قىلىش ۋە مۇشۇ ئاساستا يەكۈن چىقىرىشنى تەۋسىيە قىلىشتىنلا ئىبارەت، خالاس.

ئىزاھلار:

(1) «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 2 - توم، 119 - بەت.

(2) نەجدەت ئەكىجى، «ئىنسان تەسەۋۋۇپتا قايتا يارىتىلغان ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان» — «مىللىي مەدەنىيەت» (M K» تۈركچە ئايلىق ژۇرنال)، 1990 -يىل، ئاراللىك، (ئومۇمىي 79 - سان)، 20 - بەت.

(3) غەززالىي، «ئېھيائى ئۇلۇم ئەددىن»، موسكۋا، 1980 - يىل، رۇسچە نەشرى، 214 - بەت.

(4) نەجدەت ئەكىجى، يۇقىرىدىكى ماقالە، «I M» 20 - بەت.

(5) فۇئادكۆپرۈلۈ «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋۇپلار»، ئەنقەرە، 1991 - يىل، 7 - نەشرى، 320 - بەتتىكى 38 - ئىزاھقا قارالسۇن.

(6) ئۆمەر ھەييام «رۇبائىيلار»، تاشكەنت، 1976 - يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 5 - بەت.

(9)(7) ئاگاھ سىررى لەۋەند، «ئىسلامى ئەدەبىيات تىنىڭ قايناقلىرى ۋە ئاساسلىرى» — «تۈرك تىلى ئاراشتىرمىلىرى يىللىقى. 1971» (TDAY 1791)، 170 - 171 - بەتلەر.

(8) ئى.پ.د.جاۋەلىدزە، «تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ باشلانغۇچ دەۋرى. I جالالىددىن رۇمى (دۇنيا قاراش مەسىلىلىرى)»، تبىلىس، 1979 - يىلى، رۇسچە نەشرى، 142 - بەت.

(10) رادى فىش، «جالالىددىن رۇمى»، تاشكەنت، 1986 - يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 46 - بەت.

(11) فەيزى ھالىجى، «مەۋلانىنىڭ شېئىر دۇنياسى»— «مىللىي مەدەنىيەت» (K M)، 1990 -يىل، ئومۇمىي 79 - سان، 5 - بەت.

(12) «يۇنۇس ئەمرا دىۋانى»، ئەنقەرە، 1986 - يىل، 55 - بەت.

(13) ۋ.ب.كۇدلىن، «يۇنۇس ئەمرانىڭ شېئىرىيىتى»، موسكۋا، 1980 - يىل، 45 - بەت.

(14) ئاگاھ سىررى لەۋەند، 171 - بەت، نەجدەت ئەكىجى، 20 - بەت.

(15) مۇھەممەدجان ئىسمائىلزەرروف، «ھەقىقەت ۋە مەجاز» — «شەرق يۇلتۇزى»، 1988 - يىل، 4 - سان، 181 - بەت.

(16) مۇھەممەدجان ئىسمائىلزەروف، «ھەقىقەت ۋە مەجاز»— «شەرق يۇلتۇزى»، 1991 - يىل، 4 - سان، 165 - بەت. (بۇ ماقالە ئۈچكە بۆلۈپ ئېلان قىلىنغان).

(17) ناۋائى، «لىسانۇتتەير»، موللا سىدىق يەركەندى نەسىرلەشتۈرگەن نۇسخىسى، «بۇلاق»، 1993 - يىلى، 4 - سان، 73 - بەت.

(18) ئەھمەد ھىلمى، «ئىسلام تارىخى»، ئىستانبۇل، 1980 - يىل، 2 - جىلد، 383 — 384 - بەتلەر.

(19) جالالىددىن چەلەبى، «ھەزرىتى مەۋلانىدە ئىلىم»، كونيا، 1993 - يىل، 44 - بەت.

(20) مۇئەممەر يىلماز، «مەۋلانىدە ئىنسان سۆيگۈسى»— «مىللىي مەدەنىيەت» (K M)، 1990 - يىل، ئومۇمىي 79 - سان، 10 - بەت.

(21) رادى فىش، يۇقىرىدىكى كىتاب، 240 — 241 - بەتلەر.

(23)(22) رادى فىش، 189 — 190 - بەتلەر.

(27)(24) مۇئەممەر يىلماز، 10 — 11 - بەتلەر.

(25) رادى فىش، «جالالىددىن رۇمى»، ئۈرۈمچى، 1991 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 149 - بەت.

(26) رادى فىش، يۇقىرىدىكى كىتاب (ئۆزبېكچە نەشرى)، 241 - بەت.

(28) فەيزى ھالىجى، 4 - بەت.

(29) ئىبراھىم ھەققۇلوف، «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت»، تاشكەنت، 1991 - يىل، 3 — 4 - بەتلەر.

(30) رادى فىش (ئۇيغۇرچە نەشرى)، 228 - بەت.

(31) ئى.پ.د.جاۋەلىدزە، 141 - بەت.

(32) ئى.پ.د.جاۋەلىدزە، 143 - بەت.

(33) «يۇنۇس ئەمرا دىۋانى»، 9 - بەت.

(34) سەلچۇك ئەرايدىن، «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، ئىستانبۇل، 1981 - يىل، 149 - بەت.

(35) «يۇنۇس ئەمرا دىۋانى»، 101 - بەت.

(36) دوكتور كەمال ئەراسلان، «دىۋانى ھېكمەت، سەچمەلەر»، 1991 - يىل، 2 - نەشرى، 324 - بەت.

(37) ئەھمەد يەسەۋى، «ھېكمەتلەر كۇللىياتىدىن»— «شەرق يۇلتۇزى»، 1992 - يىل، 1 - سان، 13 - بەت.

(38) «مەسنەۋى— تەرجىمىسى ۋە شەرھى» (تەرجىمە قىلغۇچى ۋە شەرھى ئىشلىگۈچى ئابدۇلباقى گۆلپىنارلى)، ئىستانبۇل، 1990 - يىل، I جىلد، 10 - بەت.

(39) «بىرتانىيە ئېنسكلوپېدىيىسى»، «ئاتېئىزم» ماددىسىغا قارالسۇن. («دۇنيا دىن تەتقىقاتى ماتېرىياللىرى»، 1983 - يىل، 1 - سان، 30 - بەت).

(40) ئا.د.كىنىش، «كېيىنكى مۇسۇلمان ئەنئەنىلىرىدە ئىبن ئەرەبىنىڭ تەلىماتى»— «مۇسۇلمان مەدەنىيىتىدە سوپىزم» (ماقالىلەر توپلىمى)، موسكۋا، 1989 - يىل، 14 - بەت.




شاخ ئالتۇن رەڭدە بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ پەلەككە بوي سوزغان، كۈندۈزلەر تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان كۆزلەرگە تىمسال هالدا ئۆزىنىڭ جۇلاسىنى شاخلارغا قوندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شاخ «ئالتۇن» سۈپەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەمدى، بىلىشىزچۇ؟

ئاپتور شاخ ھەققىدە گەپ ئاچقان بولسىمۇ، بىراق بىلىشىزنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىراق بىلىشىزنى كۆرۈش كۆتەك كولاپ باققانلارغا نېسىپ بولسا كېرەك.

ئاپتور شېئىردا تارىخىي مۇئەممالارغا يۈزلەنگەن ئېستېتىك ئوبرازلار، ئەپسانىۋى قىياپەتلەر ئۇيغۇر - تۈرك دالالىرى بىلەن گىرىك - رىم ۋادىلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، تارىخ ۋە ئىنساننىڭ ئېگىنىنىڭ بىر پۈتۈن ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئاپتور ئۆزىنىڭ شېئىرىي چاقناشلىرىنى ئەپسانىلەر ئارا جۇلا قىلدۇرغاچقا، ئۆزگىچە تەم پەيدا بولغان. بىز ياشاۋاتقان تۇپراق قەدىمكى تەگرىلەر ۋە ئادەملەر بىلەن بىرىككەن ھالدا زامانىۋى ئاڭدىكى كىشىلەرنى تارىخىي ئاڭغا يېتەكلەيدۇ.

شېئىردىكى بەدىئىي ماھارەت 4- بۆلەكتە بىر قەدەر ئېنىق سېزىلىدۇ. مۇئەللىپنىڭ ئۆتمۈش ئىشتىياقلىرى ۋە زامان ياناقلىرىغا يارىشا ئۇسلۇب سۈلكىتى كىشىنى تارتىدۇ. ھېسسىيات ۋە مەزمۇن تەلپىگە لايىقلاشقان تىل ئىستېمالىنىڭ بولۇشى شېئىرىي سەنئەتتىكى تەبىئىيلىكنىڭ مۇھىم شەرتى. ئاپتور 4- بۆلەكتە شۇنداق قىلالىغان.


ئەگەر ئاپتور تارىخىي قايناقلارغا مۇئەييەن ئېپىك ئامىللارنى بىرىكتۈرگەن بولسا قانداق بولار ئىدى؟ مېنىڭچە، زامانىمىزدىكى نۇرغۇن شېئىرلارنىڭ ئاجىزلىقى لىرىك قاتلاملارنى زىيادە پىرىسلاپ يېزىشتا كۆرۈلدى. مەزكۇر شېئىردا بۇ خىل ئاجىزلىقنى يوق دېگىلى بولمايدۇ.


يەنە بىرى، شېئىردىكى رىتىم ئۆزگىرىشكە ئانچە باي ئەمەستەك تۇرىدۇ. مەن ئۇزۇن سەپەردىكى تۆگە كارۋانلىرىنىڭ بىر خىل رىتىمدىكى كولدۇرمىسىنى ئەسلەپ قالدىم.

شېئىردىكى رىتىم مۇھىم، چۈنكى ئۇ ئارقىلىق شەيئىنىڭ ئىچكى ھەرىكىتىنى كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ ياكى شەيئى شېئىردىكى رىتىمنى بەلگىلەيدۇ. شەيئى ھەرىكەتتە، دېمەك، رىتىممۇ ھەرىكەتتە. ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشى...؟

شېئىردىكى قۇرۇلما جەھەتتىن قارىغاندا، شېئىردا ئەقلىي ئۈستۈنلۈك ئايان بولىدۇ. ھېسسىيات بىرئاز سوغۇققان تۇستە چېلىقىدۇ.

«ئالتۇن شاخلار» بىلىشىز ھەققىدىكى دىسلەپكى خىيالنىڭ شاخلىرى بولۇپ، تارىخ ھەققىدىكى بىر قىممىلىق بەدىئىي مۇھاكىمە بولغان. بۇ ئەلۋەتتە شائىرنىڭ مۇھاكىمىسى.








يىراق يوْر بولسا باتىل، سۆزى يالغان،
ھەقىقەت تارقىتىپ كەت بولسا ئىمكان؛
بىزگە دۇنيا بولمىدى ئاباده ئۆي،
كەلمىگەچ تەڭ بۇ ئۆلۈمگە ھېچبىر ئىنسان.
ـ ئەبۇنەسىر فارابى

بىپايان چۆللۈكلەردە، قار باسقان تاغ ـ ئېدىرلاردا ئەجدادلىرىمىزنىڭ كارۋانلىرى ئالتۇن كولدۇرمىلارنى جاراڭلىتىپ يۈرۈش باشلىغاندا ئىنسانىيەت دۇنياسى تېخى ئويغىنىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى. ئەنە شۇ چاغدا ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ ئۈزگىچە بولغان رەڭگارەڭ «تارىم مەدەنىيىتى»نى بەرپا قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان.

1980 ـ يىلى دۇنياغا مەشھۇر لوپنۇر رايونىدىكى كىروران قەدىمكى شەھىرىدىن بىر جەسەت تېپىلدى. ياپونىيە دۆلەتلىك ئىلىم ـ پەن مۇزېيى ئىنسانىيەت تەتقىقات گۇرۇپپىسى جەسەتنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ ئىلغار ئېلېكترونلۇق مېڭە ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق جەسەتنىڭ ئەسلى كۆرۈنۈشىنى قايتىدىن تىكلەپ ئۇنى «كىروران گۈزىلى» دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلدى. بۇ مۆجىزە خاراكتېرلىك بايقاش دۇنيادا زور زىلزىلە پەيدا قىلدى. «كىروران گۈزىلى»نىڭ جەستى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قېزىۋېلىنغان 300 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى 1992 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ياپونىيىنىڭ توكيو، فۇكوكا، كيوتو قاتارلىق شەھەرلىرىدە كۆرگەزمە قىلىنىپ زور داغدۇغا پەيدا قىلدى. شۇ يىلى ياپونىيىنىڭ «ئاساخى» گېزىت نەشرىياتى «كىروران پادىشاھلىقى ۋە قەدىمكى ساھىبجامال» ناملىق تارىخىي كىتابنى نەشر قىلدى.

تەكلىماكان قۇملۇقىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن، تەكتىگە يۇمىلاق بىر خىل ئالاھىدە بۆيۈم قويۇلغان، پۆتىغا بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن پوپۇچ كىيگۈزۈلگەن، ئېگىز سەل ئۇچلۇق، كۆزلىرى يوغان ۋە چوڭقۇر، قاش ـ كىرپىكلىرى ئۇزۇن ۋە قويۇق، بۇرنى قائىشارلىق ۋە ئىنچىكە، كالپۇكى نېپىز، چاچلىرى سۇس قوڭۇر بۇ ساھىبجامال ئانا ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى، قەدىمىيلىكى بىلەن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە «تارىم مەدەنىيىتى»نىڭ سىرىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى.

قەدىرلىك ئوقۇرمەنلىرىمگە تەقدىم قىلماقچى بولغان «بار ئىكەنمەن يادىڭدا دۇنيا» ناملىق بۇ ئەدەبىي خاتىرە ئورنىدىن بۇيان ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئالاھىدە خىراجەت ئاجرىتىپ تەتقىق ئېلىپ بېرىۋاتقان «ئۇيغۇر باللىرى بىلەن ياپون باللىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ۋە مائارىپى توغرىسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات» ۋە «ياپونىيە يىپەك

يولى جەمئىيىتى»نىڭ دەسلەپكى ئىزلىنىشلىرىنىڭ قىسقىچە باياندىن ئىبارەت.

## يېڭى يىل دەقىقىلىرىدە

1997 - يىلى 31 - دېكابىر كەچ. ياپونىيە فۇكوكا مائارىپ ئۇنىۋېرسىتېتى پسىخولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى يوكوياما ماسايۇكى (YOKOYAMA . MASAYUKI) ئەپەندى باشچىلىقىدىكى «ئۇيغۇر بالىلىرى بىلەن ياپون بالىلىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ۋە مائارىپى» توغرىسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان تۆت نەپەر تەتقىقاتچى بىلەن يېڭى يىل ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىزنىڭ ئۆيگە جەم بولدۇق.

يوكوياما ماسايۇكى ئەپەندى ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان ئوتتۇرا بويلۇق، ئاق پىشماق ناھايىتى ئوچۇق يورۇق، خۇش خۇي ئادەم ئىكەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقىنىمغا ئىككى يىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن كونا دوستلاردىن بولۇپ قالغانىدۇق. يوكوياما ماسايۇكى ئەپەندى مېنى قالغان ھەمراھلىرىغا تونۇشتۇرۇپ:

— بۇياق قۇتلۇق ئەپەندىم، ژۇرنالىست، ئىنگلىزچىنى ياخشى سۆزلەيدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن ياپونىيىدىكى ئۇرۇق تۇغقانلىرى ئارقىلىق تونۇشقان. ھازىر كونا دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق، — دېدى.

بىز ئۆزئارا تونۇشقاندىن كېيىن ئايالىم تەييارلىغان تائاملارنى داستىخانغا راسلىدى. مەن ئۇلاردىن كەچۈرۈم سوراپ:

— يوكوياما ماسايۇكى ئەپەندىم، تارتىنماي تائاملاردىن ئېلىڭلار، ئۆيۈم تار بولغان بىلەن كۆڭلۈم كەڭ، — دېۋىدىم. ئۇ دەرھال:

— زېمىنى كەڭ يەردە چوڭ بولغان ئادەمنىڭ كۆڭلى كۆكسى ئەلۋەتتە كەڭ بولىدۇ - دە، ئەمما بىز كىچىككىنە بىر ئارال دۆلىتىدە چوڭ بولغان، — دېدى ئۇ چاقچاق ئارىلاش.

سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇلار تاماق يېگەچ ئۆزلىرىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق خوتەن، قەشقەر، تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردىكى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى، ئائىلە تەربىيىسى، بالىلار بىلەن ئاتا - ئانىلارنىڭ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇستازلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا قىزغىن پاراڭ باشلىدى. يوكوياما ماسايۇكى ئەپەندى سۆز باشلىدى:

— سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىق ئىلمى بىزگە مائارىپ تەرەققىياتىدىكى سان بىلەن سۈپەت ئوتتۇرىسىدىكى، ياپون مائارىپى بىلەن باشقا ئەللەر مائارىپ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىق مائارىپ تارىخىنى ئۈزۈلدۈرمەسلىكنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇ ھازىر پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىدە سىستېمىلاشقان بىر پەن قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. بىز ئۇرۇشتىن كېيىن ياۋروپا ۋە ئامېرىكا مائارىپىنىڭ ئەينەن ئۆزىنىلا كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېلىپ ياپون مائارىپىنىڭ ئورنىغا قويدۇق. بۇنىڭ بىلەن مائارىپىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى يوقالدى. ئائىلە تەربىيىسىمۇ غەربچىلىشىپ كەتتى. ياۋروپا، ئامېرىكا مائارىپى شۇنچە تېز تەرەققىي قىلىپ جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولدى. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئىنسانىي مۇناسىۋەت، ئىنسانىي ئەخلاق، ئىنسانىي پەزىلەتكە تولغان ھالدا ئۆسۈپ يېتىلمەكتە. ئۇلار ياشاۋاتقان مۇھىت قانچىلىك تەرەققىي قىلسا ئۇلارنىڭ ئەخلاق ئېڭىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا تەرەققىي قىلماقتا. بۇنىڭ تۈپ مەنبەسى نېمە دېگەندە، ئۇ دەل ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى تونۇش جەريانىدىكى مۇھىم ئىپادىلىرىنىڭ بىرى بولغان — دىن. ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا مەكتەپ يېشىغىچە بولغان ئائىلە تەربىيىسىدە «ئىنجىل»دىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس كىتاب بالىلارنىڭ سەبىي دۇنياسىغا سىڭدۈرۈۋېتىلىدۇ. ئۇلار «ئىنجىل»دىكى ئىنسانىي مۇھەببەت، ئىنسانىي تۇيغۇ، ئىنسانىي مۇناسىۋەت قاتارلىق ئەدەپ - ئەخلاق تەربىيىلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ. دىندىن ئىبارەت بۇ ئاڭ ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ھەرقانداق ناچار زامان، ماكان، شارائىتنىڭ تەسىرىدىن ساقلاپ قېلىشقا سەۋەب بولىدۇ. ئۇلاردىكى تەۋرەنمەس ئېتىقاد كىشىنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. ياپونىيىدە بولسا ئۇرۇشتىن ئىلگىرى كىشىلەر پادىشاھنى تەڭرى ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇپ ئۇنىڭ يارلىق ئەمر - پەرمانلىرىغا خۇددى دىنىي كىتابلاردىكى ئەخلاق - نىزاملارغا رىئايە قىلغاندەك رىئايە قىلىشاتتى. ئۇرۇشتىن كېيىن بۇ ئېتىقاد يوقالدى. ياپونلاردا مۇكەممەل دىنىي ئېتىقاد بولمىغانلىقتىن ھازىرقى زامان ئىلىم - پەندە ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بولسىمۇ بىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئەدەپ - ئەخلاق ۋە ئىنسانىي تۇيغۇ تولىمۇ ئاجىز.

خوتەن، قەشقەر، تۇرپاندىكى ئۇيغۇر باللىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى گەرچە ناچارراق بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردا يېتىلگەن مۇكەممەل ئەخلاق دەل ئۇلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئالايلۇق، مەن خوتەندىكى مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن:

— سىز دۇنيادا ھەممىدىن بەك كىمنى ھۆرمەتلەيسىز؟ دەپ سورىۋىدىم. ئۇ ماڭا تىكىلىپ تۇرغىنىچە قىلچە ئىككىلەنمەي:

— ئاتا - ئانامنى، دەپ جاۋاب بەردى. مەن ئۇنىڭدىن:

— نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى ھەممىدىن بەك ھۆرمەتلەيسىز؟ دەپ سورىسام ئۇ ماڭا:

— دۇنيادا ئاتا - ئانىسىنى ھۆرمەتلەشنى بىلمىگەن ئادەم قانداقمۇ باشقىلارنى ھۆرمەت قىلالىسۇن، — دەپ جاۋاب بەردى. مەن سوئالىمنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ:

— ئەگەر سىز نۇرغۇن پۇلغا ئىگە بولسىڭىز ئۇنى نېمىگە ئىشلىتىسىز؟ دەپ سورىۋىدىم. ئۇ بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ:

— ئاۋۋال ئاتا - ئانامنى ھەجگە ئاپىرىمەن. ئاندىن يېزىمىزغا بىر مەكتەپ سالدۇرىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئەگەر سىز ياپون باللىرىدىن «سىز كىمنى بەك ھۆرمەتلەيسىز؟ پۇلىڭىز بولسا نېمە ئىش قىلىسىز» دەپ سورىسىڭىز، ئىشىنىمەنكى ئۇلار بىرمۇنچىلىغان ناخشا، تەنتەربىيە چولپانلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ۋە ھاۋاي تاقىم ئاراللىرىغا بېرىپ ساياھەت قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

قاراڭ! ئىككى زېمىندىكى ئوخشاش ياشلىق باللارنىڭ ھۆرمەت بىلەن پۇل توغرىسىدىكى قارىشىغا. ئۇلارنىڭ جاۋابىدا پەرق نېمىدېگەن چوڭ - ھە؟!

بىزدە ئىشلەنگەن باللار كارتون فىلىمى «ئەقىللىق بېشۇ» ياپون خەلقىنىڭ ئىخلاس بىلەن دىنغا ئېتىقاد باغلىغان چاغدىكى ئەدەپ - ئەخلاقى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئۇلار ئىككى زېمىندىكى باللارنىڭ پەرقى ۋە ئالاھىدىلىكى ھەققىدە خېلى ئۇزۇن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن يوكوياما ماسايۇكى ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— قۇتلۇق ئەپەندىم، بۈگۈن يېڭى يىل ئاخشىمى، يەنە بىر سائەتتىن كېيىن ياپونىيىدە يېڭى يىل باشلىنىدۇ. بىز ياپونلۇقلارنىڭ يېڭى يىل ئاخشىمى يەيدىغان ئۆزگىچە بىر خىل تامىقىمىز بار. رەنجىمىسىڭىز بىز ئاشخانا ئۆيىگىزدە شۇ تاماقنى راسلىساق، ھەممىمىز بىرگە يېڭى يىلنى باشلىۋەتسەك قانداق؟ — دېدى.

مەن ئۇنىڭ تەكلىپىنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلدىم.

ئۇلار ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ تاماق ئېتىشقا تۇتۇش قىلدى.

بىرئازدىن كېيىن ئىشىك چېكىلىپ بىزنىڭ ياش ناخشىچىمىز ئايشىگۈل كىرىپ كەلدى. مەن ئايشىگۈلگە ئىككى كۈن ئاۋۋال ئۆيىمىزدە مۇشۇنداق بىر سورۇننىڭ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىز بىلەن ھەمداستىخان بولۇشقا تەكلىپ قىلغانىدىم.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار ئۆزلىرى تەييارلىغان تاماقلارنى پەتنۇستا كۆتۈرۈپ چىقىشقا، ئايشىگۈل ياپون تىلىدا «خوش كېلىپسىلەر، يېڭى يىلىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن» دېۋىدى، ئۇلار خۇشال بولۇپ ئايشىگۈلگە ئېگىلىپ سالام قىلىپ كەتتى.

مەن ئۇلارنى ئۆزئارا تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يوكوياما ماسايۇكى ئەپەندى:

— قۇتلۇق ئەپەندىم، بىر قەدەھتىن ئىچىشسەك قانداق، ھازىر ياپونىيىدە سائەت 12 بولدى، — دېدى.

مەن ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئۈزۈم ھارىقىدىن بىر قەدەھتىن قۇيۇپ قويدۇم. يوكوياما ماسايۇكى ئەپەندى قولىغا قەدەھنى ئېلىپ:

— ھەممىڭلارنىڭ يېڭى يىلىڭلار قۇتلۇق بولسۇن! ۋەتىنىمىز، زېمىنىمىز ئامان بولسۇن، ۋەتىنىمىز، خەلقىمىز مەڭگۈ گۈللەنسۇن! — دېدى - دە، قەدەھنى كۆتۈرۈۋەتتى.

بىز ھەممىمىز بىر قەدەھتىن كۆتۈرۈشۈپ ياپونچە تاماقنى يېيىشكە باشلىدۇق. يوكوياما ماسايۇكى ئەپەندى ماڭا قاراپ:

— قۇتلۇق ئەپەندىم، تاماق قانداق بولۇپتۇ؟ دەپ سورىۋىدى، مەن جاۋابەن:

— ياخشى بولۇپتۇ. ئەمما شېكەرنى كۆپرەك سېلىۋەتتىڭلارمۇ قانداق؟ — دېۋىدىم. ئۇ:

— شۇنداق، بۇ يىل بېشىدا تاتلىق تاماق يېسىڭىز، بىر يىل جەريانىدا پۈتۈن ئىشلىرىڭىز تاتلىق بولىدۇ، دېگەنلىك، — دېدى ۋە ئارقىدىنلا، — بىز سىلەرگە ياپون خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى بىر ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرەيلى، — دېدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ يېقىملىق ناخشىسى ماڭا گويا قەدىمكى كارۋان يوللىرىنى، بىپايان كەتكەن يايلاقلارنى، ئات چاپتۇرۇپ

ئوغلاق تارتىشۋاتقان يايلاق تۇرمۇشىنى ئەسلەتتى. ئۇلار ناخشىسىنى تۈگىتىشى بىلەنلا بىز چاۋاك چېلىشىپ ئۇلارغا رەھمەت ئېيتتۇق. يوكوياما ماسايۇكى بۇ ناخشىنى بىزگە چۈشەندۈرۈپ:

— بۇ قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان قەدىمكى ياپون خەلق ناخشىسى، ناخشىنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئاھاڭىغا دىققەت قىلسىڭىز، ئۇ سىزگە كىچىك ئارال دۆلىتى ياپونىيىنى ئەمەس، بەلكى بىپايان كەتكەن يايلاقنى، كۆز يەتكۈسىز داللارنى ئەسلىتىدۇ. بۇ ناخشىنى بىز ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد ئېيتىپ كېلىۋاتىمىز. بۇ ناخشا دىل يىپەك يولىدا ئاپىرىدە بولغان. بىزمۇ يىپەك يولىدىن شۇ يىراق ئاراللارغا كېتىپ قالغان كىشىلەرمىز. ياپونىيىدە تاكى ھازىرغىچە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قۇياشقا چوقۇنۇشى، شامان دىنىنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ بولۇشى، قەشقەرلىك مەھمۇدنىڭ دۇنيا بويىچە تۇنجى بولۇپ ياپون خەرىتىسىنى سىزىشى، ياپونىيىدە «يىپەك يولى سىمفونىيىسى»نىڭ ئىجاد قىلىنىشى، موللا بىلال بىن نازىمنىڭ «غازات دەر مۈلكى چىن» ناملىق بۈيۈك ئەسىرىنىڭ قەدىمكى قولىيازمىسىدىن ھازىرقى ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى مېنىڭچە ئاساسسىز ئىشلار ئەمەس. شۇڭلاشقا بىز ئىزچىل تۈردە يىپەك يولى تەتقىقاتىنى ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، — دېدى ھاياجانلانغان ھالدا.

مەن ئۇنىڭدىن:

— سىزچە ئېيتقاندا، ھازىر ياپونىيىدە ئەڭ قىزىقارلىق تەتقىقات تېمىسى يىپەك يولى تەتقىقاتى ئىكەن - دە، — دېدىم. يوكوياما ماسايۇكى ئەپەندى چېچىنى بىر سىلاپ قويۇپ:

— شۇنداق. مەنمۇ بىر قىسىم ماتېرىياللارنى تەييارلاپ قويدۇم. 1998 - يىلى 7 - ئايغىچە بىر كىتاب نەشر قىلدۇرىمەن، — دېدى.

بىز ھەرخىل تېمىلاردا سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ سائەتنىڭ ئۈرۈمچى ۋاقتى 12 بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قاپتىمىز. سائەت ئىستىرىلكىسى ئون ئىككىنى كۆرسىتىپ داڭ ئۇرۇشى بىلەنلا ئۇلار:

— ئەمدى ئۈرۈمچىدە يېڭى يىل باشلاندى. سىلەرمۇ بىرەر ناخشا ئېيتىپ بېرىڭلار، — دېدى.


بىز ئايشىگۈلنى ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق. ئايشىگۈل دۇتتارنى قولىغا ئېلىپ خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنلاشقا باشلىۋىدى، ئۇلار جىمجىت ئولتۇرۇپ ئايشىگۈلنى سىنچىلاپ تىڭشاشقا باشلىدى. ئايشىگۈل بىرقانچە خەلق ناخشىلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن ئېيتىپ سورۇننى بىردىنلا جانلاندۇرۇۋەتتى. يوكوياما ماسايۇكى ئەپەندى ھاياجىنىنى باسالماي:

— قېنى تۇرۇڭلار، ھەممىمىز ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئوينايمىز، — دېدى - دە، بىزنى ئۇسسۇلغا تارتىپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. بىز ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ تاكى سائەت ئىككىگە قەدەر ئولتۇردۇق. سائەت ئىككى بولغاندا يوكوياما ماسايۇكى ئەپەندى قولىغا قەدەھ ئېلىپ سۆز باشلىدى.

— بىز يەنە بىرقانچە سائەت ئولتۇرساق بولاتتى، لېكىن ئەتە بېيجىڭغا ماڭىمىز. شۇڭا مېھمانخانىغا بېرىپ بىر ئاز دەم ئېلىۋالايلى. بۈگۈنكى سورۇننى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ بىرگە ئۈنتۈلماس يېڭى يىل كېچىسىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن قۇتلۇق ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتىمەن. بىزنىڭ دوستلۇقىمىز، ياپونىيە بىلەن يىپەك يولىنىڭ دوستلۇقى مەڭگۈ ياشىسۇن، — دېدى - دە، ھەممىمىز بىلەن بىرلىكتە قەدەھنى كۆتۈرۈۋەتتى. مەن ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆيگە قايتىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بىر - بىرلەپ ئويلاپ، ئۇلارنىڭ بۇ تەتقىقاتىغا تولىمۇ ھەيران بولدۇم. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى راست. دېمىسىمۇ 1988 - يىلى تۈركىيە ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتى تەتقىق قىلىپ يېزىپ چىققان «تۇنجى ياپونىيە خەرىتىسىنى سىزغان قەشقەرلىك مەھمۇد» دېگەن كىتاب ھازىرمۇ مېنىڭ ئۆيۈمدە ساقلانماقتا. بۇ كىتابنى ھەر كۆرسەم مېنىڭدە ئورغۇنلىغان نېمە ئۈچۈن؟ دېگەن سوئاللار پەيدا بولىدۇ. ئىشىنىمەنكى بۇ سوئاللارغا كۆڭلەرنىڭ بىردە ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ مەدەنىيەت ئاچقۇچى كۆمۈلگەن تەكلىماكان جاۋابىنى بېرىدۇ.

## «بىر - بىرىنى بوزەك قىلمايدىغان بالىلار دۇنياسى»

1998 - يىلى 9 - ئايدا ياپونىيىدىن ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەلگەن ياپونىيىلىك بىر ئوقۇغۇچىدىن يوكوياما ماسايۇكى ئەپەندىنىڭ ماڭا ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتى بىلەن كىتابىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئالدىم. كىتاب ناھايىتى كۆركەم، چىرايلىق ئىشلەنگەن بولۇپ، مۇقاۋىسىغا «بىر - بىرىنى بوزەك قىلمايدىغان بالىلار دۇنياسى» دېگەن ياپونچە خەت بېزىلغان. ئاستىغا تۆت نەپەر ئۇيغۇر ئۆسمۈرىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىكەن. بۇ كىتاب



1998 - يىلى 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ياپونىيىدە كىتائوجى شوبو نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر بالىلىرى بىلەن ياپون بالىلىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ۋە مائارىپى» توغرىسىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، يوكوياما ماسايۇكى ئەپەندى يازغانىكەن. كىتابنىڭ بىرىنچى بېتىگە شىنجاڭنىڭ خەرىتىسى چۈشۈرۈلگەن. مۇقەددىمە ئورنىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، كىتاب تۆۋەندىكى باب ۋە پاراگرافلاردىن تەركىب تاپقان.

I باب: ئوچۇق - يورۇق، مۇلايىم ئۇيغۇر بالىلىرى

① مەكتەپ بەكمۇ كۆڭۈللۈك.

② بىز ھەممىمىز بەكمۇ ئىناق.

③ دائىم ئاتا - ئانىسىنى ئويلايدىغان بالىلار.

II باب. ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى

① ئانىسىنىڭ بالا بېقىشىغا ياردەملىشىدىغان بالىلار

② ئىشلەيدىغان بالىلار

③ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئويۇن ئوينايدىغان بالىلار

④ ئاتا - ئانىسى بىلەن ئىناق ئۆتىدىغان بالىلار

III باب. ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئارقىلىق بىز ئۆگىنىدىغان ئىشلار

① ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ھەر كۈنلۈك تۇرمۇش رىتىمى.

② ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارغا نەرسە - كېرەك ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بالىلارنى تەربىيىلەش ئۇسۇلى.

③ ئۇيغۇر ئاتا - ئانىلارنىڭ بالا بېقىش قارىشى توغرىسىدا.

④ بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا ياردەملىشىشى توغرىسىدا.

⑤ بالىلار ئويۇنى توغرىسىدا.

⑥ بالىلار بىلەن ياشانغانلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا.

⑦ چوڭلارنىڭ تۇرمۇش پوزىتسىيىسى توغرىسىدا.

IV باب. ياپونىيىدىكى بالىلارنىڭ بىر - بىرىنى بوزەك قىلىشى توغرىسىدا.

① بۇ بىر ئادەمنىڭلا مەسىلىسى ئەمەس.

② نېمە ئۈچۈن ياپون بالىلىرى روھىي جەھەتتىن كۆتۈرەڭگۈ ئەمەس؟

③ ياپون بالىلىرىنىڭ ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىدا قانداق تەجرىبىلەر قانداق رول ئوينايدۇ.

④ چوڭقۇر تەجرىبىنىڭ كەملىكى.

⑤ نېمە ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن تەجرىبىلىك ئەمەس.

⑥ بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يولى.

V باب. ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئائىلە تەربىيىسى ۋە مەكتەپ مائارىپى

① ئائىلە تەربىيىسى توغرىسىدا.

② ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ مەكتەپ مائارىپى.

كىتابنىڭ ھەربىر باب ۋە پاراگراپلىرىغا شۇ مەزمۇنغا مۇناسىپ ھالدا ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىش قاتارلىق پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەڭلىك سۈرەتلەر بېرىلگەن.

يوكوياما ماسايۇكى ئەپەندى ئۆز خېتىدە «مەن ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ پسىخىكىسىنى تەرىپلەشكە ئىشلەتكەن سۆز - ئىبارىلىرىمنى تېخىمۇ تولۇق، جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەربىر مەزمۇنغا مۇناسىۋەتلىك فوتو سۈرەتلەرنى تولۇق بەردىم. تۇنجى قېتىم يازغان بۇ كىتابىم ياپونىيىدە ياخشى تەسىر قوزغىدى. بىرىنچى قېتىملىق بېسىلىشى پۈتۈنلەي سېتىلىپ بولدى. ئەمدى ئىككىنچى قېتىملىق بېسىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ» دەپ ئالاھىدە ئىزاھات بەرگەن.

مەن بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئوقۇپ ئۆتىنىڭدىكى دەلىل - ئىسپاتلارغا، ئۇلارنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشلىرىگە، تەكلىماكان مائارىپىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئۆز پەرزەنتلىرى ئۈچۈن تەجرىبە - ساۋاق ئىزلىگەنلىكىگە، ئۆز مىللىتىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ھارماي - تالماي تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىغا ئاپىرىن

ئوقۇدۇم.

## خاتىمە

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سىزگە تەقدىم قىلىنغان ئاددىيغىنە بۇ ئەدەبىي خاتىرەمنىڭ كېيىنكى قىسمىدا تارىخ، مەدەنىيەت ھەققىدە ئۆزۈمنىڭ ئاجايىپ كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ياپونىيىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىغا زور تۆھپە قوشقان بىر قىسىم ئۇيغۇرشۇناس ئالىملار بىلەن بولغان سۆھبىتىمنى، يېقىندا ئېيتىپ ئۆتكەن «تۇنجى ياپونىيە خەرىتىسىنى سىزغۇچى قەشقەرلىك مەھمۇد» دېگەن كىتابتىكى بەزى دەلىل - ئىسپاتلارنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن. ئىشىنىمەنكى، سىز چوقۇم بۇ تېمىلارنى سۆيۈپ ئوقۇيسىز. چۈنكى سىز ۋە مەن يىراقتا سوزۇلغان سىرلىق يىپەك يولىنىڭ ئىگىسى ئەمەسمۇ؟

ئاخىرىدا يوكوياما ماسايۆكى ئەپەندىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 19 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى گويا مۇئەللىمگە يازغان خېتىنى دىققىتىڭىزگە سۇنۇشنى لايىق كۆردۈم.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 19 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى گويا مۇئەللىم:

ياخشىمۇسىز، مەكتىپىڭلاردا قىلىنغان زىيارىتىم بەكمۇ كۆڭۈللۈك بولدى. تەتقىقات جەھەتتىنمۇ نەتىجىگە ئېرىشتىم. ياردىمىڭلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ھازىر ياپونىيىدە بالىلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، سەۋەبسىز مەكتەپكە بارماسلىق، روھسىزلىنىش قاتارلىق مەسىلىلەر بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتمەكتە. مەن ئۇيغۇر بالىلىرىنى كۆزىتىش، ياپون بالىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر، ياپون بالىلىرى ھەققىدە «بىر - بىرىنى بوزەك قىلمايدىغان بالىلار دۇنياسى» دېگەن كىتابنى يازدىم.

تۆۋەندە ئۇيغۇر بالىلىرى تۇرمۇشىدىن ھېس قىلغان نۇقتىلارنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

1. ئۇيغۇر بالىلىرى ئارىسىدا بىر بالىنى سىنىپ بويىچە بوزەك قىلىدىغان ياكى بىرنەچچە بالا بىرلىشىپ ھەر كۈنى بىر بالىنى بوزەك قىلىدىغان ئەھۋاللارنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋەبسىز مەكتەپكە كەلمەيدىغان ئىشلىرىنى كۆرمىدىم. ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ مەكتەپكە بەكمۇ ئامراقلىقىنى، روھىي كەيپىياتىنىڭ جۇشقۇن ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

2. ئۇيغۇر بالىلىرى ھەر كۈنى بالدۇر يېتىپ، بالدۇر تۇرىدىكەن. ياپونىيىدىكى بالىلارغا سېلىشتۇرغاندا بەكمۇ رېتىملىق تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ساغلام چوڭ بولۇۋېتىپتۇ.

3. ياپونىيىدىكى بالىلارنىڭ تەلپىي پۈتۈنلەي قاندۇرۇلىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ تېگىشلىك تەرەپلىرىنىلا قاندۇرىدىكەن.

4. ياپونىيىدە بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلارغا ياردەملەشكەنلىكىنى ئاساسەن كۆرگىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇيغۇر بالىلىرى دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ئاتا - ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدىكەن.

5. ياپون بالىلىرى تۈزۈك ئوينىمايدۇ. لېكىن ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، تالادا چوڭ - كىچىك بالىلار بىلەن كۆڭۈللۈك ئوينايدىغانلىقىنى كۆردۈم.

6. ئۇيغۇرلاردا ئاتا - ئانا بىلەن بالىلارنىڭ ئارىسىدىلا ئەمەس، بوۋا - موما، نەۋرىلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت بارلىقىنى، مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.


ئۇيغۇر بالىلىرى مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش، كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنى ئۆگىنىپ، چىداملىق، غەيرەتلىك، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، كۆيۈمچان چوڭ بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

ھۆرمەت بىلەن:

ياپونىيە فۇكوكا مائارىپ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن يوكوياما ماسايۆكى

**ئاپتوردىن:** مەن 1967 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئۈچتاش مەھەللىسىدە سەنئەتكار ئائىلىدە دۇنياغا كەلدىم. 1990 - يىلى پاكىستان ئىسلامئاباد خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ «بۇلاق» ژۇرنىلىدا مۇھەررىرلىك قىلىپ كېلىۋاتىمەن.

ئۈچتاش مەھەللىسىدە چوڭ بولۇۋاتقان بالىلىق چاغلىرىمدا، پۈتكۈل ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ نوپۇسسىزلىق سەۋەبىدىن تارتقان دەھشەتلىك تۇرمۇش باجىئەسى، ئۆز زېمىنىمىزدە نوپۇسسىز يۈرگەنلىكىمىزدىن ئىبارەت بۇ سەرگۈزەشتىلەر يۈرىكىمدە ئېغىر داغ بولۇپ قالدى. ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ پۈتكۈل ئائىلىدىكىلەر جەم بولۇپ تۇرمۇشنىڭ تۇنجى خاتىرجەملىك چېيىنى ئىچكىنىمىزدە، ئانام ئالەمدىن ۋاقىتسىز كېتىپ قالدى. ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ سۆيۈملۈك زېمىن مېنىڭ تىلەكلىرىمنى، غايىلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىشىمغا تۈرتكە بولدى.




## مۇقەددىمە

مەن ئىش ئورنۇمدىن ئەمدىلا قايتىپ كېلىپ تۇراتتىم، مۇھەممەت تۆمۈر ئاكا ماڭا بىر گېزىتنى تەڭلەپ نېمدۇر بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئېغىزىنى ئۆمەللىدىيۇ، ئېغىزىدىن ئاللىقانداق گەپلەر ئەمەس، يىغا ئېتىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ يىغىسى شۇ قەدەر ئېچىنىشلىق، شۇ قەدەر ھەسرەتلىك ئىدىكى، ھەتتا تاشنىمۇ ئېرىتىۋەتكۈدەك ئىدى.

مەن گېزىتقا كۆز يۈگۈرتتۇم، ئۇنىڭغا يېقىندا پۈتكۈل ناھىيىمىزنى زىلزىلىگە سېلىۋەتكەن بىر قېتىملىق زور پاجىئە قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغانىدى. مۇھەممەت تۆمۈر ئاكا مۇشۇ پاجىئەگە يولۇققان ئەخمەتنىڭ ئاتىسى ئىدى.

— سىز قەلەم ئەھلى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوغلۇمنىڭ ساۋاقدىشى، — دېدى ئۇ يىغىدىن يەنىلا ئۆزىنى تۇختىتالماي، — سىز بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاپ ياققان بولسىڭىز...

مەن ھازىردار بۇ كىشىنىڭ گېپىنى يەردە قويماسلىق نىيىتىگە كېلىپ، ئاخىرى ئوسمان ئىسمايىل بىلەن زۇلفەرجاننى زىيارەت قىلدىم. ھالبۇكى، ئۇلاردىن مەن كۈتكەن ماتېرىياللارغا ئېرىشەلمەي بېشىم چۈشكەن ھالدا قايتتىم. نەچچە كۈنگىچە بۇ ئىش كاللامدىن نېرى كەتمەي، ماڭا زادىلا ئارام بەرمىدى. قانداق قىلسام بولار؟... بېشىم قېتىپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر قىز ماڭا ئۆزىنىڭ ھەممە ئەھۋالنى ئېنىق بىلىدىغانلىقىنى، لېكىن بىر نەرسە يېزىپ قالسام ئۆز ئىسمىنى تىلغا ئالماسلىقىمنى ئۆتۈندى. ئۇ، مېنى ناھايىتى ئىشەنچلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى، خۇددى ئۇستا سەنئەتكاردەك ئەخمەت بىلەن مارىيەمنىڭ خاراكتېرىنى تەپسىلىي، بىرمۇ - بىر سۆزلەپ بەردى...

## قەسەم

ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىدىلا بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشقان. ئۇلار 1986 - يىلى دۆلەتلىك ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ئۇرۇمچىدىكى تۆت يىللىق ئوقۇش جەريانىدا بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، كۆيۈنۈشۈپ پەرھاد - شىرىن، لەيلى - مەجنۇنلاردەك ئاشىق - مەشۇقلارغا ئايلانغان. «ئۆزىنى مەڭگۈ ئاشكارىلىمىغان مۇھەببەت ئەڭ يۈكسەك مۇھەببەتتۇر» دېگەن ئەقلىيە سۆز ئەخمەتنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۆزى چوقۇنىدىغان ھايات مىزانى ئىدى. چۈنكى، ئۇ مارىيەمگە نەچچە يىل يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈرۈپ، نۇرغۇن ئازابلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندە ئاندىن ئاران ئېغىز ئاچالىغانىدى. ئۇ ئۆزىنى باشقىلاردىن زىيادە تۆۋەن چاغلايتتى، ئۆز- ئۆزىدىن خۇدۇكسىرەپلا يۈرەتتى. يۈزى قىزلاردەك تۆۋەن، كەم سۆز ئىدى.

ئۇلار مۇھەببەت كىنولىرىدىن ئۈلگە ئېلىپ، تەڭ ياشاپ، تەڭ ئۆلىمىز دەپ قەسەم ئىچىشتى. ئالدى بىلەن خۇدانى، ئاندىن ئاسمان - زېمىننى گۇۋاھلىققا تارتىپ تۇرۇپ مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ئۈچۈن قەسەم قىلىشتى.

ماڭا بۇ قەسەم ئۇلارنىڭ ئورتاق نىشانى، ئورتاق ئارزۇسى ئىدى.

## بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقلار

ماريەمگە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەندە چەۋەندار باشلار نوي - نوكون، كەمچىلىك ئولتۇرۇشلارغا تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇنىڭ «بۇ يۇرتتا مەن قىزلارنىڭ گۈلى ئىكەنمەن» دېگەن تۇيغۇسىنى ئاشۇردى.

ماريەم ناھىيىدىكى ئەڭ ياخشى ئورۇنلارنىڭ بىرى بولغان سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىغا تەقسىم قىلىنىپ ئەخمەتكە خىزمەت كىيىمى بىلەن كۆرۈنۈۋىدى، خۇددى ئاي بىلەن كۈن قوشۇلغاندەك شۇنداق سەلتەنەتلىك، شۇنداق گۈزەل بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ ماريەمنى شۇ يەردىلا ئاغزىغا سېلىۋالغىلى تاس قالدى. كېيىنچە ماريەم ئەخمەتكە ئۈرۈمچىدىكى چاغلىرىدىكىدەك ئانچە بەك ھال - مۇڭ بولماي ئۇنى تەمشۈشكە سېلىشقا باشلىدى. ماريەمنىڭ تاتلىق پىقىنچىلىقلىرى، بىردەم كۆرمىسە چىدىمايدىغان ھالەتلىرى ئۆتمۈشكە ئايلانغاندەك، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە بىر جۈپ مۇھەببەتلىشىۋاتقانلار دەپ قارالغاچقىلا ئەخمەت بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىدى. ئەخمەتكە ماريەمنى شەھەردە ئۆزىدەكلا بىر يىگىت ئازدۇرۇپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى، ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىر خىل كۈندەشلىك، غەشلىك چىرمىۋالدى. ئۇ كۈندە ھاراق ئىچىپ مەست - ئەلەس بولۇپ ماريەمنىڭ ئائىلىسىگە كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ، ئۆگەن يېزىدا ئىشلەۋاتقىنى بىلەن كاللىسى شەھەردە ئىشلەۋاتقان ماريەمدە ئىدى. ئۇمۇ ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ، ھەتتا مۇھەببەت كەلگۈسىگە نىسبەتەن پەرۋاسىز بولماقچىمۇ بولدى، لېكىن ئۇ بۇنداق قىلالمايتتى. ماريەمنىڭ مۇھەببىتى ئۇنىڭ بىردىنبىر بەختى، شادلىقى، ئارمىنى ئىدى. بۇ دۇنيادىكى ماريەمدىن باشقا جىمى قىزلارنىڭ ھەممىسى قەغەز يۈزىدىكى ئۆلۈك، جانسىز، ھېسسىياتسىز سۈرەتتىن ئۆزگە نەرسە ئەمەس ئىدى.

ماريەم خىزمىتىنى قىزغىن ئىشلەيتتى. كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە قىزغىن ئىدى، مەيلى ئەر مەيلى ئايال بولسۇن ئاسانلا چىقىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىنتايىن چىرايلىق بولغاچقا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشقا، تونۇشۇشقا ئىنتىلىدىغان ئەرلەر كۆپ ئىدى، ئەرلەرنىڭ پاراڭلىشىش، سورۇنلاردا بىللە ئولتۇرۇش تەلەپلىرىنى ئۇ ئادەتتە رەت قىلمايتتى. ئەخمەتنىڭ نەزەرىدە ئۇ ئۇقەتچىلەر بىلەن ئېلىم - بېرىم قىلىدىغان بولغاچقا، ئەخمەتكە ئاشۇ بايۋەچچىلەر بىلەن چەكتىن ئاشقان مۇناسىۋەتتە بولغاندەك تۇيۇلىدىغان بولدى.

— نېمە بوپتۇ، ئەرلەر بىلەن تونۇشۇپ ئۆتسەم بولمامدىكەن؟ خىزمەت ئېھتىياجى تۇرسا، ئۇلار سىز ئويلىغاندەك ئەسكى ئادەملەر ئەمەس، بىر يەرگە چاقىرسىلا بىر ئىش بوپ كېتەتتىمۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنى كەلگەنلا ئادەم بىلەن مۇھەببەتلىشىدىغان پەس كۆرمەسسىز، ئۇنداق ئادەم مېنى تاشلاپ باشقىنى تېپىۋالسىڭىز بولامدۇ؟

ئەخمەت ماريەمنى باشقۇرۇشتا ئاجىزلىق قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى، نېمە ئۈچۈن؟ توغرا، ئۇ ماريەمنىڭ ئېرى ئەمەس، ئەخمەت ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ ئەرلىك ھۆكۈمرانلىقى بىلەن ئۇنى ئىدارە قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ماريەمنىڭ ئۆيىگە ئادەم كىرگۈزۈۋىدى، ئۇنى «زابويكەن» دەپ ئائىلىسىدىكىلەر بۇ تويغا قوشۇلمىدى. ئەخمەت ماريەمگە «ئەگەر سەن مەن بىلەن توي قىلمىساڭ، ئەر ئالغۇسىز قىلىۋېتىمەن، ھەتتا سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىنمۇ يانمايمەن» دەپ تەھدىت سالدى. ئۇ ماريەمنىڭ بۇرۇنقى ئاشۇ قىزغىن، كەمتەر، مۇلايىم ماريەم پېتى يېنىغا قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، شۇڭا ماريەمگە داۋاملىق يېپىشتى، بۇ ئەسلىدە ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش مەقسىتىدىكى ئورۇنۇش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەكسىچە رول ئوينىدى. ئاچچىقلىنىش، تاپا - تەنە قىلىش، كۈنلەش، ئاقۋەتتە تەھدىت سېلىشلار نەتىجىسىدە ماريەمنىڭ ئەخمەتتىن كۆڭلى تەلتۆكۈس قالدى. ماريەم بۇرۇنقىدەك ئەخمەتنى سېغىنىدىغان ماريەم بولماستىن ئەخمەتتىن قورقۇپ قاچىدىغان، بىزار بولىدىغان ماريەمگە ئايلاندى. ئۇ ئانارگۈلگە: «مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلاي دېسەم تېخى، توي قىلماي دېسەم تېخى! ... ئۇ قىلىمەن دېگىنىنى قىلماي قويمايدۇ، ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن» دەپ يىغلىدى.

ئەخمەت ئاخىرى مۇرادىغا يەتتى. ئۇلار نىكاھىنى داموللىغا ئوقۇتۇۋېلىشتى، چوڭلارنىڭمۇ بۇنىڭغا قارشى

تۇرۇپ ئۆلگۈرگىنىدەك ئامالى بولمىدى.

## ئۆلارنىڭ نىكاھ ئىستىھكامى

مارىيەم ھەر كۈنى ئايدەك چىرايىغا يەنە بىر قەۋەت نىپىز گىرىم قىلىپ پوزۇر كىيىملىرىنى كۈندە نەچچە ۋاق ئالماشتۇرۇپ يۈرەتتى، بۇنداق ئارتۇقچە ياسىنىش كىم ئۈچۈن؟ ئەخمەت ئايالىغا پۇلدارلارنىڭ كۆزى چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ ئۇنىڭ ئادەتتىكىدەك يۈرۈشىنى تەشەببۇس قىلاتتى. مارىيەم باشقىلاردىن ئارقىدا قېلىشنى خالىماي ئۇستى - ئۇستىلەپ قەرز ئېلىپ بولسىمۇ، كىيىم - كېچەكلەرنى پوزۇر كىيىپ رېستورانلارغا، چاقىرىلغان مېھماندارچىلىقلارغا بېرىپ تاماشا قىلىۋەردى، ئېرى نەسىھەت قىلىۋىدى، ئۇ سۆزمەنلىكى بىلەن ئەخمەت بىلەن سوقۇشۇپ ئۆزىنىڭ «كىشىلىك ھوقۇقى»نى كۆرسىتىپ قويدى.

ئېرى بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا جىسمانىي بېسىم ئىشلەتمەكچى بولدى. ئۇ ئايالىنىڭ ئەر خەقلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئەركىن ئۆتۈشنى پەقەت خالىمايتتى. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە خىرىس قىلىۋېرىشى بىلەن ئارىدىكى ھاڭ زورىيىپ، ئاخىرى ئۇلارنىڭ نىكاھ ئىستىھكامى لىڭشىپ قالدى. خوتۇنى ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بولغۇسى ئوغلىغا قورساق كۆتۈردى. باشقىلار ئۇنىڭدىن «ئېرىڭنى بۇرۇنقىدەكلا ياخشى كۆرەمسەن؟» دەپ سورىغۇدەك بولسا، ئۇ «ھەئە» دەپ جاۋاپ بېرەتتى. ھالبۇكى، ئۇ ئۆيگە كېلىپ ئاخشام - ئەتىسى ئۆزىنى تولىمۇ بەختسىز ھېس قىلىپ يوشۇرۇن كۆز يېشى قىلاتتى.

## جەڭگاھ

ئەخمەت ئۆي قىسىنچىلىقىدىن قېينى ئاتىسى بىلەن بىر قورۇدا ئولتۇرۇپ قالغانىدى. ئۇ باشقىلار بىلەن تۇرۇۋاك ئارىلاشمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىرەر سورۇنلارغا بېرىشقا بەك قىزىقىپ قىلاتتى. خوتۇنى «ئەتىدىن - كەچكىچە يا ئۆزى تالا - تۈزگە چىقمىغان، يا ئادىمنى چىقاتمىغان، زېرىكىپ ئۆلەي دېدىم، خەقمۇ خوتۇنلىرىنى ئۇ يەر - بۇ يەرگە ئېلىپ ئويناپ كېلىدىكەن» دەپ غۇدۇڭشۇپلا يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئۇنى تويغا ئاپىرىپ كېلىش نىيىتىدە

ئۆيگە قاراپ چاپتى. بۇ 1993 - يىلى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئىدى. ئۇ ئايالىنى ئاماق ئېتىپ ئۆيى ساقلاپ ھالى قالمىدىمىكىن دەپ يول بويى شۇنچە ئالدىراپ ماڭغاچ، ۋېلىسىپىتى بىلەن بىر قارا ماشىنىنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتىپ ئۆلگىلى تاس قالغانىدى. ھالبۇكى، ئۇ ئۆيگە ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلگەندە ئۆيدە ئايالى كۆرۈنمەيتتى، بالا باققۇچى قىزدىن سوراپ بىقىۋىدى، ئۇنىڭ ئاللىقاچان بىر نەزىرگە كېتىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. شۇ تاپ كەچلىك ئاماق تەخ بولۇش تۈگۈل مەشكىمۇ ئوت يېقىلمىغان، ئۇن بىر ياشلىق جۇلدۇر كىيىمەن بالا باققۇچى بىلەن ئۆز ئوغلى سوغۇقتىن تۈگۈلۈپ پوتلىسىنى تارتىپ دىرىلدىمەكتە ئىدى. ئۆيدە مۇدھىش سوغۇق ئۇچۇپ يۈرەتتى.

«ھىم، - دېدى ئۇ ئىچىدە، - نەزىرگە كېتىپتىمىش تېخى، مۇشۇنداق كەچتە نەزىر نېمىش قىلىسۇن؟... كەلسە كۆرگىلىكىنى بىر كۆرسەتمەيدىغان بولسام ئوغۇل بالا بولماي كېتەي!»

شۇ كۈنىسى خوتۇنى تولىمۇ كەچ قايتىپ كەلدى. ئۇ كەلگۈچە ئەخمەت ئۇنىڭ يولىغا تولا قاراپ كۆزى تېشىلەي دېدى. خوتۇنى كەلمىگەنچە ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەچمىگەن خىياللار كەچتى. ھەتتا ئۆزى پەرەز قىلغان ئەرلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ ئوغرىلىقچە مارىلاپ بېقىشنىمۇ ئويلىدى. بىراق بۇنداق قىلىشقا ئۇنىڭ ئەرلىك غۇرۇرى كۆتەرمىدى.

ئۇ دىسلەپ خوتۇنىنىڭ چىرايىغا، ئاندىن چېچىغا سەپسالدى. ئەتىگەندە ئۆلار ئىشقا بارىدىغاندا ئۆيدىن بىللە چىققانىدى، بۇ چاغدا ئۇ يۈز- كۆزىگە بولۇشچە گىرىم قىلىپ ماڭغان، ئەمدىلىكتە بۇ گىرىملىرى نەگىدۇر يوقالغان بولۇپ، گىرىمنىڭ ئىزناسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ كۆپۈشۈپ، تۈزغۇپ تۇرىدىغان چاچلىرىدىكى نەملىك تېخى تۈگەل يوقالمىغان بولۇپ، خۇددى يىلىم چېپىۋالغاندەك چاپلىشىپ تۇراتتى.

«گۇمانىم راستقا چىقتى، - دەپ ئويلىدى ئەخمەت، - ئەر قىلسا بالىغا، خوتۇن قىلسا ئەرگە دېيىشىدۇ، مېنى شۇنىڭغا دوملە بېسىپ تاس قاپتىكەنمەن-دە، جاندىن ئايرىلىپ قالغىلى ...»

ئۇ، خوتۇنىغا قاراپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئەلەمدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، ئۆيدە پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بىر بېسى بۇياندىن - ئۇيانغا، ئۇياندىن - بۇيانغا مېڭىپ تېپىرلاپ كەتتى. خوتۇنى «بۇندىن كېيىن ساڭا بىلدۈرۈپ تۇرۇپ ئويناپمەنغۇ تازا، قېنى، بىلسەڭ قانداق قىلالايتتىڭ» دېگەندەك قىلىپ مىسقىدا سوغۇق،

مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى، بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ تېخىمۇ جان - ئىمانى ئۇچۇپ كەتتى:

- ھۇ ياسكىنا، - دېدى بوراندەك گۈركىرەپ، - نەلەردە قىچقىشنى چىقىرىپ يۈردۈڭ؟ - ئۇ خوتۇنىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىن ئۆلاپلا، - مەن تېخى سېنى تويغا ئاپىرىپ كۆڭلىنى ئېچىپ كېلەي دېيىشنى ئەخمەق بوپ. سەن جالاپنىڭ دۇمبىسىگە كېتىپ ئاس قالدىم، ماشىنىنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلگىلى...

- ئۆلسەڭمۇ بوپتىكەن...

بۇ كۆزىگە گالاچ - گۈلۈچ تەگكەن مۇشت ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ قويدى. ئەخمەتنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلىكى قالمىغانىدى. ئۇ، ئاچچىق، ئەلەم، خورلۇق دەستىدىن كۆكرىكىنى تۆمۈر ئارىدەك بىرنەرسىگە ۋاقىتىدە ئۇرۇپ ئۆلۈۋالغۇدەك بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى تۇتالماي ھاسىراپ - ھۆمۈدەيتتى، لاغىلداپ بەزگەكتەك تىترەيتتى.

بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن باللار بىر چەتتە شۈمشىيىپ ھەدەپ يىغلىغىلى تۇردى.

ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ قېيىنى ئانىسى ئىشكتىن بېشىنى تىقتى:

- قويە، ھاراقكەش كۆشەندى ئوغرى قىزىمنى، سەن تېخى ئۇنىڭغا قول تەگكۈزگىدەك بولدۇڭما تېخى!... - قېيىنى ئانىسى نۇرخان ئەخمەتنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ جارتىندە مەيدىسىگىچە يىرتىۋەتتى - دە، ۋارقىرىدى، - ھوي دادىسى، چاپسان كىرىڭلا، قىزىمىزنى ما ئوغرى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قوياي دېدى!...

قېيىنى ئاتىسى ئوسمان ئىسمايىل بىلەن قېيىنى ئاكىسى قۇربان سابىر دۈپۈرلەپ كىرىپ كەلدى.

- نېمە قىلغانىغا ئۇرىسەن، سىڭلىمنى ۋۇ لامزەللە، قەغەز پۇرۇك گۆي، - دېدى قېيىنى ئاكىسى ئارىغا چۈشۈپ.

- نەزىرگە بارىمەن دەپ قويۇپ، مۇنچىغا بېرىپتۇ بۇ سارالى، - دېدى ئەخمەت ئاچچىقى تېخىچە بېسىقماي.

- مۇنچىغا باسا نېمە بوپتۇ، باسا بوممايدىغان يەمكەن ئۇ؟ - دېدى مارىيەمنىڭ ئاپىسى، - گېپىنى قاراڭلا، بۇنىڭ.

ئەخمەت ئەپسىز بولغاچ نېمىدەپ جۆشەندۈرۈشنى بىلمەي ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ تۇرۇپ قالدى.

- بىز ساڭا قىزىمىزنى، ئۆيىمىزنى بېرىپ قويساقمۇ، بىكاردا قالغان ئىتقە - چاقىسىز خوتۇنىڭىغىنى بۇ دەپ بوزەك ئەتكىلى تۇردۇڭما، ھەي گۆي - دېدى قېيىنى ئاتىسىمۇ ساقاللىرىنى تىترىتىپ.

- ماڭە، ھەي ئەرگە تويمايدىغان مادا، - دېدى قېيىنى ئانىسى ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئالدىغا سېلىپ، - بىز شۇنچە تۇسىساق ئۇنىماي ئۆزۈڭ ئارزۇلاپ تەگكەن ئەر مۇشۇمۇ؟! نېمىگە گۆشۈرۈپ تۇرىسەن يەنە، - ئۇ پۇتىدىكى ساپما كەشنى سېلىپ قىزىنىڭ ئۇدۇل كەلگەنلا يېرىگە پاقىلدىتىپ ئۇرغىلى تۇردى، - سەنمۇ خەقنىڭ خوتۇنلىرىدەك ئېرىڭگە شوۋا ئىچكۈزۈپ ئويناپ يۈرسەڭ، ئېرىڭگە تېتىپ كېتەتتىڭ، ۋاي ئېرىم دېسە، ۋاي ئېرىم دەپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي، ئۆيدىن تالاغا چىقمىساڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالسەن ئاشنىداق.

قېيىنى ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا تاپا - تەنە قىلىپ خوتۇنىنى ئۇرۇشى، جاندىن ئۆتكۈدەك سېسىق گەپلىرى ئۇنىڭغا



تېخىمۇ ھار كەلدى.

شۇ ئىشتىن كېيىن خوتۇنى بۇ ئۆيگە كىرمەي قويدى، ئۇ چوڭلاردىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايتتى. بەلكىم بۇ ئۇنىڭ يامانلاپ كەتكىنىدۇ ياكى ئۇنىڭ قايتىپ كىرگۈسى بولسىمۇ ئۆيدىكىلەردىن خىجىل بولغىنىدۇ ۋە ياكى قىلغۇلۇقنى قىلىپ قويۇپ، ئېرىدىن قورقۇپ كىرەلمەيۋاتقاندۇ. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئەخمەت بولسا قېيىنى ئاتىسىنىڭ بېشىدا ئۇرۇۋېرىشنى ئەپسىز ھېس قىلىپ ئۇمۇ ئۆزىنىڭ چوڭ ئۆيىگە بېرىۋالدى.

بىر كۈنى ئۇ خوتۇنىنىڭ ئىدارىسىگە تېلېفون بەردى:

— ئىشىڭنى تاشلاپ چاپسان چىق، مەن سوتتا، سېنى ساقلاۋاتىمەن...

— نېمە بولدى؟...

— ئارتۇق سۆزلىمە، ھۆ قارايۈز پاسكىنا، تېخى قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرگىنىنى بۇنىڭ!... غاچ بول، سەن بىلەن ئاجرىشىمەن...

ئايالى ماقۇل دېگەن بولسىمۇ كاشكى، ئۇنىڭ قېشىغا چىقماي قويدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ داۋاملىق ئۆيىنى تۇتۇپ قالغۇسى باردەك قىلاتتى. لېكىن بولغۇلۇق بولدى، بۈگۈن بولمىسا ھامان باشقا بىر كۈنى ئۇنى قويۇۋېتىمەن، ئۇنىڭ كۆتىگە تېپىمەن...

شۇنداق قىلىپ ئۇلار يەنىلا ئاجرىشالمىدى، ئەكسىچە خىزمەتداشلىرى ئۇلارغا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ يۈرۈپ ئەپلەشتۈرۈپ قويغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىش تۈگەل ئەكسىچە ئۆيدە ماجىرا تېخىمۇ كۆپەيگىلى تۇردى... ئۇلار ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوقلا ئاجرىشىمىز دەيتتى، لېكىن ئاجرىشالمايتتى. بۇرۇنقىدەك چىرايلىق ئۆتمەكچىمۇ بولاتتى، بىراق چىرايلىق ئۆتەلمەيتتى.

ئەخمەت ئۇنى ئۆزىگە خىيانەت قىلدى، مەن بۇنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئۆي تۇتۇۋاتىمەن، مەنمۇ بىر ئەركەكمۇ؟!... دەپ ئۆز - ئۆزىگە نەپرەتلىنەتتى. ئۇنى دەرھال قويۇۋېتەي دېسە، يەنىلا ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالغانىدى. ئۇ، خوتۇنى بىلەن ھەر نۆۋەت بىرگە بولغاندا ئۇنى ئاللىقانداق بىر ئەرنىڭ قوينىدا ياتقان ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى، بۇنداق چاغدا ئۇ ئۆزىنى ئايالىغا كۆرسىتىپ قويمىسا، ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئەرلىك جاسارىتىنى بىر كۆرسىتىپ قويمىسا بولمايدىغاندەك ھېس قىلاتتى. باشقا يات ئەركەكلەرنى خىيالىغا كەلتۈرگەندە ئايالىغا بولغان قىزغىنىش، كۈندەشلىك ياكى ئايالىغا بولغان قىساس تۇيغۇسىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى باشقىچە بىنورمال پسىخىكا كۈچىدىنمۇ، ئىشقىلىپ ئۆزىمۇ سەزمەستىن قاتتىق ئەسەبىيلىشىپ «مەن سېنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن، ھېچكىمگە تاشلاپ بەرمەيمەن» دەپ ئۆز - ئۆزىگە شىۋىرلايتتى ۋە ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلاتتى. ھالبۇكى، ئەتىسىلا يەنە بۇ نىيىتى ئۆزگىرەيتتى. چۈنكى ئۇنى ھەممە خەقلەر مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك، ئەيىبلەۋاتقاندەك، ئۇنىسى بولۇنۇشىغا كىشىنىدىن تىللاپ، بىرگىنىپ يۈرۈشۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئەل ئارىسىدا باش كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە سالاھىيىتى تۇشمايدىغاندەك قىز - خوتۇنلارنىڭ كۆزىگە ئەمەس، ھەتتا ئۆزىنىڭ يۇرۇقى ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ كۆزىگىمۇ تىككىلىپ قارىيالماس بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قەلبى، ئۇنىڭ روھى ئاللىقاچان ئۆلگەندەك سوۋۇشقا، مۇرلاشقا باشلىدى. ئۇ ئۆز ئايالىنى ھەرقانچە بولسىمۇ ئۆزىگە خىيانەت قىلىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ دەپ قاتتىق ئىشىنەتتى، بىراق ئۇنىڭ قارىشىچە ئاچچىق رېئاللىق ئالدىدا بىر ھەقىقىي ئەركەك بولغان كىشى كۆز يۇمۇپ چىداپ ياشاۋەرسە بولمايتتى...

ئۇ، ئەنە شۇنداق قالايمىقان خىياللارنى تولا قىلىۋېرىپ ئېلىشىپ قالايلا دېدى. ئۇ ھازىرقى تۇرمۇشىدىن زىنھار رازى ئەمەس ئىدى، ئەمما تۇرمۇشنى قانداق قىلغاندا كۆڭۈلدىكىدەك ئۆزگەرتكىلى بولىدىغىنىنى بىلمەيتتى. ئۇنچىلىك جاسارىتىمۇ يوق ئىدى. «تووۋا، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — مەندىكى ئۇغۇللۇق غۇرۇر نەگە كەتتى - ھە! ئۇ مېنى يا ئۇيانغا، يا بۇيانغا قىمىرلىيالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ، بۇ مەن تەشنا بولغان، مەن ئۆز دىنىم دەپ ئېتىقاد قىلىپ يۈرگەن شۇ مۇھەببەتنىڭ كۈچىمۇ، شۇ مۇھەببەتنىڭ مېنىڭ بىر ئۆمۈر تۆلىگەن بەدىلىمگە بەرگەن ئىنئامىمۇ؟! ئەگەر مۇھەببەت راستىنلا مېنى شۇنداق بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان بولسا، دۇنيادا مۇھەببەت دېگەن ئۇنداق بىر كاللەك يوق كۆزۈمدىن يوقالسۇن!...

ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئاخىر ئاجرىشىپ كەتتى. ئۇ، بالىسى زۇلقەرنەيننى ئانىسىغا بېرىۋەتتى. ئەسلىدە ئۇ تۇنجى مۇھەببىتىنىڭ بىردىنبىر يالدامىسى بولۇپ قالغان ئوغلىنى ئۆزى بىر ئۆمۈر يېنىدىن ئايرىماي، ئۆزى ھەمراھ بولۇپ، ئۆزىنىڭ ساپ سۆيگۈگە تولغان يۈرىكىنىڭ قېنىنى سەرپ قىلىپ بىر قوللۇق تەربىيىلەپ چىقىشنى ئويلىغانىدى. ھالبۇكى، ئاجراشقاندا بالىنى ئېلىش ئەر ئۈچۈن نومۇسلۇق ئىش ھېسابلىنىدىغان بۇ يېزىدا ئۇ تېخىمۇ باش كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيتتى، بۇمىغۇ بىر نۆۋرى، ئەڭ مۇھىمى بالا ئانىسى بىلەن تۇرسا ئارىلىقتا خوتۇنىنى كۆرگۈسى كەلگەندە بالىنى كۆرۈۋېلىش باھانىسىدا بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشالايتتى. ئەگەر ئۇنداق بولمىدى دېگەندىمۇ ئوغۇل بالا ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئاپىسىنى يامان يولدىن توسۇپ قالالايتتى ياكى ئاپىسىغا ئۇيناشقا ئۇنداق كۆپ پۇرسەت بارىتىلمايتتى...

نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ بۇنداق ئويلاپ ئۆزىنىڭ بىر بالىنى تاپۇت قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ يىرگىنىشلىك شەخسىيىتىنى ئۈچۈن بىر نارەسىدە بالىنى قۇربان

قىلىۋېتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. مەن شۇنچە بىچارە، شۇنچە ئاجىز، شۇنچە ئېپلاس ئادەممۇ ـ ھە! مېنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىغىنىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى، نېمە رولى؟ ياق، مەن ياشىمايمەن، بۇنداق ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان بىرگىنىشلىك قىسمىتى، بىرگىنىشلىك يۈرىكىمنى ئۆلۈش ئارقىلىق بىر يولى ئۆلتۈرۈپ تاشلايمەن، بىر يولى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىمەن!...

ئۇ، ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلدى. ھەر خىل ئۆلۈمنى، قاچان ۋە قانداق ئۇسۇلدا ئۆلۈۋېلىش كېرەكلىكىنى ئالاي ـ تالاي قېتىملاپ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. بىراق ئۇنىڭ قەلبى يىرگىنىش بىلەن، ئىنتىقام، قىساس يالقۇنى بىلەن تولغانىدى: ئۆز خوتۇنىنى يولدىن چىقارغان ، ئۇلارغا مۇشۇ سورۇقچىلىقنى سالغان چوشقىنى تۇتۇۋېلىپ بۇرنىغا سىيىششى، ئۇنى بىر يەرگە مەھكەم باغلاپ قويۇپ گۆشىنى بىر چىمدىم، بىر چىمدىمدىن گال پىچاق بىلەن شىلىۋېلىپ نەچچە كۈن قىيناپ ئۆلتۈرۈشى كېرەك. شۇندىلا ئۇنى تۇتۇپ خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا ئېتىۋېتىشمۇ يۇخادىن چىقىدۇ، ئارمانسىز كېتىدۇ.كۈندىن ـ كۈنگە ئۇ تېخىمۇ كەم سۆزلىشىپ، جىمغۇر، ئادەم خالىماس بولۇپ قالدى. ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىنىڭ سامانىدەك سارغىيىپ، قورايدەك ئۇرۇقلاپ بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان تۇرقىغا قاراپ كۆز يېشى قىلاتتى. بىر كۈنىسى ئاپىسى ئۇنىڭغا، ئاتىسىنىڭ مەرەك دېگەن پاسكىنا ئوغلۇمغا بىرنەرسە ئىچكۈزۈپ ساراڭ قىلىپ قويۇپتۇ، دەپ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ يىغلاپ تاشلىغىنىنى ئېيتىپ بەردى.ئاتىسى باغرى تاش بولۇپ ئۇ ئەقلىنى بىلگەندىن بۇيان بىرەر نۆۋەت ياش تۆكۈپ باققىنىنى بىلمەيتتى. راستىنلا ئاتامۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتقۇدەك، ئۇنىڭمۇ باغرىنى ئەزگۈدەك شۇنداق بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغانمەنمىدۇ؟ ... ئۇ، مارىيەمدىن نەپرەتلەندى.

بىر كېچىسى ئۇ مارىيەمنى چۈشەپ قالدى. ئۇ، كۈپكۈندۈزدە، يەنە كېلىپ كوچىدىلا بىر نەچچە لۈكچەكنىڭ مارىيەمنى تۇتۇپ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئاياغ ئاستى قىلىش ئالدىدا تۇرغۇدەك. ئۇ، مارىيەمنى يەنىلا ئاجراشمىغان، بەلكى ئۆزلىرى قەسەم ئىچىشكەن چاغ دەپ تەسەۋۋۇر قىلغۇدەك.

ـ قۇتقۇزۇڭلار، ـ دەپ ۋارقىراپتۇ مارىيەم.

ئۇ، ئۇچقاندەك بېرىپ ئۇلارنى ئۇرۇپ ـ تېپىپ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بوپتۇ، شۇغىنىسى بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرسىمۇ خۇددى بىرسى چەمبەرچاس باغلاپ قويغاندەك مىدىر ـ سىدىر قىلالمىغۇدەك... ئۇلار ئۇنىڭ كۆزىچىلا بىر ئىشلارنى قىلغىلى تۇرغۇدەك ... ئۇ، قاتتىق بىر نەرە تارتىپلا ئۆز ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ، شۇ ئويغانغانچە نەچچە سائەتكىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. بۇ چۈش نېمىدىن بېرىلگەن بېشارەتتۇ؟ ئۇ، راستىنلا مېنىڭ قۇتقۇزۇشۇمغا موھتاج بولۇۋاتقانمىدۇ؟ ...

ئەتىسى بىر كۈن كەچكىچە چۈش يەۋالغان ئادەمدەك كۆڭلى غەش بولۇپ ئۆتتى. ئاخىر ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى ئۇنتۇيالمايدىغان ئوخشايمەن، دەپ ھەسرەت بىلەن چوڭ ـ كىچىك تىنىدى ئۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە قولىنى سېلىپ باققاندا، ھەقىقەتەن يەنىلا مارىيەمگە كۆڭلى بار ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىراپلا ئاجرىشىپ كېتىپ قالغانلىقىنى بىلدى، كۆپ ئۆكۈندى... ئۇ، ئۇزاق ۋاقىت ئويلىنىش ئارقىلىق ئايالى بىلەن يارىشىۋېلىش نىيىتىگە كەلدى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ يۈرىكى مارىيەمگە سوقاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مارىيەم ھەققىدىمۇ سۆز ـ چۆچەك كۆپ بولۇپ، كىشلەرنىڭ ئېغىزىدىن ئۇنىڭ باشقا بىرسىگە ياتلىق بولۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ ئايالىنى باشقىلارغا ئىككى قوللاپ بېرىۋېتمەكچى ئەمەستى.

بىر كۈنى ئۇ ناھىيىلىك پاختا زاۋۇتىنىڭ ئارقىسىدا كېتىۋېتىپ يولدا يالغۇز كېلىۋاتقان مارىيەمنى ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇ، بۇرۇنقى ئايالىنى كۆرۈپ نېمىشقىدۇر يۈرەكلىرى سوقۇپ جىددىيلىشىپ قېلىۋاتاتتى.

ـ ھە، سەپەر نەگە؟ـ دېدى ئۇ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ. خىيالىدا ئەگەر ئۇ قىلمىشىغا پۇشايمان قىلغان، ئۆز خاتالىقىنى تونۇغان بولسا يەنە يېنىشۋالسام يېنىشۋالارمەن دەپ ئويلىغانىدى، ـ ئويۇن ـ تاماشاغىمۇ تويغانسىلە... بوينىڭلىغىمۇ ئالتۇن زەنجىر چىقىپتۇ، قارىغاندا بىرەر بايۋەچچە بىلەن تېپىشىپ قالغان ئوخشىمامسىلە؟ـ ئۇ ئامال بار سىلىق ـ سىپايە سۆزلىمەكچى ئىدى، شۇغىنىسى جىددىيلىشىپ قالغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئويلىمىغان يەردىن يوقىرىقىدەك قوپال گەپلەر ئېغىزىدىن چىقىپ كەتتى.

ـ ھۇيت نوچى، نېمە دېۋاتىلا!ـ دېدى مارىيەم قاپاقلىرىنى ئۇچۇرۇپ، ـ سىلە قەدرىمنى بىلمىگەن بىلەن، خەق قەدرىمنى بىلىدىكەن. ئۆزلىرى ئىگە بولالمىغاندىكىن خەق ئاشۇنداق ئالتۇن زەنجىرلىنى سېپ قويىدىكەن!...

ـ ئاغزىڭنى چاپقا، ۋۇ پاسكىنا!...ـ ئەخمەت ئۇنى بۇنداق گەپ قىلىدۇ دەپ ھەرگىز ئويلىمىغان، بەلكى ئەخمەت ئۇنى سېغىنغاندەك ئۇمۇ ئەخمەتنى سېغىنىپ

ئاران قالدى دەپ ئويلىغانىدى. ئۇنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىغا تېگىشنى كىم بىلسۇن؟... كۆڭۈل دېگەن سارالڭ نېمە، ئۇ ياخشىنى تاشلاپ ئەسكىنى تارتىدۇ، دېگىنى راستكەن - دە!

ئېغىزىدىن شۇ گەپ چىقىشى بىلەن ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىمۇ ئىختىيارسىز ھەرىكەتكە كەلدى. مارىيەمنى ئۇرۇپ - تېپىپ چىتلاقتا پۇرلاپ تىقىۋەتتى. بۇ ئارقا كوچا بولغاچقا ئادەملەرمۇ ئاز ئۆتەتتى. شۇڭا مارىيەم ھەرقانچە يىغلاپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ باققان بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى، ئۇنى ھېچكىم كېلىپ قۇتقۇزۇۋالمىدى.

مارىيەمنىڭ بىر بېلىكى سۇنغاندىن سىرت ئىچىگە قان تولۇپ كەتكەچكە دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى.

بۇ ئىش مارىيەمنىڭ ئۆيىدىكىلەرگە ھار كەلدى. شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ، خېتىنى بېرىۋېتىپ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى قالمىغان ئايالىغا مۇشتۇمزورلۇق قىلىش نېمدېگەن قاملاشمىغان ئىش! ئۇلار جانغا جان، قانغا قان ئالىدۇ!

ھالبۇكى، مارىيەم بۇنداق قىلىشقا زادىلا قوشۇلمىدى. ئۇ، بۇنداق قىلساق ئۆزىمىزگە ئىش تېپىۋالىمىز دەپ ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئويان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ ئاخىرى ئەخمەتكە داۋاملىق خىزمەت ئىشلەپ كۆرمەكچى بولدى. بىراق ئۇنىڭغا كىم ۋە قانداق خىزمەت ئىشلىيدۇ؟ ھېچكىم بىلمەيتتى.

- مەن بىر ئامال تاپتىم، - دېدى مارىيەمنىڭ ئىنىسى ئەخمەت .

- قانداق ئامال ئۇ؟

- بۇنىسى مەخپىي، كېيىن بىلىسىلەر.

ئەخمەت بىر ئاغىنىسىنى ئىشقا سېلىپ، بۇرۇنقى قېينى ئاكىسى ئەخمەتكە بىر ئەمەلدارنىڭ قىزىنى سايە قىلدى. ئۇ بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆز ھەدىسىگە بولغان قىزىقىشىنى پەيدىنپەي يوقاتقىلى، ھەدىسىنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىشنى توسقىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

ھالبۇكى، ئەخمەت «يەنىلا بالامنى ئانىسى بىلەن ئۆزۈم باقاي!» دېگەن جاۋابنى بەردى.

بىر كۈنى ئۇ ھاراق ئىچىپ غەرق مەست بولغاندا، بىردىنلا بۇرۇنقى خوتۇنى ئېسىگە كېچىپ قالدى. نەدە بولمىسۇن بىر كۆرۈشۈپ، ئۇنى يوقلاپ كېلەي دېگەنلەرنى ئاران - ئارانلا ئويلىيالىدى ئۇ.

ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قېينى ئاتىسىنىڭ مەھەللىسىگە كەلگەندە «ئارقاڭغا ياڭ، ھەرقانچە ئەسكى بولسىمۇ مەست پېتى قېينى ئاتا - قېينى ئانىلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈش ياخشى ئىش ئەمەس» دېدى ئۆز - ئۆزىگە. ئارقىغا بېسىپ بىرنەچچە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا خۇددى ئۇنىڭ بۇ يەرگە مارىيەمنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى مارىيەمنىڭ يۈرىكى سېزىپ ئۇنىڭ ئارقىدىن چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ نەچچە رەت ئارقىغا قاراپ بولدى. ئەمما مارىيەم خۇددى ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىۋالغاندەكلا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ، ئەدىنىدۇر قايتىپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇ مارىيەمنىڭ ئالدىغا ھېجىيىپ باردى.

- ۋاي، نېمە بولدى سارالڭ... يەنە مېنى ئەخمەق قىلاي دەمسەن؟...

- سىلىنى شۇ... شۇ...

ئەخمەت مەستلىكتىن تىلى سەمرىپ كالۋالىشىپ قالدىمۇ ياكى ئۇنىڭغا ئېغىز ئېچىشنى ئەپسىز ھېس قىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر دۇدۇقلاپ گېپىنى تۈزۈك تېپىپ قىلالمىدى.

ئۇنىڭ ئۇستىۋاشلىرى كىر - قاسماق باسقانىنى ئاز دەپ ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ ئۇرۇقلاپ سەتلىشىپ كەتكەن، شەپكىسى قىڭغىر، چاپىنىنىڭ غولى ئۇنىڭ تامغا يۆلەنگىنىدىنمۇ ياكى ئۇنىڭ يىقىلىپ چۈشكىنىدىنمۇ ھاكتەك بىرنەرسىلەر سۇركەلگەن... نېمىلا دېگەنبىلەن ئايالىلارنىڭ باغرى يۇمشاق، ئۇ ئەخمەتنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلدى... ھەي بىچارە، مەن بىلەن تىنچ ئۆتكەن بولساڭمۇ بۇ كۈنگە قالماستىڭ!...

ئۇنىڭ بويىغا ھېسداشلىقتىن يىغا ئۇلاشقاندەك بولدى، بىراق ئۇ ئەخمەتنىڭ ئالدىدا كۆز يېشى قىلىشنى خالىمىغاچ چىشىنى چىشىغا چىشلەپ باشقا ياققا قارىۋالدى.

دەل شۇ چاغدا مارىيەمنىڭ ئىنىسى ئەخمەت كالىنى سۇغارغىلى يېتىلەپ چىقىپ قالدى. ئۇ، ئەخمەتنىڭ ئۆز ھەدىسىنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ جودۇنى تۇتتى.

- ساڭا بۇ يەردە نېمە سوۋۇتۇپ قويغان، ھەي ئاناڭنى، ئۆزىنى بىلمەيدىغان زالڭ گوي!...

ئۇ، ھەدىمنى ئالدىنقى قېتىمقىدەك ئۇرۇپ - چەيلىگىلى كەلگەن چېغى دەپ ئويلاپ قالدىمۇ ياكى بۇنى ئۇنىڭدىن ئاچچىقىنى چىقىرىشنىڭ، نەچچىۋاختىن ئالالماي يۈرگەن ھېساب - كىتابنى ئېلىشنىڭ ياخشى پۇرستى دەپ بىلدىمۇ، ئۇقتەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۆزىنى تۈزۈك دەڭسەپ تۇرالمايۋاتقان ئەخمەتنى بېسىۋالدى، ئۇ يامپىشىغا ئېسىۋالغان ئۇزۇن پىچىقىنى شارتتىدە سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۇنىڭ باش - كۆزىگە ئايىماستىن تىقىۋەردى. بىر چاغدا ئۇنىڭ بېشى جېنى چىقىپ كەتكەن چۈجىدەك لاسىدە بوشاپ ھوشىدىن كەتتى...

- بولدى قىل، جېنىم ئۇكام، ئۇ ئۆلۈپ قالمىسۇن، شۇمپەن بوپ قالمىغىن يەنە، - مارىيەم ئۇنىڭغا ئېسىلىپ

يالۋۇردى. ئاخىرغىچە ئۇنىسى قولىدىكى پىچاقنى غىلىپىغا سېلىپ قويۇپ يول بويىدىن بىر پارچە خىش ئېلىپ كەلدى - دە، مارىيەم توسۇپ بولغىچە ئۆلۈكتەك ياتقان ئەخمەتنىڭ بېشى - كۆزىگە ئارقا - ئارقىدىن ئىككىنى قويدى.

بىر چاغدا قولۇم - قوشنىلار ۋە يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار يىغىلىشقانىدى، ئۇلارمۇ ئارىغا چۈشۈپ ئۇنى توستى. ئاردىن بىر - ئىككىسى ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان بىر مەستنىمۇ مەستلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇرغان بارمۇ، دەپ غودۇراشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئالغىنى ئۈچۈن ئامالسىز ئۇرۇشتىن توختاپ بولدى قىلدى.

ئۇنىڭ كىيىملىرى يىرتىلىپ بەدەنلىرىنىڭ نەچچە يېرى ئوچۇق قالغان، باش - كۆزى يېرىلىپ چاچلىرى غىق قان دەستىدىن چاپلىشىپ كەتكەن، كۆڭلەكلىرىنىڭ ياقىسى ۋە مەيدىسى قارامتۇل قانغا بويالغانىدى... ئەتىسى ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىدا ئاتا - ئانىسى ۋە باشقا تۇغقانلىرىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلىشىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ نېمە ئىش بولغاندۇ دەپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغانغان بولسىمۇ كۆزلىرى ئېچىلمايتتى. كۆزلىرىنى چاپاق بېسىپ كېتىپ ھىملىشىپ قالغان بولمىسۇن يەنە دەپ قولىنى ئىشقا سېلىپ كۆزىنى يىرىپ بولسىمۇ قارىماقچى بولدى.

- كۆزۈڭنى ئاچالامسەن بالام، - دەيتتى ئاپىسى ھۆكرەپ يىغلىغاچ، - جېنىم بالام، كۆزۈڭ بىرنەرسىنى كۆرۈۋاتامدۇ، قارىچۇقى ساقمىكەن؟...

- كىم شۇنداق قاتتىق ئۇردى سېنى، بىر دېسەڭچۇ؟ - دېدى ئاتىسىمۇ كۆزلىرىدىكى لىق ياشلىرىنى يوشۇرالماي، - مۇشۇ قېرى جېنىمدا كۈچۈم يەتمىسە ئۇ گۇيىنىڭ بىر يەرلىرىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېلىپ بولسىمۇ كېلەمەن!...

ئەخمەت ئۆزىنىڭ مەستچىلىكتە مارىيەمنى ئېسىگە ئالغانلىقىنى، ئاندىن ئۇنى بىر كۆرۈۋالاي دەپ يولغا چىقىپ ماڭغانلىقىنى، مارىيەمنى چۈشىدە كۆرگەندەك غۇۋا كۆرگەنلىكىنى، ئۇنىڭغا نېمىدۇر بىرنېمىلەرنى دېگىنىنى خىرە - شىرە ئويلىيالىدى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار بولسا ئۇنىڭ چورتلا ئېسىدە يوق ئىدى. ئېسىدە بولغان تەقدىردىمۇ، بۇنى ئاتا - ئانىسىغا ئېيتقىلى نومۇس قىلغان بولاتتى. شۇڭا ئۇ بىلمەيمەن، دەپلا جاۋاب بەردى.

كۆتۈرەلمىسەك ساڭگىلىتىۋال دەپ ئوغلىنىڭ تاياق يېگىنى يەتمىگەندەك، ئۇنىڭغا قول سالغان كىشىنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلەلمەسلىك بۇ ئائىلىگە ئېغىر زەربە بولدى.

چۈشتە ئەخمەتنىڭ ئىككى ساۋاقدىشى كېلىپ قالدى.

- ئۇ، ئۆيدە يوقتى، - دېدى ئانىسى خىجىللىق ئارىلاش.

- بىز ئاخشام ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ بېشىنى تىكتۈرۈپ، ئاندىن ماشىنىغا سېلىپ قويغان، قانداقراق تۇردىكىن دەپ ئەنسىرەپ كېلىۋىدۇق، - دېدى بوغداي ئۆڭ كەلگەن بىرسى.

- بالامنى سىلەر قۇتقۇزۇپ قاپسىلەر - دە، - دېدى ئەخمەتنىڭ ئاپىسى ئۆزرە سوراپ، - ئوقۇشماسلىق بوپتۇ، كەچۈرۈڭلار، قېنى ئۆيگە كىرىڭلار، ئۆيگە!

ئۇلار ئەخمەتكە ئاخشام ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

- ھو بېشىڭنى يەيدىغان سولامچىلار، كىمنىڭ قىلىقىكىن دېسەمزە، ئەسلىدە شۇ كۆككەملەرنىڭ ئىشىكەن - دە! شۇ، دېمىسىمۇ ئۇلاردىن بۆلەك ئادەم بۇنداق بىرھىمى كەممەيدۇ، - دېدى ئاپىسى مارىيەمنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى تىللاپ.

شۇندىن كېيىن مارىيەم ئەخمەتتىن قورقۇپلا يۈردى. ئۇ، ئەخمەتنى ئۇچرىتىپ قالغۇدەك بولسىلا سانى كۆرگەن چۈجىدەك تۈگۈلۈپ كېتەتتى.

ئەخمەت ئۇنى ئەمدى ئۆزىنىڭ ئىگىلىيەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، بىراق بۇنداق بىچارىلىك بىلەن ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇنىڭ غۇرۇرى چىدىمايتتى. شۇڭا ئۇ ھامان بىر كۈنى ئېپىلىك پەيتنى تېپىپ ئۇلاردىن ھېساب ئالماقچى، ئۇلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى. بىراق ئۇلار ئەخمەتنىڭ نىيىتىنى بىلىپ قالغاندەك پۇرسەت بەرمەيۋاتاتتى. مارىيەممۇ بولۇشىغا بىرسىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداش خىيالىغا كەلدى. گەرچە ئەخمەتتىن قورقۇپ تۇرسىمۇ بارلىق جۈرئىتىنى ئىشقا سېلىپ بىر يىگىت بىلەن تونۇشتى. ئەمدى ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا يېڭىچە ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى.

ئەخمەت بولسا مارىيەمنىڭ باشقىلارغا خوتۇن بولۇپ كېتىشىگە قاراپ تۇرۇپ چىدىمايتتى. ئۇ، مارىيەمنى باشقا بىر ئەرنىڭ قوينىدا ياتقان ھالەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، يۈرەك - باغرىنى نەيزىدەك بىرنەرسىلەرگە ۋاققىدە ئۇرۇپ ئۆلۈپلا تۈگەشكۈسى كېلەتتى. ئۇ مارىيەمنىڭ ئۇسال تەرەپلىرىنى ئويلاش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۇنىڭدىن ئاستا - ئاستا سوۋۇتماقچىمۇ بولدى. شۇغىنىسى، ئۇ مارىيەمنى شاللاق، كوچىغا چىقىپ كەتكەن خوتۇن دەپ مۇئەللەقلەشتۈرگەنسېرى ئۇنىڭ روھىدا، ئۇنىڭ ئېڭىدە ئاللىقانداق بىلىپ بولمايدىغان ياۋايى قۇتراش باش كۆتۈرەتتى... ئۇ، مارىيەمدىن ئۆمۈرۋايەت ئايرىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى خۇددى ھەر ئىشنىڭ بېشىدا بىسمىللا دېگەندەك بىر خىل چوقۇنۇش ھېسسىياتىدا زىكرى قىلاتتى. ئۇ، مارىيەمنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قەلبىدىكى بۇرۇنقى ئوبرازىنى سۆيۈپ ياشاۋاتىمەن دەپ ئويلايتتى.

ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببەت، ئائىلە جەھەتتىكى مەغلۇبىيىتىگە ھەرگىز تەن بەرمەيتتى. ھامان بىر كۈنى مەن ئۆز ئايالىم، ئۆز بالام بىلەن جەم بولىمەن، مەڭگۈ ئۇلاردىن ئايرىلماي بەخت دېڭىزىغا چۆمۈلۈپ ياشايمەن دەپلا ئويلايتتى.

ئەگەر ئۇنىڭدا شۇنداق بىر خىل ئىشەنچ، شۇنداق بىر خىل ئېتىقاد بولمىغاندا ئىدى، بۇ چاققىچە چوقۇم ئۆلۈۋالغان، بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسىزلىقىغا، بارلىق ئازابلىرىغا شۇ ئارقىلىق بىر يولىلا خاتىمە بەرگەن بولاتتى.

ئەخمەت ئارىغا ئادەم سالدى. ئۇلار ئىككىسىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا باللىرىنى ياراشتۇرۇپ قويۇش تەكلىپىنى بەردى. بۇنىڭغا ھەر ئىككىلا ئائىلە قوشۇلمىدى. چۈنكى ئۇلار ئەپلەشكۈدەك ياخشى يېرى قالمىدى، دەپ ئويلىغانىدى. ئەخمەت ئاتا - ئانام نېمە دېسە دېسۇن دەپ، كۆزنى يۇمۇپلا ئۆزىنىڭ بىلىشچە ئىش كۆرۈشنىمۇ ئويلىدى. بىراق ئاشۇ مارىيەم ئۇنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىسىنى رەنجىتىشكە ئەرزىمدۇ؟ ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى كەلسە يەنە شۇ ئاتا - ئانىسى ئەسقاتماسمۇ؟...

مارىيەم توي قىلىشقا قوپۇپتۇ دېگەن مىش - مىش پاراڭ راستقا ئايلىنىۋېدى، ئەخمەت پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ كەتتى. ئۇ، ئەمدى مارىيەمدىن ئۈمىدىنى ئۈزمىسە بولمايدىغاندەك قىلاتتى. زادى قانداق قىلىش كېرەك؟...

ئۇ توپتوغرا بىر ھەپتە ئويلىنىپ ئاران دېگەندە بىر قارارغا كەلدى.

## قاتىل

مارىيەم ئەمدىلا چۈشلۈك دەم ئېلىشقا ئىشتىن چۈشەي دەپ تۇرغىنىدا ئىشخانا دېرىزىسىدىن بىرسىنىڭ قان تولغان كۆزلىرىنى غىل - پال كۆرۈپ قالدى - دە، يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى. ئۇ كىشى ئۆزىنى ئىتتىك دالدىغا ئېلىپ ئۈلگۈرگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ يامان نىيەتلىك ئادەم ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. كۆپكۈندۈزدە ئۇنىڭ پېيىگە چۈشكەن زادى كىمدۇ؟...

كىم بولسا بولسۇن، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە ياخشىلىق كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاللىقانداق بىر شۇملۇقنى سەزدى. ئىشخانىدىن چىقماي تۇرۇۋالاي دېسە، ھېلىقى كىشى ئۇنى قورقۇتۇپ جېنىنى ئېلىشى مۇمكىن ئىدى، چۈشتە تاماق يېيىش باھانىسىدا ئىشخانىدىن يەم بىلەن چىقىپلا قېپىدە تىكىۋېتەي دېسە، ھېلىقى كىشىنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىشىدىن قورقاتتى. شۇڭا ئۇ ئىشىنى بېغىشتۇرۇۋاتقان خىزمەتدىشى روزىغا:

— ۋېلسىپىتىڭىز بىلەن مېنى ئالغاچ كەتسىڭىز، — دېدى ئۆتۈنۈش ئىچىدە.

— نېمە دەيدىغانسىز ئەمدى، مەن بۇ ۋېلسىپىتنىڭ ئارقىغا ھېلىغىچە ئۆز ئايالىمنىمۇ مىنگەشتۈرۈپ باقمىغان، — دېدى روزى چاقچاق قىلىپ.

— خىزمەتداش بولغاندىكىن نېمە بولاتتى، — مارىيەم ئۇنىڭ باشقىلار ئۇلارنىڭ بىللە ماڭغىنىنى كۆرسە گەپ تاپمىسۇن، دەپ ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى پەملەپ شۇنداق دېگەنىدى.

— مېنىڭ ئايالىمغۇ توغرا چۈشىنىدۇ، شۇغىنىسى ئەخمەت...

— قويىڭا ئۇنىڭ گېپىنى قىلماي، ئۇنىڭ مېنى باشقۇرۇشقا نېمە ھەققىكەن؟...

بايامقى دېرىزىدىن ماراپ تۇرغان كىشى ئەخمەت بوپ قالدىغان بولسا ئىشنىڭ تۈگىگىنى شۇ، ئۇنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن خۇدا ساقلىسۇن!

ئۇلار ئىشخانىدىن چىققاندا ئىنىسى - جىنىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ھەرنېمە بولسا خۇداغا شۈكرى. ئۇ يېنىك بىر تىن ئالدى.

مارىيەم ۋېلسىپىتنىڭ ئارقىدا مىنگىشىپ ئولتۇرۇپ ئۇيان - بۇيان ئالاڭلاپ قارىغاچ خىيال سۈرەتتى: دېرىزىنى مارىلىغان كىمدۇ؟... چوقۇم ئەخمەت!

ئۇنىڭ يۈرىكى جۇغۇلداپ پۇت - قولىدا جان دىدارى قالمىدى. ئۇنى سوغۇق تەر بېسىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ ئۆيگە بارسىمۇ ئۆيدە چۈشلۈكى باشقا ئادەم يوق بولغاچقا قورقۇپ ھالى قالماسلىقى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ تەڭ يولدىلا ئوكۇل ئۇرغۇزۇۋاتقان ئاپامنىڭ قېشىغا كىرىمەن دەپ ۋېلسىپىتتىن چۈشۈپ قالدى.

ئۇ شىپاخانا دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېتىۋېتىپمۇ خۇددى بىرسى ئىزىغا چۈشكەندەك خاتىرجەم بولالماي قايتا - قايتا قارىدى.

— نېمە بولدۇڭ قىزىم، مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە، چىرايىڭ ئۆمسۈلىلا كۆرۈنىدىغۇ؟ — سورىدى كارىۋاتتا يېتىپ ئاسما ئوكۇل سالدۇرۇۋاتقان ئاپىسى مارىيەمنى كۆرۈپ.

ئۇ، كېسەل ياتقان ئاپىسىنىڭ ئەنسىرەپ كېسىلى ئېغىرلاپ قالمىسۇن دەپ، «ئازراق مىجەزىم يوق» دەپ قويدى.

ياتاقتا ئۇلار ئىككىسىلا بار بولۇپ، باشقىلار ئۆيلىرىگە ياكى بېقىن ئەتراپتىن تاماق يېگىلى ئاشپۇزۇللارغا چىقىپ كېتىشكەنىدى. ئۇلار ئەمدىلا ئۇ يەر - بۇ يەردىن گەپ قىلىشىپ ئولتۇراتتى، ئويلىمىغان يەردىن ئەخمەت پەيدا بولدى. ئۇ، ئەسلىدە مارىيەمنى بولدىلا. تۇتىۋالىمەنغۇ دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، بېتىشەلمەي قالغان ۋە

يېنىشىۋېلىشقا ئاز قالغاندا بولسا ئۇ قېچىپ شىپاخانىغا كىرىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

ئۇ، كەپ - سۆز قىلماستىن كېلىپ تىقىۋالغان پىچاقنى شارتتىدە ئالدى - دە، مارىيەمنىڭ بۇرنىنى، ئاندىن مەڭزىنى تىلىۋەتتى. ئەرلەر پەقەت ئەڭ ئوبۇنچى، بۇزۇق خوتۇنلارنىڭلا بۇرنىنى كېسىپ «ئەن» سېلىپ قوياتتى. ئۇ، بۇنى باشقىلاردىن كۆپ ئاڭلىغان، ھەتتا بۇرنى كېسىلىپ تارتۇق ئىزى قالغان خوتۇنلارنىمۇ ئۇچراتقانىدى. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇنى ھېچكىم ئالمايدۇ، ئەكسىچە ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن قاچىدىغان بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

مارىيەم ئاغرىققا چىدىماي ئىڭراپ يىغلىۋەتتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمىغان نۆۋەتچى سېستىرا بىرەر كېسەلدىن چاتاق چىققان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالغان چېغى، ئۇرە - تۆپە بولۇپ كىرىپ كەلدى. ئۇ، مارىيەمنىڭ چىچىدىن قامالاپ تۇتۇۋېلىپ يۈز - كۆزىدىن قان چىقىۋاتقان مارىيەمگە ھازىرلا بىر پىچاق ئۇرۇپ جېنىنى ئالىدىغاندەك ئەلپازى بۇزۇق تۇرغان ئەخمەتنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز چىرقىراپ تاشلىدى:

— ئادەم بارمۇ؟... ئادەم ئۆلدى!...

ئۇ، مارىيەمنى ئۆلتۈرۈش خىيالىدا ئەمەس ئىدى، ئۇنى قورقۇتۇپ قويسىلا كۇپايە قىلاتتى. ھالبۇكى، بارغانچە قىنى قىزىپ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى، پىچاق تىققانچە تىققۇسى، ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى پىچاق تىقىپ قوچۇغىسىلا كېلەتتى. شۇ تاپتا ئايالىنىڭ تېنىدىن قان ئەمەس، بەلكى ئۆز تېنىدىن، ئۆز تېنىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن ئۇنىڭ يىغىلىپ يېسىلىپ قالغان ئازاب - ھەسرەتلىرى، دەرد - ئەلەملىرى بىراقلا ئېتىلىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك ئىچ - ئىچىدىن بىر خىل ھۇزۇر ھېس قىلاتتى...

قورقىقىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان مارىيەمنىڭ ئاپىسى خېلىدىن كېيىن ئاران ئۆزىگە كېلىپ ھەدەپ ئۆز قىزىغا پىچاق ئۇرۇۋاتقان ئەخمەتنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يېلىندى:

— بالام، ئەمدى بولا، ئاچچىقىڭىزغا ھاي بېرىپ بالىڭىزنىڭ يۈزىنى بولسىمۇ قىلىڭ!...

ئۇ، ئەمدى قان ئىچىدە ھالسىراپ كېتىۋاتقان قىزىغا قاراپ چىدىماي قالغانىدى.

بۇ چاغدا كوچا بويىدىكى ئاشپۇزۇلدىن ھاياتنى، مۇھەببەتنى كۈيلەيدىغان مۇڭلۇق ناخشىلار ئەخمەتنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، بۇ ناخشىلار بىر مەيدان بىھۇدە قان تۆكۈلۈشتىن، ئۇنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭقۇر سۆيگەن كىشىسىنى قەتلى قىلىشتىن توسۇپ قالالمىدى. يېقىن ئەتراپتىكى كاسىپلار، دۇكاندارلار بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ بىردەمدىلا كۆپەيگەن كىشىلەرنىڭ بىرەرسىمۇ ئۇنى تۇتۇۋېلىش ئەمەس، ئەكسىچە يېقىنمۇ بارالماي كارىدورنىڭ ئەينەك دېرىزىسى سىرتىدىن بۇ بىر مەيدان قانلىقلىقنى «تاماشا» قىلىپ قاراپ تۇرۇشتى.

مارىيەم ئۆزىنى ئۆلمەيدىغاندەك ئويلىغانىدى، ھالبۇكى پۇت - قوللىرى، بارلىق ئەزالىرى جېنى چىقىپ مۇزلاپ كېتىۋاتقاندەك سېزىلدى. ئۇ، روھىي ئىشەنچ بىلەن ھايات قالغىلى بولارمىكىن دېگەندەك جىمىكى كۈچىنى يىغىپ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆزىنى يوغان ئاچتى - دە، ئىككىنچىلەپ كۆزىنى ئاچالمىدى.

يۈرەك كېسىلى بىلەن ئاغرىغان ئۇرخان بۇنى كۆرۈپ يۈرەك ئاغرىقى يەنە قوزغالدى، ئۇ كۆكرىكىنى چاڭگاللاپ پۈكلىنىپ داق يەردىلا ئولتۇرۇپ قالغانىدى.

— قىزىم، قىزىم!... — دېيىتتى ئۇ مىڭ يېرىدىن تۆكۈلۈپ.

— زۇۋانىڭنى يىغ، ھۇ جادى، — دېدى ئەخمەت قان تېمىپ تۇرغان پىچاقنى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە چوڭچىلاپ، — ھەممىسى سېنىڭ كاساپىتىڭ!... ئەسلىدە سەندەك بىر بېشەم، ھازازۇل جادىنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم توغرا بولاتتى، لېكىن سېنىڭ ئىپلاس قېنىڭ بىلەن پاك قولۇمنى بويىغۇم كەلمىدى... — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، كارىدوردىكى يوغان تىكلىمە ئەينەك ئالدىغا كەلدى. ئەينەكتە يۈز - كۆزى ئۆز مەشۇقىنىڭ چاچرىغان قېنى بىلەن بۇلغانغان مۇدھىش، قورقۇنچلۇق بىر چىراي كۆرۈندى. بۇ كىم؟... بۇ مەنما؟... بۇ مەن ئەمەس، مەن ئەمەس، مەن ئۇنىمۇ قوشۇپ بىراقلا جەھەننەمگە، مەڭگۈ كەلمەسكە يوللىۋېتىمەن!...

ئۇ ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ ئەينەكتىكى كىشىنىڭ ئۆلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك گۆرەن تومۇرىنى تاپتى. بىز ئۆلسەكمۇ بىللە ئۆلىمىز دەپ قەسەم ئىچىشكەن، ئەمدى مېنىڭ تىرىك قالغىنىمنىڭ، ئارتۇقچە قۇرتتەك سۆرىلىپ ياشىغىنىمنىڭ نېمە ھاجىتى، مەنمۇ ئۆلەي، بۇ رەھىمسىز، بۇ شەپقەتسىز دۇنيانى ئىككىنچىلەپ كۆزۈم كۆرمىسۇن. كىشىلەر ئۇ دۇنيانى مەۋجۇت دېيىشىدۇ، ئەگەر راستىنلا مەۋجۇت بولىدىغان بولسا ئۇ يەردە بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلىشىۋالىدىغان، چات كىرىۋالىدىغان قېيىن ئاتا - قېيىن ئانا، ھەتتا ئاداۋىتى كۈچلۈك ئۆز ئاتا - ئانامۇ يوق. بىز ئەنە شۇ گۈزەل ماكاندا، ئۇ دۇنيادا بولسىمۇ بىرگە بولالايمىز، بىرگە قوشۇلالايمىز، بەلكى مەڭگۈ ئايرىلمايمىز. توختاپ تۇر، يېرگىنىشلىك بولسىمۇ سۆيۈملۈك ھەمراھىم، مەنمۇ سېنىڭ ئارقاڭدىنلا يېتىپ بارىمەن!... ئەلۋىدا!...

ئۇ، پىچاقنى شۇنداق بىر سۇركىۋىدى، قىپقىزىل قان چېكىپ كارىدورنىڭ ئاپئاق تاملىرىنى ھابت -

هۆيت دېگۈچە قىزىل - تىزىل بويىاپ ئۆلگۈردى. ئۇ، ئۆلسەممۇ ئايالىمنىڭ - ئاللىقاچان ئۆلگەن شۇ ئايالىمنىڭ قولىنى بىر تۇتۇۋېلىپ ئۆلەي، تۇتقاندىمۇ شۇنداق چىڭ تۇتايكى، ھەتتا مەن ئۆلگەندىمۇ بىزنىڭ قوللىرىمىزنى خەقلەر ئاجرىتالمىسۇن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىزنى ئىلاج بىر قەبرىگە دەپنە قىلىشسۇن، بىز بولساق شۇ قولنى قولغا تۇتقانچە يېتىلىشىپ ھەققىي بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقلۇق سالاھىيىتىمىز بىلەن ئۇ دۇنيا قوينىغا قەدەم تاشلايلى... دېگەنلىرىنى خىيالىدىن خىرە - شىرە ئۆتكۈزەلىدىيۇ، قولىنى زادىلا قىمىرلىتالماي جايىغا لاسسىدە بوشىشىپ يىقىلدى... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بۇ يورۇق دۇنيا ئاستا - ئاستا ئۆچۈپ ئاسمان بىلەن زېمىن ئۆزئارا قوشۇلۇپ كەتتى...

## خاتىمە

ئەخمەت بىلەن مارىيەم ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغاندىن كېيىن ھەر ئىككى ئائىلىدىكىلەر «نېمىشقىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەي، نىكاھ ئىشىغا چات كىرىپ يۈرگەندىمىز» دېيىشىپ قاتتىق پۇشايمان يېيىشتى. لېكىن بولغۇلۇق بوپ بولغان، ئۆتكەن ئىش ھەرگىز ئەسلىگە كەلمەيتتى.

مارىيەمنىڭ ئاتا - ئانىسى نەۋرىمىز ئەقلىنى بىلگۈدەك بولۇپ: «مېنىڭ ئاتا - ئانام قېنى» دەپ سوراپ قىلىشىدىن، ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىدىن قورققاندەك مارىيەمنىڭ بارلىق دەپنە جەريانلىرىنى سىن ئالغۇغا ئالغۇزۇپ بۇ نەۋرىسى ئۈچۈن ساقلاپ قويدى.

مەن شۇ كۈنى دەسلەپ مارىيەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشكە قاتناشتىم. بۇ ۋەقە پۈتكۈل توقسۇ ناھىيىسىگە پۇر كېتىپ زىلزىلە پەيدا قىلغاچقىمۇ ياكى ئۇنىڭ ئارىلىشىدىغان تونۇش - بىلىشلىرىنىڭ كۆپلىكىدىنمۇ، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ نامىزىغا كەلگەنلەرنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىدى. بېشىغا ئاق رومال ئارتىپ تەرىپىنى قوشاق قوشۇپ يىغلىشاتتى. ئەرلەرمۇ ئۇلارغا ماسلاشقاندەك بېشى لىڭشىتىپ ئۇلارنىڭ توغرىلىقىنى تەستىقلىشاتتى ياكى ئۇلارمۇ بىرنەچچە ئېغىزدىن ياخشى تەرىپىنى قىلىشاتتى. بۇنى مارىيەمنىڭ نامىزى دېگەندىن كۆرە توي دېگەن تۈزۈك ئىدى...

مەن بۇ نامازدىن يېنىپلا مەرھۇم دوستىمىز ئەخمەتنىڭ نامىزىغا قاتنىشىش ئۈچۈن باردىم. ئۇنىڭ نامىزى مارىيەمنىڭ نامىزىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى، يېقىن بىرنەچچە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن بۆلەك بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. كېيىن ئۇقسام، باشقا كىشىلەر ئۇنى بىرسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل دەپ يىرگىنىپ بارمىغانىكەن، ھەتتا ئىمام، مەزىنلەرمۇ بۇ نامازغا يېقىن يولاش تۈگەل، نامىزىنى چۈشۈرۈپ بېرىشكىمۇ ئۇنىماپتۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزى ئۆلۈۋېلىش كۇپۇرلۇق بولۇپ، ئۇنداق كىشىنىڭ نامىزىنىمۇ چۈشۈرۈشكە بولمايمىش. كىشىنى تېخىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، ئەخمەت مارىيەمنى ئۆلتۈرگىنى ئۈچۈنمۇ ياكى ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنى، جاسارىتىنى يوقىتىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغىنى ئۈچۈنمۇ، ئىشقىلىپ پارتىيىدىنمۇ قوغلاپ چىقىرىلدى.

بۇ قېتىمقى پاجىئە مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. چۈنكى، مەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۈزۈك مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، ئوقۇمىغان، شۇ سەۋەبلىك قانۇندىن ساۋاتى بولمىغاچقا ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ تېگىشلىك مەنپەئىتىنى قوغدىيالماي نورغۇن پېشكەللىككە، ئېغىر ئاقىۋەتكە يولۇققانلارنى كۆپ ئاڭلىغان ياكى كۆرگەن بولساممۇ بۇ ئىككى ياشتەك قانۇننى بىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا ئېچىنىشلىق پاجىئەدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان كىشىلەرنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇلار نېمىشقا ئۈزۈل - كېسىل ھالاك بولدى؟ ... بۇ، ھەممىمىزنى ئويغا سالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ تەرەپكە چېتىلىسىمۇ، مۇنداق بىرلا نۇقتىغا سەل قارىغان: قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداشنى بىلمىگەن! جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنىدا ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ توي قىلىشقا پۈتۈشكەن بولسا، ئۈچىنچى بىر تەرەپنىڭ ئارىلىشىشىغا بولمايدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئۇلار بۇنى بىلمەمدۇ؟ بىلىدۇ!

ئۇلار قانۇندىن ئۇبدان خەۋىرى بولغان بولسىمۇ خۇددى قانۇندىن ساۋاتسىز دېھقانلىرىمىزدەك قانۇن ئورۇنلىرىنى ئىزلىمىگەن. بەلكىم ئۇلار بۇنداق قىلىشنى مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە، ئوغۇل بالىدارچىلىققا يات دەپ قاراپ ئىزلەشنى ئەپسىز ھېس قىلغاندۇ. نېمىلا بولمىسۇن ئۇلار قانۇن ئارقىلىق ئۆزلىرىنى قوغداشنى، ئۆز بەختىگە قانۇن ئارقىلىق كاپالەت قىلىشنى بىلمىگەن. قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارمۇ بۇ تەرىپىگە سۇس قارىغان. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە، بىزنىڭ نادان خەلقىمىز ئىچىدە قانۇننى شۇلارچىلىك بىلمەيدىغانلار تالاي، ئەجەبا قانۇندىن تولۇق خەۋەردار بىر جۈپ ياش شۇنداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولغان يەردە، بىزنىڭ قانۇن ساۋاتى بولمىغان، ئۆزلىرىنى قانۇن ۋاسىتىسى بىلەن قوغداشنى بىلمەيدىغانلار قانداق قىلار؟... ئۇلارمۇ يەنە نادانلىقنىڭ، مۇتەئەسسىپلىكنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتەرمۇ؟...

# سۆكۈنات



(هېكايه)

دىلمۇرات مەھمۇد

سىرتتا يەنە بوران چىقشقا باشلىدى. دېرىزىلەر جالاقلاپ، پەردىلەر ئۇچۇپ ئۆيگە توپا ـ چاڭلار كىرگىلى تۇردى. سىرتتىكى ھەممە نەرسە توپا رەڭگە كىرگەنىدى. دېرىزە تەكچىسىدە تۇرغان پارچە قەغەزلەر ئۇچۇپ يەرگە چۈشتى. ئۇ، بىر پارچە قەغەزنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا ئايرىم قىلىپ يېزىلغان «سۆيۈملۈك دوستۇم:» دېگەن خەتنى كۆرەلىدى. قەغەز بىردىنلا دۈم بولۇپ قالدى. قالغان قەغەزلەر ئۈستىدىمۇ ئىجىر ـ مىجىر خەتلەر بار ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ دوستلىرىدىن كەلگەن سالام خەتلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە 3 ـ 4 يىل، بەزىلىرىگە تېخى بىرەر ئايچە بولغان خەتلەر ئىدى. خەتلەر توختاۋسىز كېلىۋېرەتتى. بىراق ئۇ ناھايىتى ئاز جاۋاب خەت يازاتتى. كەلگەن خەتلەرنى ئۇدۇللۇق دېرىزە تەكچىسىگە تىزىپ قوياتتى. خەتلەرنىڭ ھەممىسى يەرگە قالايمىقان چېچىلىپ كەتتى، بىراق ئۇ ئۇلارنى تېرىپ ئېلىپ قايتا رەتلەپ قويالمايتتى. ئەتىياز بولسىلا زېرىكمەي چىقىدىغان بۇ بورانلار ھەممە كىشىنى تويغۇزۇۋەتكەنىدى. دېرىزىلەر توختىماي جالاقلايتتى، ئۇ دېرىزىلەرنى ياپالمايتتى. ئۇنىڭ قورام تاشتىنمۇ ئېغىر پۇتلىرىنى يۆتكىيەلمەيدىغان بولۇپ قالغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقانىدى. ئۇ بۈگۈن ئۆيدە يەنە يالغۇز قالغان بولسىمۇ، بۇنداق بوراندا قېلىشى تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇ چاقلىق ئورۇندۇقتا چىقماقچى بولۇپ تىرىشىپ باقتى، بىراق ئۇ تېخى ئۆزىگە تايىنىپ چاقلىق ئورۇندۇقتا چىقىپ ئۆگىنەلمىگەنىدى. بىر يىللاردا ئۇ سىرتتا چىقىۋاتقان بوراندەكلا ئەركىن ئىدى. ھېچكىم ئۇنىڭغا بارىدىغان، تۇرىدىغان يېرىنى بەلگىلەپ بېرەلمەيتتى. ئۇ بۈگۈن تاسادىپىيلا بوراندا يالغۇز قالدى. ھېلىقى تاماق ۋاقتىدا ئۇنى ئەگىپ كېتەلمەيدىغان ئالا ئاسلانىمۇ يوق. ئۇ ھازىر

بەلكىم قايسىبىر تام بېشىلىرىدا تۈكلىرىنى ھۈرپەيتىپ يۈرىدىغاندۇ. سىرتتا توخۇلارنىڭ قاقىلدىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئېھتىمال بىر توپ جۈجىمۇ ئالدىراپ كانەككە يۈگۈرگەندۇ. ئۆيگە توختىماي توپا - چاڭ كىرىۋەردى. ئاچچىق توپا ھىدى ئۇنىڭ دىمىغىنى ئېچىشتۇرۇشقا باشلىدى.

ئۇ قولىغا دالى كارنىگىنىڭ «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» ناملىق كىتابىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ، بۇ كىتابنى قانچە رەت ئوقۇغىنىنى بىلمەيتتى. ئەمدى ئوقۇشقا رايى بارمىدى. ئۇنىڭ بايىلا كىتابتىن ئالغان زوق ھاياجانلىرى خوراپ تۈگەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا جالاقلاپ تۇرغان دېرىزىلەر خۇددى ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇلار بولۇشىچە جالاقلايتتى. پەردىلەر كەڭ ئېچىلىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. بوران تېخىمۇ ئەدەپ كېتىۋاتاتتى. ھەش - پەش دېگۈچە ئۆينىڭ ئىچى ۋاراق - ۋاراق قەغەزلەر بىلەن تولدى. ئۇ بايا يېگەن كەمپۈتلەرنىڭ قەغەزلىرىنى ئۈستى ئوچۇق كۆلدانغا تاشلىغانىدى. ئەمدى ئۇلار تاماكا كۆلى بىلەن قوشۇلۇپ ھەر تەرەپكە ئۇچۇشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز ئىشكمۇ پاققىدە ئېچىلىپ كەتتى. ھاۋا ئېقىمى ئۇنىڭ بەدىنىگە ئۇرۇلدى. ئەمدى تېخىمۇ چاتاق ئىدى. ئۆيگە بوران بىلەن قوشۇلۇپ ئەسكى - تۈسكى، ئۇششاق نەرسىلەر ئۇچۇپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇششاق قەغەز پارچىلىرى، بىرنەرسىلەرنىڭ ئۇۋاقلىرى، كونا باراڭدىن چۈشكەن غازاڭلار ئۆيگە تولۇشقا باشلىدى. ئۇ ئەمدى ھەممە نەرسىگە پەرۋاسىز ھالدا جىم قاراپ ئولتۇردى. ئۆينىڭ ئىچىدىكى يېنىكرەكلا بولغان نەرسىلەر تىترەيتتى، قىمىرلايتتى. چاڭ - توزان ئۈستى ئوچۇق قالغان جوزىدىكى نان، قۇيماقلار ئۈستىدە ئۇچاتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە يەردە تۇرغان بىر تال چېچەك چېلىقتى. ئۇ ئۇنىڭ پۈتىنىڭ يېنىدىلا ئىدى. ھالرەڭ، يىپيىڭى ئىدى. ئۇ چېچەكنىڭ يەنە ئۇچۇپ ئۆزىدىن يىراقلاپ كېتىشىدىن قورققاندەك دەرھال ئېڭىشىپ ئۇنى قولىغا ئالدى. بۇ باغدىكى ئۆرۈكلەرنىڭ چېچىكى ئىدى. ئۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا شېخىدا ئۆزلۈكىدىن قۇرۇپ يەرگە چۈشكەن چېچەك ئەمەس ئىدى. «ھەي، ئىككىمىزنىڭ تەقدىرى ئىمىدىگەن ئوخشاش!» دېدى ئۇ ئىچىدە چېچەككە قاراپ تۇرۇپ. ئۇ چېچەك بىلەن شۇنداق پاراڭلىشىشنى خالايتتى. «سەن شاخىڭنى بالدۇر تۆكۈلۈپ كېتىپ مېۋىسىز قالىدىغان بولدۇڭ، ھەنجۇ؟ مېنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇمدىمۇ ھېچقانداق مەنە بولمايدۇ. بارلىق ئارمانلىرىم شۇ بىر قىممەتلىك ھادىسە بىلەنلا بەربات بولدى...» ئۇ چېچەكنى يۇراپ باقتى. ئۇنىڭ خۇش پۇيى ھىدى تېخىچە تولۇق يوقالمىغانىدى. ئۇنىڭ يۇرىغانسېرى يۇرىتقۇسى كەلدى. باغدا ئۈچ تۈپ ئۆرۈك بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىك چاغلىرىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ ھەر يىلى ئۆرۈك پىشقىدا مەكتەپتىن يېنىپلا ئۆرۈك شېخىغا يامىشاتتى. ئۆرۈكنىڭ ئەڭ ئۇيدان پىشقان، شىرنىلىكلىرىنى ئۈز قولى بىلەن تاللاپ ئۈزۈپ تويغۇچە يەۋېلىپ ئاندىن پەسكە چۈشەتتى. سىڭلىسى «ماڭىمۇ تاشلاپ بەر» دەپ پەستە جېدەل قىلاتتى.ئۇ «ئېتىكىڭنى ئاچ!» دەيتتى - دە، يۇمشاق ئۆرۈكلەرنى پەسكە تاشلايتتى. ئۇنىڭ يەرگە چۈشكەن ئۆرۈكلەرنى پەقەتلا يېگۈسى كەلمەيتتى. ئەمدى ئويلىسا، ئۇنىڭ شۇنىڭغىمۇ قۇربى يەتمەيتتى. ئۇنىڭ سىڭلىسى ھازىر شەھەردىكى ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەتتى. ئاتا - ئانىسى ھازىر دەل كېۋەز تېرىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇلار بۇ يىل يەنە يەتكۈچە قىينىلاتتى. بۇلارنى ئويلىسا ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى چېپىۋەتكۈسى كېلەتتى. ھويلىنىڭ دەرۋازىسى سىرتتىن قۇلۇپلاقلىق ئىدى. بوران چىقىۋەردى. ھېچبولمىغاندا ئىشىكنى يېپىۋېلىش كېرەك ئىدى. ئۇ بىرلا شامال بىلەن ئىشىكنىڭ ئۆزلۈكىدىن يېپىلىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئىشك ئېچىگە ئېچىلىدىغان بولغاچقا ئۇنىڭ ئەمدى شامالدا يېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاسمانمۇ توپا رەڭگە كىرگەنىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى قالايمىقان بولۇپ كەتتى.

ئۇمۇ مۇشۇنداق بىر بورانلىق كۈن ئىدى. نادىرە ئۇنىڭغا ئاخىرقى قېتىم «خوش» دەپ يىغلىغان پېتى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ شۇ كەتكەنچە ئىككىنچى بۇ ئۆيگە قەدەم باسمىدى. ئاياغ بېسىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا نۇرغۇن ھېسسىيات جەھەتتىكى بېسىم ۋە قىسلىشلارغا بەرداشلىق بېرىشكە توغرا كېلەتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرلاشقان بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دائىم ئۇنى چۈشەپ تۇراتتى. بۇ چۈشلەرنىڭ قاچانغىچە سوزۇلىدىغانلىقىنى ئۇ بىلمەيتتى. ئۇ گاھىدا ئۇنىۋېرسىتېتتىكى چاغلارنى، گاھىدا يېزىدىكى مەكتەپتە بىللە ئىشلەۋاتقان، بالىلار بىلەن بىللە بولغان كۈنلەرنى يەنە نۇرغۇن قېتىم ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئۇياق - بۇياققا مېڭىپلا چۈش كۆرەتتى. ئۇ چۈشىدىمۇ ئورنىدىن تۇرالمايتتى. تۇرسىمۇ ھېچ ماڭالمايتتى. نادىرەگە قولىنى سۇنسا قولى يەتمەيتتى. نادىرىنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىنى ھېچنېمىگە ئوخشىتىش مۇمكىن ئەمەستەكلا ئىدى. ئۇ «مەن سىزگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇشقا رازى» دەپ كۈلۈمسىرىگەندەك

قىلاتتى. ئۇ بېشىنى چايقايتتى. ئۇ تەكرار - تەكرار شۇ خىلدىلا چۈش كۆرەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بۇرۇن بولغان ئىشلار ئىدى. «ھەي، ئەگەر شۇ كۈنى مەن ئورمانلىققا بارمىغان بولسام...» دېدى ئۇ يەنە ئىچىدە ئۆزىگە. ئۇ خېلى ئېغىر تىنىپ بېشىنى قوللىرى ئارىسىغا ئالدى. نادىرە سەل سېمىز، ئوماققىنە بىر قىز ئىدى. شۇ ھادىسىدىن كېيىن ئۇ تۈگىشىپ كەتتى. خۇشچاقچاق ناخشىچى قىز بىردىنلا يادائىغۇ، كەمسۆز بولۇپ قالدى. ئۇ دەسلەپ بەكلا ئۈمىدۋار بولغانىدى. كېيىن بەكلا جىمىپ كەتتى. ئۇ تەسەللى بېرىش دېگەنلەرنى ئۇنتۇپ كەتتى. پەقەت « مەن سىزگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولىمەن» دېگەن گەپنى تەكرارلايتتى. شۇنداق دېيىشنىڭ قانچىلىك ئاسان ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. «نېمىشقا شۇ يەرگە بارغانسىز؟



نېمىشقا شۇ ئىشلارغا ئارىلاشقانسىز؟» دېگەن ئەيىبلەشلەرنى قىلماس بولدى. ئۇ تويغا پەقەت بىر ئايلا ۋاقىت قالغان چاغ ئىدى. ھەممە ئىش يېزىدا قالايمىقان دەرەخ كېسىدىغانلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىققىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەكتەپتە ئۆگەنگەن بارلىق ئورمانچىلىق بىلىملىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپمۇ ھېچكىمنى قايىل قىلالمىدى. شۇ مەزگىللەردە يېزىدا يېڭى ئۆي سېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. كىشىلەر ھېچبولمىغاندا دەرەخلەرنى ئۇنداق بىر بولىلا كۆپ كەسمەسلىكى كېرەك ئىدى. «دەرەخلەر كېسىلسە يەنە تىكىۋاتىمىز، قۇرغاقچىلىق بولىدۇ دېمەيدىغان بولسەن . بەر ئاستى سۇيىمىز مول، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپمۇ قالماسمىز». يېزا باشلىقى ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى. كېيىنكى ئۇرۇنۇشلارنىڭ نەتىجىسى يەنە ئوخشاش بولدى. كىشىلەر «دەرەخ ئۆزىمىزنىڭ، كەسكىمىز كەلسە كېسىۋېرىمىز» دەپ تېخىمۇ ئېشىۋالدى. ئۇ ھەممە ئىشلارغا مۇنداق قاراپ ئولتۇرۇپ چىدالمىدى. ئاخىرى ئۆزى يەنە ئورمانلار ئارىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ كىشىلەرگە توختىماي تەربىيە ئىشلىدى. ئۇنى قانداق بولۇپ دەرەخ بېسىۋالغانلىقىنى ھېچكىم سەزمەي قالدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى خۇدايىم جازالىدى دەپ ئويلىدى. نۇرغۇنلار پۇخادىن چىققاندەك بولدى. ئۇ شۇ ياتقانچە ئورنىدىن قايتا تۇرالمىدى.

شۇ ئىش بولۇپ تولۇق بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن نادىرە شۇنداق دېگەنىدى. ئۇ ئۇنىڭ ناھايىتى ياخشى قىز ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. مەيلى ئۇ گەپنى ئاغزىنىڭ ئۇچىدا ياكى چىن كۆڭلىدىن دېگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئاغرىنمايتتى. بۇنىڭ رومان ياكى كىنو ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي تۇرمۇش ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت رېئاللىق ئۇنىڭ پۈتكۈل روھىي دۇنياسىنى قاماللاپ تۇراتتى. ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتتى. داۋالىتىشلار كار قىلمىدى . دەرەخ كەسكۈچى داۋالاش خىراجىتىنىڭ يېرىمىنى ئۈستىگە ئالدى. دەرەخلەر داۋاملىق كېسىلىۋەردى. سوت ئېچىلغاندا «ئۇ ئەسلىلا شۇ مەيداندا قالايمىقان ماڭماسلىقى كېرەك» دەپ ھۆكۈم قىلىندى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرەر كۈن ئويغانغاندا بىردىنلا ساقىيىپ مېڭىپ كېتىشىنى خۇدادىن تىلەيتتى. ئۇ بۇرۇن خۇدانىڭ نامىنى كۆپ تىلغا ئالمايتتى. بەزىلەر «بۇ بالا ئىمانىغا كەلگەندەك تۇرىدۇ، بۇرۇنىراق شۇنداق بولغان بولسا بۇنداق بالاغىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتى» دېيىشتى. نادىرە ئورۇقلاپ باشقىچىلا بىر قىز بولۇپ قالدى. ئۇ بەزىدە بۇ ھادىسىگە ئۆزى سەۋەبچى بولغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ ئەمدى ئۇنىڭ چاقلىق ئورۇندۇقتىن مەڭگۈ تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلگەنىدى. ئۇ كەتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ بىر پالەچ بىلەن توي قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايتتى. ئۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇ نادىرەنى بەربىر كەتكۈزۈۋېتەتتى. ئۇنىڭ ئەمدى بۇ ئىشلار توغرۇلۇق كۆپ ئويلانغۇسى يوق ئىدى. ھەممە ئىشلار ئاخىرلاشتى. دېرىزىلەر جالاقلاپ، توپا - چاڭلار داۋاملىق كىرىۋەردى. ئۇنىڭ خىياللىرى خۇددى سىرتتىكى توختىماي تەۋرىنىۋاتقان ياغاچلارنىڭ ھەمدەم ئاۋازى بىلەن تەڭ سىرتقا تارقىلىپ كېتەتتى...

كۆنى ئەتىگەن ھەم كەچقۇرۇن ئۆگزىگە چىقىپ ئۇلارنى بىرھازا ئۇچۇرۇپ پەيزى قىلاتتى. مەكتەپتىكى باللار بەزىدە ئۇنى «كەپتەرۋاز مۇئەللىم» دېيىشىپ قوياتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ سەل كەيپى ئۇچاتتى. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ ئۆگزىگە قايتا چىقىپ باقمىدى. كەپتەرلەردىنمۇ بىر يولىلا خوشى كەتتى. لېكىن بۇ كەپتەرلەر ھازىرغىچە بۇ ھويلىنى ئەگىپ كېتەلمىدى. ئۇلار يەنىلا سەككىز ئىدى. ئۇلار يا ياۋا كەپتەر بولۇپ كەتمىدى. ئۇلار بەزىدە تۇساتتىن كۆپىيىپ قالاتتى. ئازلىغاندا يەنە سەككىز بولۇپ قالاتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ تۇخۇم بېسىپ باچكا چىقارغانلىقلىرىغىمۇ قىلچە قىزىقمىدى. ئىككى كەپتەر سىرتتىكى دېرىزە تەكچىسىگە قونۇپ ئۇياق - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. يەنە بىرنەچچىسىنىڭ ھويلىغا چۈشكەنلىكىنى ئىشكتىن كۆرگىلى بولاتتى. بىرسى بوسۇغىغا قوندى، ئاندىن ئۆي ئىچىگە بىرلا قانات قېقىپ كىردى. ئۇنىڭ تۈكلىرى سىپتا، كۆزلىرى قىپقىزىل، يالتىراق ئىدى. ئۇ ئورۇندۇقتىكى كىشىگە بىر قاراپ قويۇپ ئۆي ئىچىدە مېڭىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ئاپئاق تۈكلۈك، بەدىنى ئاقۇش كۈلرەڭ ئىدى. ئۇ، بۇ كەپتەرنىڭ ئادەتتىكى نەسلىدىكى كەپتەر ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. ئۇ، بۇ كەپتەرنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش پاچاقلىرى تۈكلۈك كەپتەر بولمىسا جۈپلەشمەيتتى. كەپتەر ئۇنىڭغا قاراپ مېڭىپ كەلدى. ئۇ مىدىرلىمىدى. ئۇ خۇددى ياۋروپانىڭ باغچىلىرىدىكى ئادەمدىن قورقمايدىغان كەپتەرلەرگىلا ئوخشايتتى. ئۇ سەل بېزەك كۆرۈنەتتى. بىرلا ئۇچۇپ ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە قوندى. بىرلا سەكرەپ يەنە ئۈستەلگە چۈشتى. ئۇ خۇددى ئولتۇرغان بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى ھېچنېمە قىلالمايدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىدىغاندەكلا ناھايىتى ئەركىن ئىدى. ئۇ يەنە يەرگە چۈشۈپ چېچىلغان نان ئۇۋاقلىرىنى يېيىشكە باشلىغانىدى. ئۇ ئەتىگەن چاي ئىچكەندە ئۈستەلنى سۈرتۈۋەتمىگەنىدى. بوران نان ئۇۋاقلىرىنى يەرگە چېچىۋەتكەنىدى. ئۇ كەپتەرلەرنى قوغلىۋەتمىدى. كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي قاراپ ئولتۇردى. ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ كەپتەر ئۇزاقتىن بېرى ئاچ قالغاندەك تۇراتتى. ئۇ كۆڭلىدە بۇ كەپتەرنىڭ قانىتى سۇنۇپ كېتىپ ئۇچالماي قالغىنىدا قانداق بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ باقتى. ئۇ چاغدا بۇ ئۆيدە بىر خىل باراۋەرلىك پەيدا بولغان بولاتتى. ئۇ ئۆزىگە غەلىتە بىر خىل تەسەللى تاپقاندەك ئاچچىق كۈلۈپ قويدى. كەپتەر راستىنلا قانىتى كارغا كەلمەيدىغاندەك يەردە بىرھازا يەيدىغان نەرسە ئىزدەپ ماڭدى. ئۇ سىرتقا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇ بىر ياۋا كەپتەرگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ قانداق قىلىپ ئۆز كەپتەرلىرىگە قوشۇلۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى ئۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىدى. بۇرۇنقى چاغلار بولسا ئۇ، بۇ كەپتەرنى بىر ئاماللار قىلىپ بۇ ئۆيگە كۆندۈرۈۋالغان بولار ئىدى. «ئەگەر كەپتەرلەر ئۇچالمىسا، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ماڭالمىسا، ئۇ چاغدا...» ئۇ ئويلىدى. كەپتەر بىرلا كۆتۈرۈلۈپ دېرىزە تەكچىسىگە قوندى. پەردىلەر بىر چەتكە تۈرۈلۈپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنى ئەخمەق، نېرۋىسىدىن ئاداشقاندەك ھېس قىلدى. كەپتەر يەنە يەرگە چۈشتى.

ئۇ بارماقلىرى ئارىسىدىكى چېچەكنىڭ ھۆل بولۇپ تىتىلىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. بوران پەسىيىپ قالغاندەك تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئاچچىق توپا ھىدى ئۇنىڭ دىماغلىرىنى ئېچىشتۇراتتى. ئۇزاققا قالماي بوراننىڭ يەنە چىقىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. كەپتەر يەردە ئۇياقتىن - بۇياققا توختىماي ماڭاتتى. ئۇنىڭ قۇيرۇقى ئالا - بۇلىماچ ئىدى. ئۇ بۇنىڭغا بالدۇر دىققەت قىلمىغانىدى. ئۇ قولىدىكى تۈرمەكلىشىپ قالغان چېچەكنى مەقسەتسىزلا كەپتەرنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. كەپتەر تۇيۇقسىز مىدىرلىغان بۇ كىشىگە بىرلا قاراپ، چېچەك چۈشكەن يەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇ كەپتەرنى قوغلىۋەتمەكچى بولدىيۇ، يەنە ئۇنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇشىنى خالىدى. «ئەگەر ئۇ ئۇچۇپ كەتسە يەنە كېلەرمۇ؟» دېگەن خىيال ئۇنىڭ ئويىدىن لىپ قىلىپ ئۆتتى. ئۇ مۇشۇ پېتى بۇ كەپتەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋېرىشنى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆزى باققان كەپتەرلەردە يوق بىرنەرسىنى ئۇنىڭدىن سېزىۋالغاندەك بىر خىل كەيپىياتتا ئىدى، بىراق ئۇنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئۇ ئېنىق بىلمەيتتى. پەقەت پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بارا - بارا يېنىكلەۋاتقاندەك، تىترەۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئۇ، بۇ خىل سېزىمنىڭ ئۇزاقراق بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇ يەردە ھېچقانچە ئىش يۈز بەرمىگەنىدى. بۇ كەپتەردە زادى نېمە خاسىيەت باردۇ؟ ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاۋۋالقىدىنمۇ بەكرەك يالتىرايتتى.

دەرۋازىنىڭ ئېچىلغان ئاۋازى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى قالايمىقان قىلىۋەتتى. ھويلىغا كىرگەنلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرى، پاراڭلىرى يېقىنلاشتى. ئۇ كەپتەرنىڭ ئەمدى ئۇچۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ۋاقىت شۇنچە تېز ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ پاق - پاق قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قاناتلاردىن سىرغىغان ھاۋا ئېقىملىرىنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىدى. ئۇ ئورۇنغىچە كۆزىنى ئاچماي جىمجىت ئولتۇردى.




# كومپيۇتېر دۇنياسى ژۇرنىلى

# Computer World



... «كومپيۇتېر دۇنياسى» ژۇرنىلى سىلەرگە قىزغىن سالام يوللايدۇ! . . .

21- ئەسىر يېتىپ كېلىشكە دېمىپ قالدى. ئىنسانىيەت پەن - تېخنىكىسى مىسلىسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. دۇنيا ئۇچۇر ۋە رىقابەت دەۋرىگە قەدەم قويدى. بىز مىسلىسىز بىر ئىنقىلاپنى، بىر ئەسىرنى كۈتۈۋالىمىز. بۈگۈنكى كۈندە كومپيۇتېر بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ئاستا - ئاستا سىڭىپ كىرمەكتە. . .

بىز، ئۇ، مەن - ھەممىمىز كۈتۈۋاتقان كومپيۇتېردىكى ئۇيغۇرچە بىر مەنبە بويۇملىق بارلىققا كېلىشىنى. . .

بۈگۈن ئۈرۈمچى «قىزىل بايراق» يولى كومپيۇتېر بازىرى مىللىي كومپيۇتېر تىجارەت بۆلۈمى بىلەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى بىرلىكتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر بىر نەشرىدىكى تۇنجى كومپيۇتېر ژۇرنىلى - «كومپيۇتېر دۇنياسى» ئاخىرى بارلىققا كەلدى! . . .

## مۇشتىرى بولۇش توغرىسىدا

ژۇرنال پەسىللىك بولۇپ، ھازىر 1999- يىلى 6- ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى 2 سانغا مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىدۇ. مۇشتىرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش ئىشلىرىغا تەھرىر بۆلۈمى بىۋاسىتە مەسئۇل بولىدۇ. ھەر بىر سان ژۇرنالنىڭ باھاسى 5.00 يۈەن. ئادەتتىكى پوچتا پەرۋىتى ئارقىلىق يېرىم يىللىق مۇشتىرى ھەققى 10.00 يۈەننى تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتىپ بەرسىڭىز بولىدۇ. ھەر سان ژۇرنال نەشردىن چىققان ھامان سىزگە پوچتا ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. (ئۈرۈمچىدىكىلەر تەھرىر بۆلۈمىگە كېلىپ پۇل تاپشۇرسا بولىدۇ. ئۈرۈمچىنىڭ سىرتىدىكىلەر ئىسىم - فامىلىسى، ئادرېسى، پوچتا نومۇرى، تېلېفون نومۇرى قاتارلىقلارنى ئېنىق يېزىپ ئەۋەتىشى كېرەك.)

## ئاساسلىق مەزمۇنلار

پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەمەلىيىتىمىز ھەققىدىكى ماقالىلەر؛ خەلقئارا كومپيۇتېر سادىسىدىكى ئەڭ يېڭى يۈزلىنىشلەر، يەر شارى خاراكتېرلىك غۇلغۇلا قوزغاۋاتقان قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى؛ كومپيۇتېر ساھەسىدىكى ھەل قىلىش تېگىشلىك بولۇۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدىكى مۇلاھىزىلەر، مۇشتەرىلەرنىڭ كومپيۇتېر ئىشلىتىش جەريانىدا يولۇققان مەسىلىلەر ھەققىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب؛ خەلقئارا كومپيۇتېر تورى INTERNET ھەققىدىكى بىلىملەر؛ كۆپ ۋاسىتە تېخنىكىسى ھەققىدىكى بىلىملەر؛ كومپيۇتېر تارىخىدا ئاتىلغان مۇھىم ۋەقەلەر خاتىرىسى؛ دۇنيا كومپيۇتېر ساھەسىدىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدىكى قىزىقارلىق ھېكايىلەر؛ كومپيۇتېرنىڭ قاتتىق ۋە يۇمشاق دېتالى ھەققىدىكى تۈرلۈك بىلىملەر؛ كومپيۇتېر تىللىرى، پروگراممىلاش تىزۈش تېخنىكىلىرى ھەققىدىكى بىلىملەر، پروگراممىلاردىن ئۈرنەكلەر؛ خەلقئارا كومپيۇتېر ساھەسىدىكى ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلار؛ كومپيۇتېر ۋىرۇسى ۋە ئۇنى تازىلاش ھەققىدىكى بىلىملەر؛ كومپيۇتېرنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ئومۇمىي ماقالىلەر؛ يېڭىدىن ئىشلەپ چىقىلغان ئۇيغۇرچە يۇمشاق دېتاللارنى تونۇشتۇرۇش؛ ئۇيغۇر كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسلىرىنى تونۇشتۇرۇش؛ كومپيۇتېر بىلەن ئويۇنچۇق، پېرتىچىلىق ئويۇنىدىكى مۇلاھىزە؛ ئويۇنچۇقلار ۋە كومپيۇتېر؛ كومپيۇتېر ھېكايىلىرى؛ كومپيۇتېر رەسساملىقى. . .

يۇقىرىقى مەزمۇنلار بويىچە ماقالە قوبۇل قىلىدىغانلىقىمىز سەمىڭىزدە بولسۇن. تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى، ماقالە يېزىشتا پايدىلانغان ماتېرىياللارنىڭ تىزىملىكىنى قوشۇپ ئەۋەتىشى ئۇنتۇلمىسۇن.

乌市人民路红旗路电脑商场4楼4319室
或寄：乌市新华南路16号《天尔塔格》编辑部


تېلېفون نومۇرى: (0991)2839871، چاقىرغۇ: 9123945 - 98982


ئۇيغۇرسوفت، «كومپيۇتېر دۇنياسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق يولى 66- نومۇر «قىزىل بايراق» يولى كومپيۇتېر بازىرى 4- قەۋەت 4319- ئىشخانا (ئاز سانلىق مىللەت كومپيۇتېر تىجارەت بۆلۈمى)


ياكى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16- قورو «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا- سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك بۆلۈمى






دەۋر ۋە جەمئىيەت تەدبىرىگە ماسلاشقان يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك بۆلۈمى - ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قارىتا «سىياسەتكە ئەتىۋار بېرىش، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن تىزىملىتىش، سودا - سانائەت باشقۇرۇش ۋە ئۆزى ئاچقان بازارلاردىكى يايما ئورۇنلىرى ھەققىنى كېمەيتىش» تىن ئىبارەت «ئىككىنچى ئىككىدە ئەتىۋار بېرىش، ئۈچىنچى كېمەيتىش سىياسىتىنى قوللىنىش بىلەن بىللە، مەخسۇس «ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەسلىھەت سوراش ئورنى» تەسىس قىلدى. نەتىجىدە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 763 نەپەر كىشى يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ چىقىش يولى تاپتى. 88 نەپەر كىشى خۇسۇسىي كارخانا قۇردى، 911 نەپەر كىشى بۇ كارخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن كۈچىنى بۇ خىزمەتكە قاراتسا، يەنە بىر تەرەپتىن يەككە سودا - تىجارەتچىلەر، خۇسۇسىي كارخانىلار ئارخىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىگە قارىتىپ خىزمەتنىڭ ئادىللىقى، باشقۇرۇشنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىگە خاس «سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش» ئوبرازىنى تىكلىدى.







# پىچان ناھىيە چىقتىم يېزىلىق توك باشقۇرۇش پونكىتى




پونكىت باشلىقى ئابدۇرېھىم ئىبراھىم

پونكىت پارتىيە ياچېيكىسىدىكى خادىملار





پونكىتنىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر



خادىملار مەشغۇلات ئۈستىدە

پونكىت 1992 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، 16 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار. يېڭى قۇرۇلغان يىلى يىللىق توك تەمىنلەش مىقدارى 610 مىڭ كىلوۋات سائەت بولۇپ، 1997 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يىللىق توك بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 1 مىليون 83 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، دېھقانلارنى دۆلەت بەلگىلەپ بەرگەن ئەڭ تۆۋەن باھادا توك بىلەن تەمىنلىگەندىن سىرت يەنە يۇقىرىغا 302 مىڭ 800 يۈەن توك پۇلى تاپشۇرغان.

بۇ پونكىتنىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇنداپ، كۆپ قېتىم يېزا ۋە توك بىلەن تەمىنلەش سىيى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

标准刊号ISSN1004-1745　国内统一刊号CN65-1012/I　邮发代号58-83　零售价4.40元